ئەكبەر قادىر

# ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېڭىلىقلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېڭىلىقلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-06755-X
I·2471（民文）定价:15.00元

ISBN 7-228-06755-X
9 787228 067558 >

ئەكبەر قادىر

# ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېڭىلىقلار

*ABDULCELİL TURAN*
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

文学创作新潮/阿克巴尔·卡德尔编. —乌鲁木齐:
新疆人民出版社,2001.10
ISBN7—228—06755—X

Ⅰ.文… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族—少数民族文学:
当代文学—文学评论—中国—维吾尔语 (中国少数民族
语言)Ⅳ.I207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 074901 号

责任编辑: 穆合塔尔·马木提
责任校对: 木尼拉·穆沙江
封面设计: 阿克巴·萨里

# 文学创作新潮 (维吾尔文)

阿克巴·卡德尔著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编 830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 畜 牧 印 刷 厂 印 刷
850×1168 毫米 32 开本 10.75 印张
2001 年 10 月第 1 次印刷 2001 年 10 月第 1 版
印数:1—3,000

ISBN7—228—06755—X/I.2471 定价: 15.00 元

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

ياش ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئەكبەر قادىر 1965 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بۆرتالا شەھىرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجا ناھىيە ئارائۆستەڭ يېزىسىدا ئوقۇغان. 1984 ـ يىلى، شىنجاڭ داشۆ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1989 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان.

ئاپتور 1993 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتشۇناسلىقى بويىچە بىر يىل مەخسۇس بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ھازىر ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا دوتسېنت بولۇپ ئىشلەمەكتە.

ئەكبەر قادىر 1987 ـ يىلى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «كاككۇك گۈلى ۋە كاككۇك كۈيى» ناملىق ماقالىسى بىلەن ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇنىڭ 100 پارچىغا يېقىن ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. «‹ئاقساق بۇغا› پوۋېستى» ھەققىدە، «پوۋېست ئىجادىيىتىمىزدىن دادىلىنىش» قاتارلىق ماقالىلىرى تارىم مۇكاپاتى ۋە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئەكبەر قادىر ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

بۇ كىتابقا ئۇنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇر بىلەن سۆھبەت ............ 1

يازغۇچىدا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلاش
روھى بولۇش كېرەك ............ 12

پوۋېست ئىجادىيىتىمىزدىن دادىلىنىش ............ 31

«ئاقساق بۆغا» ئۈستىدە مۇلاھىزە ............ 42

مۇھەممەتجان سادىقنىڭ مائارىپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات
ئەمگەكلىرى توغرىسىدا ............ 57

قەدىرلىنىدىغىنى خاسلىقتا ئىگە خاراكتېر ............ 72

ھېكايە — «كۆيۈۋاتقان قەبرە» توغرىسىدا ............ 85

«ئازاب» ھېكايىسىدىكى تەنقىدىي روھ ............ 94

يېڭى ئەپسانىچىلىق ۋە «ئايخان» ............ 99

زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت يولى ............ 110

«كاككۇك گۈلى» ۋە كاككۇك كۈيى ............ 120

«جىن سودىسى» مىسالىدا ............ 124

ئۈمىد ئىزدىنىدىغان، تىرىشچان كىشىلەردە ............ 129

بالىلار قەلبىنىڭ ئەينىكى ............ 132

«بالىلار شېئىرلىرى»غا بىر قانچە سۆز ............ 136

«چىراغ ۋە پەرۋانە» نىڭ قىممىتى ............ 141

«ئېلىشىش» ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ............ 143

ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرى ............ 145

ئەدەبىي قوبۇل قىلىش چۈشەنچىسى ھەققىدە ............ 147

ئەدەبىي تەخەللۇس ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز ............ 158

ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىجادىي روھ ............ 161

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ
تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇلاھىزە ........................ 163
«يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمى» نىڭ راۋاج تاپالماسلى-
قىدىكى سەۋەب ........................................ 172
بايرام، مۇراسىملار بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ
مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ................................ 176
شېئىردىكى مۇھىت تەسۋىرى ........................... 183
شېئىردىكى يىراق - يېقىن تەرەپلەر ...................... 188
«ھايۋانات پىسخىكىسى ھېكايىلىرى» توغرىسىدا ... 191
«شەخس ھېكايىلىرى» توغرىسىدا ........................ 195
ئەدەبىياتتىكى كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش ......... 197
ئىجادىيەتتىكى روھىي بېشارەت ئامىللىرى توغرى-
سىدا .................................................. 200
ئەدەبىياتتىكى ئۆز - ئۆزىنى سوتلاش ئېڭى ......... 202
«دىئالوگ ئەدەبىياتى» توغرىسىدا ..................... 206
ھېكايىدىكى ئىككى خىل ۋاقىت چۈشەنچىسى ...... 208
ئەسەر سۇژىتىدىكى يېپىق ۋە ئوچۇق قۇرۇلما ...... 211
ئىككى خىل كىتابخانىنىڭ زۆرۈرلۈكى ................ 213
«مەنىۋى مۇھىتنىڭ ئايلىنىشى» توغرىسىدا ......... 216
كۆپ نەرسە بىلىش ۋە كۆپ نەرسە يېزىش ھەققىدە
.................................................. 220
ياشىسۇن تۇرمۇش ........................................ 225
ھېسام قۇربانىنىڭ لەقىمى نەگە كەتتى؟ ............... 232
«ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» فىلىمىدىن ھېس قىل-
غانلىرىم .............................................. 236
«بۇ چۈش ئەمەس» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى
تەنقىدىي روھ توغرىسىدا .............................. 240
«قۇتادغۇبىلىگ» دە ياشلارنىڭ جورا تاللاش

مەسىلىسى ........ 243
ناخشا ۋە روھ ........ 249
دىلبەر يۇنۇس ۋە موڭغۇل ناخشىچى تېڭگىر ........ 259
ئالىي مەكتەپ يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتۇشى ھەققىدە
مۇھاكىمە ........ 262
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمى ۋە
تۈرلىرى توغرىسىدا ........ 272
شائىرنىڭ قەلىمى شائىرنىڭ قەلبىدۇر ........ 282
پەلسەپىۋى ئويلىنىش ئىقتىدارى نامايان قىلىنغان
ئەسەر ........ 299
چىنلىق ۋە تەسىرات ........ 305
«بىرلىك» ناملىق شېئىرنىڭ تاڭجارىق ئىجادىيىتىدە
تۇتىدىغان ئورنى توغرىسىدا ........ 309
«ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» توغرىسىدا چۈشەنچە ........ 315
«ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ بارلىققا كېلىش
جەريانى ........ 320
تۇنجى خەلقئارالىق ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى —
«بېرن ئەھدىنامىسى» توغرىسىدا ........ 322
«ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» دا ئەسەر ھەققىدە تەكىت-
لەنگەن مەزمۇنلار ........ 324
ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشنىڭ شە-
كىللىرى ۋە تۈرلىرى ........ 327
ئەسەرنى «يوللۇق ئىشلىتىش» قانداق بولىدۇ؟ ........ 330
خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە «ئاپتورلۇق
ھوقۇقى قانۇنى» ........ 333

# يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر بىلەن سۆھبەت

مەمتىمىن ھوشۇر مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدىكى ئىجادى-
يەت ئەمەلىيىتىدە ئۆزىنىڭ مول نەتىجىلىرى بىلەن كىتابخانلارغا
تونۇلغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى. بىز مەمتىمىن ھوشۇر بىلەن
ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە سۆھبەتلەشتۇق. ئەھمىيەتلىك دەپ
قارىغانلىرىمىزنى رەتلەپ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

**سوئال:** سىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يېقىندا ئۇيۇشتۇرغان
كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىناش پائالىيىتىدە ئالدىنقى ئورۇندىكى
يازغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدىڭىز، بۇنىڭغا نىسبەتەن قانداق
ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسىز؟

**جاۋاب:** ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى كىتابخانلارنى ئوقۇسۇن دەپ
يازىدۇ، ئەگەر بىر كىشى جاپا چېكىپ ئەسەر يازسا، لېكىن
ئۇنىڭ ئەسىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابخانلىرى بولمىسا،
مۇنداق يېزىقچىلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟!

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە
مەن مەلۇم ساندا ئۆز كىتابخانلىرىم بارلىقىنى پەملىۋالدىم. بۇ
مەن ئۈچۈن ئىلھام. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىكى يولداشلارغا،
ئەسەرلىرىمنى ياقتۇرۇپ ئوقۇپ، مەن ئۈچۈن بىلەت تاشلىغان
كىتابخانلىرىمغا رەھمەت ئېيتىمەن.

**سوئال:** ئىلگىرى سىز ناھايىتى ئەركىن ۋە ئىختىيارىي
ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىناتتىڭىز، بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ
نەتىجىسىدىن كېيىن سىزدە مەلۇم مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى شەكىل-
لەندىمۇ، قانداق؟ بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان روھىي بېسىم ۋە
جىددىيلىك تۇيغۇسى ئىجادىيىتىڭىزگە قانداق تەسىر كۆرسىتىشى

مۇمكىن؟

**جاۋاب:** شۇنداق، مەندە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى شەكىللەن-
دى. كىتابخانلىرىمىنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۇچۇن تىخى-
مۇ ياخشى يازمىسام بولمايدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم. ئەمما،
يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان يولداشلارغا مەلۇمكى، يازغانلى-
رىمىنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاشلا ياخشى چىقىرىمەن، دەپ ھۆددە
قىلماق تەس.

**سوئال:** ھازىر كىتابخانلار سىزگە بەكلا قىزىقىۋاتىدۇ، بو-
لۇپمۇ خەن زىيۇڭ «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان
قىلىپ (گەرچە ئۇ كىشى سىزنى كۆرمىگەن بولسىمۇ)، ناھايىتى
ئىشەنچلىك قىلىپ «دائىم غەلىتە خىياللارنى سۈرىدىغان، قىزىق
پاراڭلارنى ئۇزۇلدۇرمەي قىلىپ تۇرىدىغان، بازار ئارىلاشقا ئام-
راق كىشى» دەپ خاراكتېر بېرىۋىدى، بۇ قىزغىنلىق تېخىمۇ
كۈچىيىپ كەتتى. بۇ ھەقتە ئازراق ئىزاھات بېرىپ باقسىڭىز.

**جاۋاب:** خەن زىيۇڭ ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز تونۇشماي-
مىز. شۇنداقتىمۇ ئۇ ماقالىسىدە ماڭا: «دائىم غەلىتە خىياللارنى
سۈرىدىغان، قىزىق پاراڭلارنى ئۇزۇلدۇرمەي قىلىپ تۇرىدىغان،
بازار ئارىلاشقا ئامراق كىشى» بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھەقىقەتەن
توغرا باھا بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن بىر يازغۇچىنىڭ يازغانلىرىدىن شۇ
يازغۇچىنىڭ مىجەزى، تۇرمۇش پىسخىكىسىنى بايقىۋالغىلى بولى-
دىكەن، دېگەن يەكۇننى چىقارغىلى بولىدۇ. ئاپتور يازغانلىرىدا
ئۆزىدىن ئاشقى دۇنيانى ۋە مەلۇم جەھەتتە ئۆزىنىمۇ ئىپادى-
لەيدۇ ـ دە!... غەلىتە خىياللارنى دائىم سۈرمىسەممۇ، بەزىدە
ئىختىيارسىز شۇنداق خىياللارغا كېتىپ قالىمەن. خىيال، تە-
سەۋۋۇر — ئىجادىيەتنىڭ قانىتى. قىزىق پاراڭلارنى ئاڭلاشقا
ناھايىتى خۇشتارمەن، ئۆزۈممۇ ئانچە ـ مۇنچە شۇنداق پاراڭلارنى
قىلىپ قالىمەن، بازار ئارىلاشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن.
بازارنىڭ ئۆزى تۇرلۇك مۇددىئادىكى خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ تى-

رىكچىلىكى بىلەن قىزىپ تۇرغان جانلىق بىر سەھنە. سىز بايقاشقا ماھىر بولسىڭىزلا، بۇ يەردە كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان، كىشىنى ئويغا سالىدىغان، كىشىدە يېڭى پىكىرلەرنى پەيدا قىلىدىغان، كەلگۈسىدە يازىدىغان ئەسەرلىرىڭىزگە ماتېرىيال بولالايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر تېپىلىپ تۇرىدۇ.

**سوئال:** سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزدىن كۆپ ھاللاردا تارىخىي، مىللىي، پسىخىك، روھىي جەھەتتىكى جاراھەتلەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.ۋەھالەنكى، بۇ جاراھەتلەر كومېدىيىلىك تۈس بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. بۇ بەزىلەر ئېيتقاندەك ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىپادىسىمۇ ياكى تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي مەنىسىمۇ؟

**جاۋاب:** ئەسەرلىرىمدىكى قەھرىمانلىرىمدا غۇلجىلىقلارنىڭ مىجەزى بار. ئۇلار ھەرقانچە جاراھەتلەنسىمۇ چاقچاقتا، قىزىقچىلىقتا يۈلەپ سەل يېنىكلىۋالغاندەك بولۇشىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ھەرگىزمۇ مەنىسىز ھىجىيىش ئەمەس. بۇ كۈلكىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈر كىنايە، ئاچچىق تەنە يوشۇرۇنغان... يۇمۇرلۇق سۆزلەر، كۈلكە پەيدا قىلىدىغان ۋەقەلەر ئوقۇرمەنگە ئېستېتىك زوق بېرىدۇ. ئۇلار زەردە بىلەن قىلىنىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقان بولسىمۇ، يەنە ئىختىيارسىز كۈلىدۇ. بۇ بەزىدە كىشىگە ئۆزىنى ئۆزى شاڭخو قىلىۋاتقاندەكمۇ تۇيغۇ بېرىدۇ. پەقەت ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەملا ئۆزىنى ئۆزى شاڭخو قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ.

**سوئال:** سىزنىڭ ھېكايىلىرىڭىزدە روھىي جەھەتتىكى غەيرىي نورمال ياكى بىنورمال كىشىلەرنىڭ ئوبرازى كەينى – كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى («ئايخان»، «ساراڭ»، «مۇساپىرلار قاۋىقىدا»، «قىرلىق ئىستاكان» قاتارلىقلار) ۋە بۇلار خېلى كۆپ مۇلاھىزىلەرگە سەۋەب بولدى. بۇ ھەقتە ئازراق ئىزاھات

بېرىشنى زۆرۈر دەپ قارامسىز، قانداق؟

. جاۋاب: روھىي جەھەتتىكى نورماللىق بىلەن بىنورماللىق ئوتتۇرىسىدا زادى قانچىلىك ئارىلىق بار؟ تۇيۇقسىزلا بىر ئادەم ئىككى ـ ئۈچ رومكىنى ئوشۇق ئىچىۋەتسە ھازىرلا يېرىم سارائغا ئاپىرىلىدۇ، كىشى ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمىگەن چاغلاردا كۆتۈلمىگەن ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغۇ؟! ئەدەبىيات ئىنسان روھىنى ئاختۇرىدىغان پەن ئىكەن، ئۇنداقتا ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسمى بولغان «روھىي جەھەتتىن بىنورمال كىشىلەر» مۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ سىرتىدا قالماسلىقى كېرەك.

سوئال: ئىلگىرى «ساددا»، «چۈشىنىشلىك»، «ئېنىق» دېگەن سۆزلەر ئەدەبىياتىمىزدا بەدىئىيلىكنىڭ مۇھىم شەرتى ھېسابلىناتتى، ھازىر «مۇرەككەپلىك» مۇ مۇھىم شەرت بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىڭىز قانداق؟

جاۋاب: پىكىر بەكمۇ يالىڭاچ، ئەسەر قۇرۇلمىسى تولىمۇ ئۇدۇل بولۇپ قالسىمۇ، كىتابخاننى قىزىقتۇرالمايدۇ. كىتابخان ئەسەرنىڭ بېشىنى ئوقۇپلا ئاخىرىدا نېمە دېمەكچى بولغىنىنى پەملەپ بولىدىغان بولسا، ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنى شۇ. ئەلۋەتتە، ئەسەر قۇرۇلمىسى مۇرەككەپرەك، ئىدىيىسى بىر قەدەر كىشىنى ئويغا سالىدىغان قىلىپ بېرىلسە، بەدىئىي ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. تىل مەسىلىسىگە كەلسەك، مېنىڭچە ئەسەر تىلىنىڭ ساددا، چۈشىنىشلىك بولغىنى ياخشى. مەن ئوشۇقچە گادىرماچ قىلىۋېتىشنى، كىتابخانمۇ، ھەتتا يازغۇچى ئۆزىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان قىلىپ يېزىشنى تەشەببۇس قىلمايمەن. گۈزەللىك ئاددىيلىقتا. تەبىئەت ياراتقان نەرسىلەر ئەسلىدىلا گۈزەل، ئۇ ئوشۇقچە ياساندۇرۇشقا موھتاج ئەمەس. بەزىدە بىز ياساندۇرىمەن دەپ، بۇزۇپ قويىمىز. نېمە ئۈچۈن رەڭگارەڭ گۈللەر بېسىلغان چىنىنى سىدام سارجا قىممەت؟ گەپ ئۇنىڭ سالمىقىدا، ماتېرىيالىنىڭ قىممىتىدە.

سوئال: سىز نىڭچە يازغۇچىلارغا باھا بېرىشتە «تۇرمۇشنىڭ مۇنداق تەرىپىگە ئېتىبار بېرىدۇ» دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

جاۋاب: تۇرمۇش دېگەن ناھايىتى كەڭ ساھە، ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ كەتمەكمۇ تەس. مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ ئۆز دىققىتىنى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە تونۇش، ئۆزى ياخشى چۈشىنىدىغان مەلۇم بىر تەرىپىگە كۆپرەك قارىتىشى نورمال ئەھۋال. گەپ تۇرمۇشنىڭ شۇ بىر تەرىپىنى يېزىش ئارقىلىق كۆپ تەرىپىنى يورۇتۇپ بېرىشتە.

سوئال: «پېرسوناژنى ۋەقەلىك مەركىزىگە قويماسلىق، بەلكى ۋەقەلىك ئېھتىياجى بويىچە پېرسوناژ يارىتىپ بېرىش» نى بىز سىزنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىڭىز دەپ قاراۋاتىمىز، سىزچە قانداق؟

جاۋاب: خەن زىيۇڭ ئەپەندى مېنىڭ يېزىش ئۇسۇلۇمنى «تۇرمۇشنى ئەسلىي ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۇسۇلى» دەپ چۈشەندۈردى، راست شۇنداقمۇ ياكى مېنىڭ يېزىش ئۇسۇلۇم سىلەر ئېيتقاندەك پېرسوناژنى ۋەقەلىك مەركىزىگە قويماستىن، ۋەقەلىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن پېرسوناژ يارىتىدىغان ئۇسۇل» مۇ، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، يازغانلىرىم ئارقىلىق مەن پەقەت ھوي ئاغىنىلەر، قاراڭلار، دۇنيادا مۇنداقمۇ ئادەملەر، مۇنداقمۇ ۋەقەلەر بولىدىكەن، ئىشىنەمسىلەر، ئىشەنمەمسىلەر؟!» دېدىم، خالاس.

سوئال: يېقىنقى ئىجادىيەتلىرىڭىزدە غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئېقىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈلۈپ قېلىۋاتقىنىدا شەك يوق. مەسىلەن، «ئۆلۈككە خەت» تە يېڭى ھېكايىچىلىق ئېقىمىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرۇش ئالاھىدىلىكى، «ئايخان» دا «مۇمكىن»، «ئېھتىمال» دېگەندەك ئىككى بىسلىق سۆزلەر، شۇنىڭدەك پەرەز تۈسىدىكى ئىزاھاتلار بار. سىز راستىتىنلا بىرەر ئېقىمغا يانداشقاتامسىز، قانداق؟

جاۋاب: ژۇرناللاردىن غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ئېقىملىرىنى تونۇشتۇرغان ماقالىلەرنى ئوقۇپ باقتىم. راستىمنى ئېيتسام تۈزۈكرەك بىر نېمە چۈشەنمىدىم. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كاللامدا ھېچنېمە قالمىغاندەك بولۇپ قالدى. بۇ ئېقىملار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ قويسا، بىلىپ قويسا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسىنى دورايمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. مۇنداق بىھۇدە ئۇرۇنۇش «رەڭمۇرەڭ بولاي دېدىم، ھېچنېمە رەڭ بولالمىدىم» دېگەندەك نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بىرەر ئېقىمنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىپ يېزىپ باقسا بولىدۇ، ئەمما دائىم ئەينەن تەقلىد قىلىشتىن نېرى بارالماي چۆگىلەپ يۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ ئىش ئەمەس. دوراش، تەقلىد قىلىش ھېچ بولمىغاندا پۈتۈن ئىجادىيەت ئەمەس. ئەدەبىياتىمىزدا يېڭىلىق يارىتىش قىزغىنلىقى تېخى ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتىدۇ. بىز ئىزدىنىش يولىدا تەكرارلىنىش ۋە ئوخشىماسلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆز مۇھىتىمىزغا ماسلىشالايدىغان «يېڭى سورت»لارنى ئاخىرى تاپىمىز. ھازىرچە مەن ئۆزۈمنى غەربنىڭ بىرەر ئەدەبىيات ئېقىمىغا ياندىشىپ كېتىپ بارىمەن، دەپ ئېيتالمايمەن.

**سوئال:** سىزنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئىزدىنىشىڭىز باشقا قەلەمكەش دوستلىرىڭىزغا قارىغاندا زور نەتىجىگە ئېرىشىۋاتىدۇ. يېقىندا ئېلان قىلىنغان «خاسىيەتلىك قار» ناملىق پوۋېستىڭىز بۇ جەھەتتە بىزنى قايىل قىلدى. بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: رايونىمىزدا چەت ئەل ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇشتا «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. ئۇ بىزنى دۇنيادىكى خىلمۇخىل خەلقنىڭ ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلىرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئەمما، بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىز تەرجىمە ئەسەرلىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ تىلىدا

ئانچە ئالاھىدىلىك يوق. بۇ ئەسەرلەر بىزگە يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا بىر ياكى بىر نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئاندىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئەسلىي ئاپتورنىڭ تىلى تەرجىمان تىلىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئەسەر ۋەقەلىكىنى قۇراشتۇرۇش، باش ـ ئاخىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ. مەن ئۇلاردىن ئىپادىلەش شەكلىدە ئەركىنرەك بولۇشنى ئۆگىنىۋالدىم. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئەنئەنىۋى يېزىش ئۇسۇلىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشمۇ ھاجەتسىز. ئۆز زامانىسىنىڭ ئەدەبىيات ئۇستىلىرى ئاشۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن ئاجايىپ ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئۇنى بىراقلا چۆرۈۋېتىپ، غەربنىڭ مەلۇم بىر شەكلىنى قوغلىشىپ كەتسەك، بىر رامكىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىمىزنى ئىككىنچى بىر رامكىغا سولىۋالغان بولىمىز. مەسىلەن، مەن «كۆز يامغۇرى» دېگەن ھېكايەمنى باشتا يېڭىچە بىر شەكىلدە يازماقچى بولغانىدىم، زادىلا قاملاشتۇرالمىدىم. ئاخىرىدا ۋەقەنى ۋاقىت تەرتىپى بىلەن تىزىپ، قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى ئاستا ـ ئاستا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان كونا ئۇسۇلدا يېزىپ چىقتىم. شەكىل — ئىدىيىنى، ۋەقەنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان بىر ۋاستە. ئەنئەنىدىنمۇ پايدىلىنىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي تۇرمۇشىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەپلىك بولغان، كىتابخانلىرىمىزنىڭ قوبۇل قىلىش ئادىتىگە يېقىنلاشقان يېڭى ـ يېڭى ئىپادىلەش شەكىللىرىنىمۇ يارىتىشىمىز لازىم. ماڭىدىغان يولنىڭ كەڭ بولغىنى ياخشى. «خاسىيەتلىك قار»نى مەن ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان پوۋېست دەپ قارىمايمەن.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تىل جەھەتتىكى ئاممىباپلىقى، راۋانلىقى، يۇمۇرلۇقلۇقى، ئۆتكۈرلۈكى ھەققەتەنمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بەزىلەر سىزنى كاتتا سورۇن ۋە يىغىلىشلاردا

كەمدىن ـ كەم ئۇچراتقانلىقىغا قاراپ، سىزنى كۆپرەك ئاددىي
كىشىلەر بىلەن ئەسرالىشىشنى ياقتۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەر-
لىرىنىڭ تىلى خەلق تىلىغا يېقىن، دېيىشىۋاتىدۇ. بەھۆرمەتلىك
بولسىمۇ سوراپ باقايلى، بىزمۇ سىزنىڭ ئاددىي كىشىلەر بىلەن
«ئۈستى ئوچۇق» قاۋاقخانىلاردا سورۇن تۈزۈشكىنىڭىزنى كۆر-
گەنىدۇق، دېمەك، يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ ئاساسى بارمۇ، قانداق؟
**جاۋاب:** بۇ مېنىڭ تۇرمۇش قارىشىم، مىجەزىمگە مۇناسى-
ۋەتلىك مەسىلە. رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بەكمۇ
داغدۇغىلىق سورۇنلاردا ئۆزۈمنى تازا ئەركىن ھېس قىلالماي-
مەن. ئۇ يەردىكى ياسالمىلىق، بەھۇدە تەكەللۇپلار كىشىنى ھار-
غۇزۇۋېتىدۇ. تەبىئىي قۇراشتۇرۇلۇپ قالغان سورۇنلاردا بولسا،
سەمىمىي گەپلەرنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. كىشى راھەتلىنىدۇ.
**سوئال:** سىزچە يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە يېزىق-
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى مۇددىئاسى ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى-
گە قانداق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن؟
**جاۋاب:** بىر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، مىجەزى، قىزى-
قىش دائىرىسى، تۇرمۇش ھەۋىسى، تەربىيىلىنىشى، يېزىقچىلىق
مۇددىئاسى جەزمەن شۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە ھەرخىل تەسىر
كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ يازغانلىرىدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.
**سوئال:** «بۇرۇت ماجىراسى» ناملىق ھېكايىڭىز ھەققىدى-
كى مۇلاھىزىلەردە بازار باشلىقىنىڭ ئوبرازى تۇرمۇشتىكى ئادەم-
لەرگە تەتبىقلىغىلى بولمايدىغان، ئادەملەردىكى قورقۇمسىراش
ئېڭىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر خىل مەنىۋى سىمۋول دەپ
قارالدى. بۇنداق بولغاندا ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتەمدۇ، قانداق؟
**جاۋاب:** مېنىڭچە تۇرمۇشتا ھېلىمۇ «بازار باشلىقى» دەك
ئادەملەرنى ئۇرغۇن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇنى «ئادەملەردىكى
قورقۇمسىراش ئېڭىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر خىل سىمۋول»

دەپ قاراشنىڭ ئۆزى «تۇرمۇشتىكى مەلۇم ئادەملەرگە تەتبىقلىغىلى بولىدۇ» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. تەتبىقلىغىلى بولمايدىغان نەرسە قانداق قىلىپ مەلۇم بىر ئاڭغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ؟ ئەدەبىيات تۇرمۇشتىكى بەزى نەرسىلەرنى ئەينەن كۆرسەتسە، مەلۇم نەرسىلەرنى سىمۋوللاشتۇرىدۇ. قارىسىڭىز تۇرمۇشتىكى مەلۇم بىر نەرسىگە ئوخشايدۇ ـ يۇ، تازا سىنچىلاپ قارىسىڭىز يەنە ئوخشىمايمۇ قالىدۇ.

سوئال: ئەدەبىياتنى تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرۇش ھەققىدە يەنە قانداق قاراشلىرىڭىز بار؟

جاۋاب: ئالدى بىلەن بىز تۇرمۇش دېگەن مۇشۇ ئاتالغۇنىڭ مەنە دائىرىسىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز كېرەك. ئادەتتە بىز تۇرمۇش دېگىنىمىزدە، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر، ئادەملەر بىلەن جەمئىيەت، تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە بولۇپ تۇرىدىغان ئالاقە — چىن ھەقىقىي ئىشلارنى كۆزدە تۇتىمىز. تۇرمۇشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم تەرىپىمۇ بار، يەنى ئادەمنىڭ يېگانە تۇرغاندىكى تەپەككۇرى، سۈرىدىغان خىياللىرى، قىلىدىغان ئارزۇلىرى، غەلىتە قىلىقلىرىمۇ تۇرمۇش. بەزى نەرسىلەر رېئال تاشقى دۇنيادا مەۋجۇت بولسا، يەنە بەزى نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا، تەپەككۇرىدا مەۋجۇت. «تۇرمۇش چىنلىقى» دېگىنىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات رېئال، بار نەرسىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ قالماستىن، يەنە تېخى بولمىغان ياكى بولىدىغان، بولۇش ئېھتىمالى بولغان نەرسىلەرنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ يارىتالىشى كېرەك. مەيلى سىز چىن نەرسىنى يېزىڭ ياكى ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرنى يارىتاقچى بولۇڭ، مەلۇم تۇرمۇش ئاساسىڭىز بولمىسا بولمايدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر شەرت.

سوئال: دەۋرىمىزدىكى كىتابخانلارنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئەدەبىياتىمىزنى دۇن-

ياغا يۈزلەندۈرۈش مەسىلىسىدە قانداق ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىڭىز بار؟

جاۋاب: مېنىڭچە، ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنىمىز دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئەمەس، ئۆز خەلقىمىزگە يۈزلەندۈرۈش مەسىلىسى بولۇشى كېرەك. ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ناھايىتى كۈچلۈك مىللىيلىققا ئىگە نەرسە. كىمگە، نېمىگە، قايسى دائىرىگە تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان سەنئەتنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر زېمىندىكى خەلق ئۆز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى شۇ تۇپراقتا، كۈچلۈك مىللىي پۇراققا ئىگە قىلىپ ياراتقاندىلا ئاندىن پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تولۇقلىنىشىغا ھەسسە قوشقان بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى تىكلەپ، ئۇنۇملۇك راۋاجلاندۇرالىساق، ئۆزگە خەلقلەر ئۇنى ئاشۇ مىللىيلىقى، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاخىر بىر كۈنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئوشۇقچە داۋراڭدىن كۆرە ئەمەلىي ئەمگەك لازىم.

**سوئال:** سىز ھازىر رايونىمىزدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچىلارنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قانداق قارايسىز؟ ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولامدۇ؟

**جاۋاب:** ياشلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ كۆرىمەن. ئەدەبىيات سېپىمىزدە ھازىر بىر تۈركۈم غايىلىك، ئەتراپلىق بىلىمگە، مەلۇم بەدىئىي دىتقا ئىگە ياشلىرىمىز يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ.

**سوئال:** سىز مەلۇم بىر ئەسەرنى يېزىۋاتقاندا ئىككىنچى بىر ئەسەرنى يېزىش ئۈستىدىمۇ ئويلىنامسىز؟ يىرىكرەك بىر ئەسەر يېزىشنى ئويلاۋاتامسىز، قانداق؟

**جاۋاب:** شۇنداق بولىدۇ. بىر ئەسەرنى يېزىۋاتقاندا، يېزىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى ئەسەر ھەققىدە ئوي پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ كاللىدا پىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ

تۆرىدۇ... باشقىلارنى دوراپ بىرەر پارچە رومان يېزىپ باقسام، دەپ ئويلاۋاتقىنىمغا ئۇزۇن بولدى. ئىشنى ھازىرچە رەسمىي باشلىيالمىدىم. مەن ئانچە مەھسۇلاتلىق ئاپتور ئەمەس.

**سوئال:** بۇ قېتىمقى باھالاشنىڭ نەتىجىسى زوردۇن سابىر بىلەن ئەختەم ئۆمەرنى سىزنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىڭىزگە ئايلاندۇردى، سىز بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزىڭىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى خالامسىز؟

**جاۋاب:** ياخشى يازىدىغانلار باھالاش نەتىجىسىدىكى ئاشۇ بىر قانچە ئادەملەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەدەبىياتىمىزغا بۇرۇندىن تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان تالانتلىق ئەدىبلىرىمىز بار. مەسىلەن، ئۆتكۈر ئەپەندى چوقۇم باھالىنىشى كېرەك ئىدى. بەلكىم، ئۇ كىشى شېئىر ھەم پروزا ئەسەرلىرى يازغاچقا، بېلەتلىرىنىڭ سانى چېچىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

زوردۇن سابىر بىلەن ئەختەم ئۆمەر مېنىڭ رىقابەتچىلىرىم ئەمەس. ھەر ئۈچىلىمىزنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىمىز، يورۇتۇپ بېرىش ئۇستىدە ئىزدىنىۋاتقان تەرەپلىرىمىز ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. تىل ئىشلىتىشتە ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار. ماڭا بولغان تەسىرى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس.

# يازغۇچىدا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلاش روھى بولۇش كېرەك

## يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن سۆھبەت

سوئال: چىلىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر شائىرى پابلونېرۇدا «ناۋادا سىز چىلىنىڭ زۇڭتۇڭى بولۇپ قالسىڭىزمۇ يەنىلا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋېرەمسىز؟» دېگەن سوئالغا: «ئىجادىيەت ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھاۋاغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن نەپەسلەنمىسەم ياشىيالمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنكەن. بىز بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزدىمۇ مۇشۇنداق روھنىڭ بولۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمىز. سىزچۇ؟

جاۋاب: ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشكە ھەقىقىي تۈردە بەل باغلىغان، خەلققە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ۋە ئۇنىڭغا قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان يازغۇچىلاردىلا مۇشۇنداق روھ بولىدۇ.

بۇنداق روھ ھەقىقەتەن قىممەتلىك، قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

بىلىشىمچە، پابلونېرۇدا شېئىرىدا خاھىشچانلىققا ۋە خەلقچىللىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان شائىر. ئۇنىڭ شېئىرىيەت قاراشلىرىنى مەن بەك ياقتۇرىمەن. ئۇ، شېئىردا جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى چوڭ ـ چوڭ تېمىلار ئىپادىلىنىشى، رېئال ئىجتىمائىي كۆرەش ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى؛ شائىر خەلقنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىقى، خەلق بىلەن

بىللە ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئېسىل شېئىرلارنى يازالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە شائىر خەلق ئاممىسىنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق ۋە مول تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن كۈيلىشى؛ تەبىئەت، ۋەتەن، خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى چوڭقۇر ئىپادىلىشى؛ ئىلغار غايە ۋە ئۈمىدىنى ئىزهار قىلىپ تۇرۇشى؛ چىرىكلىك، ياۋۇزلۇقلارنى قورقماي ئېچىپ تاشلىشى كېرەك، دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

دېمەك، پابلونېرۇدا ئىجادىيەتنى مانا مۇشۇنداق نۇقتىدا تۇرۇپ چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ مەيلى قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر ئىجادىيەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى يۈرەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويالىغان.

ئىلگىرى بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ خېلى ئىجتىھاتلىق ياش ئەدىبلەر بارلىقا كەلگەنىدى. كېيىنچە نېمە ئۈچۈندۇر ئىجادىيەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالماي ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. بۇنىڭدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن باشقا ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا ئىجادىيەتكە نىسبەتەن يالقۇنجاپ تۇرغان بىر خىل قىزغىنلىق ۋە مۇھەببەت كەم بولسا كېرەك. يەنە بەزىلەر ئىجادىيەتنى پۇل تېپىش، شۆھرەت قازىنىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى، دەپ قارىۋالدى.

بۇنداق يازغۇچىلار ئىجادىيەت يولىدا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋە ئىجادىيەتنىڭ مۇشكۇللىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ - دە، ئوڭايلا سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئىجادىيەت ئەڭ مۇشكۇل، ئەڭ جاپالىق ئەمگەك. بىز بۇ نۇقتىنى تازا چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتەلمەيۋاتىمىز. شۇڭا، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنى تونۇتۇش خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ئاز بولۇۋاتىدۇ. يازغۇچىلىرىمىزدا بولسا، خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئىپادىلەشكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كەمچىل. مېنىڭچە بۇنداق تۇيغۇ كەمچىل بولسا، ئىجادىيەتنى ئىز-

چىل داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

سوئال: سىزنىڭ بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىڭىزغا ئۇزۇن يىللار بوپتۇ. ئۆز مىللىي تۇرمۇشىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىش ئىجادىيىتىڭىزگە تەسىر كۆرسەتمىدىمۇ؟

جاۋاب: بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىمغا ھەقىقەتەن ئۇزۇن يىل بولدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان ۋاقتىمنى قوشقاندا بۇ يىل دەل 30 يىل بوپتۇ. ئادەم ئۆمرىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر كەلگۈدەك ۋاقتىم بېيجىڭدا خىزمەت بىلەن ئۆتۈپتۇ. بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز مىللىتىدىن، ئۆز مىللىي تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ ياشاش ھەقىقەتەن ئېغىر ۋە ئازابلىق. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئادەمدە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى بولمىسىمۇ بولمايدۇ. پايتەختتە مىللىتىمىزنىڭ ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن رادىئو ئىستانسىسى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشى، يازغۇچىلار قوشۇنىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن مەخسۇس مىللىي نەشرىيات تەسىس قىلىپ بېرىلگەن. ئەمدى ئۇنى ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلدۇرۇش، خەلقىمىزنى سۈپەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىش تامامەن ئۆزىمىزگە باغلىق. مەن مۇشۇ ئوي - خىيال بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. دەرۋەقە، بېيجىڭدا تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆز يۇرتۇمدىكىدەك ئۇنچە ئەۋزەل شارائىت يوق. ئېتىز - قىرلاردىكى شوخ، ياڭراق ناخشىلار، ھېيت - ئايەم، توي - تۆكۈنلەردىكى كۈلكە - چاقچاقلار، بېيىت - قوشاق، ئېيتىشىشلار… پەقەت چۈشۈمدىلا ئايان بولىدۇ. ياخشى يېرى، بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقىنىمدىن بۇيان ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم دېگۈدەك شىنجاڭغا بېرىپ - كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ كەلدىم.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن سودىگەر، تىجارەتچىلەر

كۆپلەپ كېلىپ، بېيجىڭ كوچىلىرىنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇردى. ئۇيغۇرلار مەركەزلەشكەن كوچا، رەستىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ يەرلەرنى ئايلانسىڭىز ھەر خىل پاراڭلارنى ئاڭلايسىز. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، ئېڭىدىكى يېڭىچە چۈشەنچىلەرنى چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەس. ئىچكىرى رايونلاردىكى تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت كۆز قاراشلىرى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت قاراشلىرىمىز بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ روھى ئاجايىپ بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىمۇ بايقاپ قالىسىز. مەن مۇشۇ ھەقتە يىرىكرەك بىرەر پارچە ئەسەر يېزىش ئويىدىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا بېيجىڭغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان دوست - بۇرادەرلىرىم ۋە قەلەمداشلىرىم مېنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ھەر خىل خەۋەر، ئۇچۇر، يېڭىلىقلارنى شۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىنمۇ ئاڭلاپ تۇرىمەن. ئەمما، بۇلار يەنىلا ئۆز خەلقىمىزنىڭ قوينىدا ياشىغاندىكىدەك كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقى بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، مىللىي تۇرمۇشتىن مەلۇم دەرىجىدە ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئىجادىيىتىمگە كۆرسەتكەن بەزى تەسىرلىرىدىن خالىي ئەمەسمەن.

سوئال: كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ قايسى خىل ئالاھىدىلىكلىرىگە بەكرەك دىققەت قىلىسىز؟

جاۋاب: بۇنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئىزھار قىلىش تەس. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز پۈتمەس - تۈگىمەس بىر خەزىنە. ئۇنىڭدا كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇرغۇن ئۈنچە - جاۋاھىراتلار بار. بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك جەلپ قىلارلىقىنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈكلىكىدىن ھەيران قالىمەن. كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز ئالدى بىلەن پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىنتايىن باي. بۇ بەلكىم بىزنىڭ پەلسەپە تارىخىمىز بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ سىڭىشىملىكىدىن بولسا كېرەك... كلاسسىك شائىرلىرىمىز تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. يەنە بىر

مۇھىم تەرەپ كلاسسىكلىرىمىز خەلقىنىڭ مۇڭ - زارىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇش، تۇرمۇشنى پەردازلىماسلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەن ئېھتىمال بۇ جەھەتكە بەكرەك دىققەت قىلسام كېرەك.

سوئال: ئەسەرلىرىڭىزدىكى پېرسوناژلاردىن كىتابخانلار كۆپىنچە «ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولۇپ قاپتۇ» دەپ ئاغرىنىدۇ. مەقسەتلىك شۇنداق ئىسىم قويامسىز ياكى بۇ بىر تاسادىپىيلىقمۇ؟

جاۋاب: كىتابخانلىرىم ئىچىدىن كىمنىڭ ۋە نېمە ئۈچۈن ئاغرىنغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئېھتىمال بۇ سىزنىڭ قىياسىڭىزدۇر. لېكىن، بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئېيتسام بولىدۇ. ئىسىم قويۇشتا تاسادىپىيلىق مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ئىسىملار مەقسەتلىك ھالدا شۇنداق قويۇلغان. نېمىشقا دېسىڭىز، ھەر قانداق يازغۇچى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ جەلپ قىلارلىق، تەسىرلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز پېرسوناژلىرىنى مەلۇم خاسلىققا ئىگە قىلىشقا تىرىشىدۇ. خاسلىققا ئىگە قىلىش بەزىدە پېرسوناژ ئىسمى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىسمىنىڭ جىسمىغا لايىق بولۇشى، ئەگەر قاملاشتۇرالىسىڭىز ئەسىرىڭىزگە يېڭى ئېستېتىك ئۇنۇم ئېلىپ كېلىشى مۇمكىنمۇ؟! بۇ جەھەتتە مەن بەزى ئوبرازلارنى يامان ئەمەس ياراتتىم، دەپ ئويلايمەن.

سوئال: ئىجادىي ھاياتىڭىزدا يولۇققان ئوڭۇشسىزلىقلار بارمۇ؟ بولسا سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

جاۋاب: مېنىڭچە، ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كېتىدىغان يازغۇچى يوق. ئىجادىيەت ئىنتايىن نازۇك ۋە جاپالىق جەريان بولغاچقا ھەر قانداق بىر يازغۇچى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

1963 - يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇ-

ۋاقتىمدا تۇنجى شېئىرىم ئېلان قىلىندى. ئەمما ئىجادىيەت-
كە ئوتتەك قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان مەزگىللىرىم بالايىئاپەت-
لىك يىللارغا توغرا كېلىپ خازان بولدى. بۇنىڭغا بەكمۇ ئېچىنى-
مەن. ئومۇمەن ئىجادىيەتتە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ساقلىنىش قى-
يىن. ئوڭۇشسىزلىق ئىجادىيەتتىكى بىر خىل ھادىسە سۈپىتىدە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىجادىيەت ئاخىرلاشمىغىچە ئوڭۇشسىز-
لىق ئاخىرلاشمايدۇ. ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ
قېلىشتىن كۆرە، ئۇنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن مىڭ ئەلا،
دەپ قارايمەن. بەزىدە مەن شۇنداق قىلدىم.

سوئال: ئىجادىيىتىڭىزدە نۇقسان - سەۋەنلىكلەرمۇ بارمۇ؟
ئېتىراپ قىلىشنى خالامسىز؟

جاۋاب: دۇنيادا ساپ ئالتۇن بولمىغىنىدەك، ئىجادىيەت
ئىشلىرىمۇ نۇقسان - سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. مېنىڭ
ئىجادىيىتىممۇ ئەلۋەتتە شۇنداق. بىراق، يازغۇچى بولغان ئادەم
ئۆزىدىكى نۇقسان - سەۋەنلىكلەرنى ئوڭايلىقچە ھېس قىلالمايدۇ.
ھېس قىلغانلىرىمنى ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلىمەن. ھېس قىلىشىم-
چە ئىجادىيىتىمدە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇش دائىرىسى جەھەتتە
قانائەتلىنەرلىك كەڭلىك يارىتالمايۋاتىمەن. يازغانلىرىمدا بەزىدە
تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بۆلىكى، ئادەملەر مۇناسىۋىتىدىكى قىسمەن
تەرەپلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇشى مۇم-
كىن. تىل مەسىلىسىدە، ئەسەرلىرىمدە ئىشلىتىلگەن تىل ئومۇ-
مەن زىيالىيلار تىلى، جۈملە قۇرۇلمىسى بىر قەدەر ئېغىر ۋە
مۇرەككەپ، گەرچە كىتابخانلار ئىچىدە مۇشۇنداق مۇرەككەپلىكنى
ياقتۇرىدىغانلار بولسىمۇ، ھازىرقى ئومۇمىي سەۋىيە جەھەتتىن
ئېيتقاندا، تىلنىڭ يەنىلا ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، ئاددىي بول-
غىنى ياخشى، مېنىڭچە ئۆز ئىجادىيىتىدىكى نۇقسان - سەۋەنلىك-
لەرنى ئېتىراپ قىلىش ھەرگىزمۇ يازغۇچىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى
چۈشۈرىۋەتمەيدۇ. ئەكسىچە يوشۇرغانسېرى، ئېتىراپ قىلمىغان-

سىرى ئىش ئەتۇرىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئېتىراپ قىلىشنى خالىماسلىق — ماھىيەتتە تۈزىتىشنى خالىمىغانلىق. تۈزىتىشنى خالىمىساڭ ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى قانداق قىلىپ ئۆستۈرەلەيسەن؟ تۈزەتمىگەنسىرى نۇقسان تېخىمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ. ھەتتا يازغۇچىنى كىتابخانلار نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئاقىلانىلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

سەۋەنلىكنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا بىر يازغۇچى ئۇچۇنلا ئەمەس، نۆۋىتىدە ئومۇمىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ بالدۇرراق روناق تېپىشى ئۇچۇنمۇ ئوخشاشلا زىيانلىق! ئىجادىيىتىمدە يەنە باشقا سەۋەنلىك - نۇقسانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە تەنقىدچىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاجمەن.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىزدە زىيالىيلار تېمىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. سىز دېھقان خاراكتېرىگە قىزىقمامسىز؟

**جاۋاب:** يازغۇچى ئۆزىگە بەكرەك تونۇش بولغان تۇرمۇشنى كۆپرەك يازىدۇ. ئۆزۈم دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسامۇ، ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئائىلىدىن كىچىكلا ئايرىلىپ كەتتىم. ھازىرغىچە ئۆمرۈم زىيالىيلار ئارىسىدا ئۆتتى. زىيالىيلار تۇرمۇشىغا بىر قەدەر پىششىق بولغاچقا، بۇ ھەقتە كۆپرەك يازدىم. دېھقان تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلىرىمغۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن: «داغدا قالغان قىز» ، «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» قاتارلىق پوۋېستلىرىمدا دېھقان خاراكتېرى يارىتىلغان. لېكىن، راستىنى ئېيتقاندا بۇ دېھقانلار ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلمىگەن زىيالىي ياشلار بولغاچقا، ئۇلاردا دېھقان خاراكتېرىگە خاس بولغان ھەقىقىي خىسلەتلەر يەنىلا كەم. دېھقان ئوبرازى بار بولسىمۇ ئۇلار ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان دېھقان خاراكتېرى سۈپىتىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلمەيدۇ. پەقەت زىيالىي ياشلار ئوبرازى ئۇچۇن ۋاستىلىق رول ئوينايدۇ. مۇشۇنداق زىيالىي ياشلار تۇرمۇشى تېخى قولۇمدىن چىقمىغان «جانان نې-

مىشقا يىغلايدۇ» ناملىق رومانىمدا تېخىمۇ ئەتراپلىق ئەكس ئەت-
تۈرۈلىدۇ. بۇ رومانىنى يېزىۋاتقىنىمغا بەش يىلچە بولغان بولسى-
مۇ، خىزمەتتىكى ئالدىراشلىق ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇنى
ۋاقتىدا تاماملاپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق
بولالمايۋاتىمەن.

**سوئال:** مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىجادىيىتىگە قانداق قاراي-
سىز؟

**جاۋاب:** مۇھەممەت باغراش ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە تاي-
نىپ يېتىشىپ چىققان ئىقتىدارلىق يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى
يېڭىلىق ئامىللىرىغا خېلى باي. مىللىي ئاڭ، مىللىي تۇرمۇشى-
مىزدىكى تېخى قېزىلمىغان تەرەپلەرنى يورۇتۇپ بېرىش، ئۇنىڭ
بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە مۇھەم-
مەت باغراشنى نەتىجىلىك ئىزدىنىۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ-
نىڭ ھېكايىلىرىدىكى ئوبرازلار پوۋېستلىرىدىكى ئوبرازلارغا قارى-
غاندا جانلىق ھەم تەسىرلىك يارىتىلغان. بىر مەزگىل مۇھەممەت
باغراشنىڭ نامى بۈگۈنكى زامان مۇدېرنىزم ئەدەبىياتى ئېقىملىرى-
نىڭ نامى بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.
كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، تۈرلۈك ئە-
دەبىيات ھادىسىلىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ يۇقىرىلىشىغا ئە-
گىشىپ دەسلەپ تېڭىرقاپ قالغان كىتابخانلارمۇ ھازىر ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىدىن تېگىشلىك زوق ئالالايدىغان بولۇۋاتىدۇ. گەپ ئى-
جادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئىجادىيەت روھى بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشتا.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىز بىلەن تۇرمۇشىڭىزنىڭ مۇناسىۋىتى
ئۈستىدە ئاز - تولا پىكىرلىشىشنى خالامسىز؟ مەسىلەن، «ئۇ-
چۇپ كەتكەن دۆلەت قۇشى» مىسالىدا.

**جاۋاب:** ئەسەرلىرىم بىلەن تۇرمۇشۇم ئوتتۇرىسىدا ئورگا-
نىك باغلىنىش يوق. ئەمما، ئىجادىيەتتە بەزى ھاللاردا بەزى

يازغۇچىلارنىڭ ئۆز تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئە-
پادىلىنىپ قېلىشىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ھازىرقى دۇنيا
ئەدەبىياتىدا بۇنداق ئەسەرلەر ھەتتا بازارلىق ئەسەر بولۇپمۇ قېلى-
ۋاتىدۇ. لېكىن، مەن ھازىرغىچىلىك بۇنداق ئەسەر يېزىپ باق-
مىدىم. «ئۇچۇپ كەتكەن دۆلەت قۇشى» تېخىمۇ شۇنداق.

سوئال: مەلۇم بىر داڭلىق ئەدىب «شېئىر كىشىلەرنىڭ
ھايات قېلىشىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۆلۈشىگىلا ياردەم
بېرەلەيدۇ» دەپ ئېيتىپتۇ. بۇ سۆزگە سىز قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئېھتىمال
بۇ سۆزنى ھېلىقى ئەدىب ئۈمىدسىزلىكنى، چۈشكۈنلۈكنى، تەر-
كىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان شېئىرلارغا قارىتىپ ئېيتقان
بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە ياخشى شېئىرلار كىشىلەرنى ئۈمىد-
ۋارلىق بىلەن ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ياخشى شېئىر خەلقنىڭ
قەلبىنى يورۇتىدىغان مەشئەل، دۈشمەنگە زەربە بېرىدىغان خەن-
جەر بولالايدۇ. ۋېنگرىيىنىڭ داڭلىق شائىرى فېدۇفىنىڭ شې-
ئىرلىرى ئەينى ۋاقىتتا مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى كۈرەش قى-
لىۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى تېخىمۇ ئۇرغۇت-
قان، ئۇلارنىڭ ئازادلىق يولىدا مەردانىلىق بىلەن تېخىمۇ ئالغا
ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بەرگەنىدى. دېمەك، شېئىرىيەتتە تولىمۇ
غايىۋى تېمىلارغا بېرىلمەي رېئاللىقنى، ئۇنىڭغا بولغان چىن
ھېسسىياتىمىزنى ئاممىباپ تىل بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ يې-
زىشىمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك.

سوئال: پىكىرلىرىڭىزدىن قارىغاندا «گۈڭگا شېئىر» لارنى
ياقتۇرمايدىغان ئوخشىمامسىز؟

جاۋاب: ياق، ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ دەۋاتقىنىم شېئىردى-
كى خاھىشچانلىق مەسىلىسى. «گۈڭگا شېئىر» دېيىلىۋاتقان بۇ
شېئىرلار ئىچىدە كىشىگە يۇقىرى بەدىئىي زوق بېرىدىغان شې-
ئىرلارمۇ بار. كىتابخانلار بۇنداق شېئىرلارنى ئەلۋەتتە ياقتۇرى-

دۇ. «گۆڭگا شېئىر» لار شېئىرىيەتتىكى بىر ئېقىم سۈپىتىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە دەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇنداق بىر ئۇقۇشماسلىقمۇ بار: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، مەن بىلەن ئىسىمداش بولغان مۇھەممەت ئىمىن ئەپەندى ئوبزورچى مۇھەممەت پولاتقا گۆڭگا شېئىرلار توغرىسىدا بىر پارچە خەت يازغانىكەن. مۇھەممەت پولاتنىڭ جاۋاب خېتى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندا كىتابخانلار بۇ خەتنى مېنى يازغان دەپ چۈشىنىپ قاپتۇ. مۇھەممەت ئىمىن ئەپەندى يېقىنقى يىللاردا يەنە ئىجادىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە بەزى نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەردە گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتقاندا مەسىلىلەرنى يېڭىچە نەزەرىيىۋى قاراش، چۈشەنچىلەر بىلەن شەرھلەش، يورۇتۇپ بېرىش يېتەرسىز بولدى. بەزى كىتابخانلار بۇ ماقالىلەرنىمۇ مېنى يازدى دەپ ئويلاپ ماڭا خەت يېزىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئەدەبىي كۆز قاراش، چۈشەنچىلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى. مەن ئاساسەن شېئىر، ھېكايە، پوۋېست يېزىپ كەلدىم. ئەمەلىيەتتە مەن ياخشى يېزىلغان «گۆڭگا شېئىر» لارنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. ياشلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش روھىغا ئىلھام بېرىش تەرەپدارىمەن.

**سوئال:** ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە كۆپ ئويلىنامسىز؟

**جاۋاب:** شۇنداق، بۈگۈنكى كۈندە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ناھايىتى زور يۈكسىلىشلەر بولۇۋاتىدۇ. ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئاخبارات تۈسىنى ئالغان ئەدەبىيات، تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ئەدەبىيات ۋە ئاممىباب ئەدەبىيات بارغانچە گۈللىنىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە تېزلا تونۇلۇۋاتقان يازغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەكسىچە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى دېگەندەك ئاشال-

مايۋاتىدۇ. بىز تېخى ئىجادىيەتتە مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە
مەسىلىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدۇق. ئەسلىي، ئەدەبىياتنى خەلق
كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىجتىمائىي قايناملارغا باشلاش كېرەك ئىدى.
دىققەتنى ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە قارىتىش
ھەم ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە، ھەم ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئىگە قىلىش
ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك ئىدى. لېكىن، ھازىرقى ئەھۋالىمىز
بۇ تەلەپلەردىن كۆپ يىراق. ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقىمىزمۇ
بارغانچە خەۋەر قىلىش ۋە سان - سىفىرلار پاتقىقىغا پېتىپ
ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئورنىنى ساقلاپ قالالمايۋاتىدۇ. ئىزدىنىش
بىلەن يېتەكلەش يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ. قارىغۇلارچە ئېقىم قوغ-
لىشىش، دورامچىلىق كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋاتىدۇ.
ئاندا - ساندا مەيدانغا كېلىپ قېلىۋاتقان ياخشى ئەسەرلەر ئەدەبى-
ياتىمىزنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى بولالمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، شۇن-
داق ياخشى ئەسەردىن بۈگۈن بىرسى بارلىققا كەلسە، ئەتە چوقۇم
ئىككىسى بارلىققا كېلىدىغان ۋەزىيەت يارىتىشتا.

**سوئال:** سىزدە داڭلىق يازغۇچى بولۇش ئارزۇسى بارمۇ؟

**جاۋاب:** ئەلۋەتتە بار. ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگۈچى-
لەر بۇنداق ئارزۇدىن خالىي ئەمەس. لېكىن، داڭلىق يازغۇچى
بولۇش - بولالماسلىق ئارزۇغا ئەمەس، تالانت بىلەن تىرىشچان-
لىققا باغلىق.

**سوئال:** ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىغا
قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى-
مىزدە خېلى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. لېكىن، يەنىلا ئادەمنى قانا-
ئەتلەندۈرەلمەيدۇ. يۈزەكى باھا، كىتاب ئوقۇش تەسىراتى شەكلى-
دىكى ئوبزورلار كۆپ. كەيپىيات جەھەتتىن قارىغۇيۇق ماختاش
ئېغىر. ئۆتكەن يىلى مەلۇم بىر ئاساسلىق ئەدەبىي ژۇرنالدا ئېلان
قىلىنغان بىر پوۋېستتا ستۇدېنتلار تۇرمۇشى ئىنتايىن خۇنۇك-

لەشتۈرۈپ تەسۋىرلەندى. مانا مۇشۇنداق ئەسەرمۇ شۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر ئوبزوردا تازا كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ماختالدى. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئوبزورچىنىڭ ئەسەرنىڭ ھەقىقىي خاھىشىنى توغرا ئىگىلىيەلمىگەنلىكىدىلا بولماي، يەنە ئۇنىڭدا مىللىي ئاڭ، مىللىي غۇرۇر ۋە مىللىي ئەخلاق قارىشىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكىدە. ئەسەر ئاپتورى بىلەن ئوبزور ئاپتورىنىڭ مىللىي ئەخلاق قارىشىنىڭ ئوخشاشلا ئىنتايىن يۈزەكىلىكى، ئوبزورچىنىڭ ھەدەپ ماختاشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئادەمنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ… كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى ۋە ئۈمىد بېغىشلايدىغىنى شۇكى، يېقىنقى يىللاردا بىر بۆلۈك ياش ئوبزورچىلىرىمىز يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. مېنىڭچە يالقۇن روزى ئاشۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى. دادىل پىكىر قىلىش، بىر پارچە ئەسەرنى ئۇنىڭ ئاپتورىدىن ئايرىپ تەھلىل قىلىشتا يالقۇننىڭ ماقالىلىرى بولىدۇ. بىزنىڭ تەنقىدنى قوبۇل قىلالماسلىقىمىز ۋە كۆتۈرەلمەسلىكىمىزمۇ تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تازا يۈكسىلەلمەسلىكىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب. مېنىڭچە تەنقىدچىلىكتە كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئىمكانىيەتلەر كۆپرەك يارىتىلسا ياخشى بولاتتى. باشتىن - ئاخىر ماختايدىغان، ھېچقانداق نەزەرىيىۋى قاراش ۋە چۈشەنچە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدىغان ئوبزورنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ … تەنقىدچى ئەسەرنى ئەسلىي ئەسەر تەمىن ئەتكەن خاھىشقا ئاساسلىنىپ باھالايدۇ. كىتابخان ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. مېنىڭچە يازغۇچىنىڭ مانا بۇ جەريانغا ئارىلىشىۋېلىشى، ھەتتا ئۆزىنى «ئاقلاپ» ماقالە يېزىشى بىھۇدە بولسا كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، تەنقىد راستتىن ئانچە مۇۋاپىق بولماي قالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرەلەيدۇ. تەنقىد يازغۇچىغا نىسبەتەن ئۆز ئەسىرىدىكى يامان سۇپەتلىك

ئۆسمىنى كېسىپ تاشلىغانغا ئوخشاشلا شىپالىق!

**سوئال:** سىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بېقىش ئويىڭىز بارمۇ؟

**جاۋاب:** مەن ئىلگىرى تەنقىد ماقالىلىرىنىمۇ يېزىپ باققان. لېكىن، ئەدەبىياتىمىزدا تەنقىدنى قوبۇل قىلالمايدىغان ھادىسىنىڭ بەك ئېغىرلىقى مېنى بۇ يولدىن يېنىشقا مەجبۇر قىلدى. ھەتتا كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. كېيىنچە شۇغۇللىنىپ قالامدىم ــ يوق، ھازىرچە سىزگە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىزدە ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر يارىتىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىكەنسىز. بۇنى ئۆزىڭىزدىكى بىر خىل ئالاھىدىلىك دەپ قارامسىز؟

**جاۋاب:** ئەلۋەتتە شۇنداق. ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولمىغان ئەسەر بازىرى كاسات مالغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلسا ئەسىرىڭىزنىڭ ئۆلمىگىنى شۇ. دونكىخود، گېرانتى، ئاQ، مەتنىياز قاتارلىق ئوبرازلار تا بۈگۈنگىچە نېمە ئۈچۈن ئېغىزدىن ــ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ يازغۇچىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتالىغانلىقىدا. ئاشۇنداق ئۆلمەس ئوبرازلاردىن بىرەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىۋېلىش مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ئارزۇيۇم. بۇ يولدا ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتىمەن.

**سوئال:** ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى ئەدەبىي دەۋا سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئېلىپ بېرىلدى، ئەدەبىي دەۋانىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىغا پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ بولامدۇ، يوق؟

**جاۋاب:** ئەدەبىي دەۋا بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسى، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا ئەدەبىي دەۋا مەيلى قانداق رول ئوينىمىسۇن، ئۇنى بىر تەرەپلىمە ئىنكار

قىلىۋېتىشكە ياكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ
دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بەزىدە ئەدەبىي دەۋا ئارقىلىق ئەدەبىيات
ئىشلىرىدىكى نۇرغۇن مۇجمەل نەرسىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرىۋالغىلى
بولىدۇ. ئەدەبىي دەۋا خاراكتېر جەھەتتىن ھەرگىز ئىككى تەرەپ
ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي ئىش ئەمەس. ئۇ ئومۇمىي ئەدەبىيات،
ئىجادىيەت ئىشلىرىغا مەنسۇپ بولغان ئالاھىدە جەرياندۇر. مەسى-
لىنىڭ تۈگۈنى بىزنىڭ بۇ جەريانغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز-
دا. بايا سىز ئېيتقاندەك، مېنىڭ «ئۇچۇپ كەتكەن دۆلەت قۇشى»
ناملىق پوۋېستىم ئۈستىدە ئەدەبىي دەۋا بولدى. ئەدەبىي ساۋاتتىن
خەۋىرى بارلىكى كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەدەبىيات تۇر-
مۇشنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇنىڭدا تۇرمۇش يۇكسەك دەرىجىدە تى-
پىكلەشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ. شۇنداق ئىكەن يارىتىلغان
ئوبرازمۇ ئەلۋەتتە رېئاللىقتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزى ياكى بىرەر
شەخسنىڭ پروتوتىپى ئەمەس. يازغۇچىنىڭ مول تەسەۋۋۇرى بى-
لەن تىپىكلەشتۇرۇلۇپ يورۇتۇپ بېرىلگەن رەڭدار تۇرمۇش كار-
تىنىسىنى مەلۇم رېئاللىق ياكى مەلۇم شەخس بىلەن باغلاپ قارى-
ۋېلىش ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، ئىجادىيەت قانۇنىيىتىگە،
قوبۇل قىلىش جەريانلىرىغا زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىزدە ئەدە-
بىياتنى بىھۇدە تەرەپلەر بىلەن باغلاپ قارىۋالماي، ئالدى بىلەن
ئۇنى ھەقىقى ئەدەبىيلىك نۇقتىسىدىن كۆزىتەلەيدىغان روھ بولۇ-
شى كېرەك. ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجادىيەت
قانۇنىيىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، تۆت يىل داۋاملاشقان دەۋا سوتتىن
قوبۇل قىلىنمىدى. دەۋاگەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان سەمى-
مىيىتىنى ئىپادىلەپ ئەرزىنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ تۇنجى دەۋا چىرايلىق ئاياغلاشتى. دې-
مەك، ئەدەبىي دەۋانىڭ خاراكتېرى توختالغان نىشانىنىڭ ھەر
خىل بولۇشىغا قاراپ ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىغا كۆرسىتىدىغان
تەسىرىمۇ ئەلۋەتتە ھەرخىل بولىدۇ. بەزى ئەدەبىي دەۋالار ئىككى

تەرەپنى ئەدەبىياتنىڭ قىممىتى، ئەدەبىي كۆز قاراش قاتارلىق جەھەتلەردە بىردەكلىككە ئىگە قىلىش رولىنىمۇ ئويناپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار بۈگۈنكى دۇنيا ئەدەبىياتى ساھەسىدە كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ ئەسىرىم ھەققىدىكى ئەدەبىي دەۋامۇ شۇنداق بولدى. مەن بۇ يەردە يەنە يازغۇچىلار بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان، يازغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان مۇشۇنداق ئوبدان سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا[1] ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

**سوئال:** ئىجادىيىتىڭىزگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ئىچىدە خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىمۇ كۈچلۈكمۇ؟

**جاۋاب:** شۇنداق. بولۇپمۇ خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك. بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان ھازىرغىچە داۋاملىق ئوقۇپ تۇرىمەن. ئەلۋەتتە يازغۇچى بولغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئەدەبىياتى ھەققىدە پىششىق تونۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

**سوئال:** نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتى تارقىتىشتىكى تەڭسىزلىكلەردىن سىزمۇ نارازىمۇ؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلار چىقارمۇ؟

**جاۋاب:** نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى، ئەھۋالى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلا ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. قارىسىڭىز بىزدىمۇ شۇنداق يازغۇچىلار، ئەسەرلەر باردەكلا قىلى-

① تەكلىپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ سۆھبەت «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 5 - سانىدا ۋە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

دۇ. تېخى يېقىندىلا كورگەن بىر كىتابتا نوبېل ئەدەبىياتى مۇكا-
پاتىغا ئېرىشكەن مىسىر يازغۇچىسى نەجىپ مەھپۇزنىڭ «نوبېل
دۇنيا مۇكاپاتى دېگەن سۆزدىكى دۇنيا دېگەن سۆز غەرب مەدەنىيە-
تىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئۇچراتتىم. شۇنىڭدىن قارىغان-
دا، غەرب مەدەنىيىتىگە ياتمايدىغان ئەدەبىياتنىڭ نەزەردىن ئاسانلا
چەتتە قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئوخشايدۇ. مانا مۇشۇ بىرلا نۇقتىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بۇ كاتتا دۇنياۋى مۇكاپاتنىڭمۇ پۈتۈنلەي بارا-
ۋەر، ئادىللىقىدىن سۆز ئېچىش قىيىن بولسا كېرەك. تۈركىي
مىللەتلەر ئىچىدىن ئاۋۋال چىڭغىز ئايتماتوۋ ئېرىششى مۇم-
كىن. بىزدە تېخى بالدۇر. ئەمما ئۈمىدسىزمۇ ئەمەسمىز!

**سوئال:** ياش ئىجادىيەتچىلەرگە بېرىدىغان قانداق مەسلىھە-
تىڭىز بار؟

**جاۋاب:** ياشلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋارىسلىرى، ئەدەبىياتى-
مىزنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشتە ۋە تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشتە
ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان جۇشقۇن بىر كۈچ. ھەر يىللىق
«خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» تارقىتىش يىغىنىغا قاتناشقان،
مۇكاپاتلانغانلار ئىچىدىمۇ ياشلار ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قى-
لىدۇ. دېمەك، بىز ھازىر ياشلارغا دىققەت قىلماقتىمىز. ئۇلار
ئارقىمىزدىن ئىز بېسىپ بىز يېتەلمىگەن نىشانلارغا يەتكۈسى!
مەن ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىي تۇرمۇشىمىز قوينىغا چوڭقۇر چۆكۈپ،
مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدا جاسارەت بىلەن
ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**سوئال:** ھازىر جەمئىيەتتە ئىقتىساد مەدەنىيەتكە ياردەم بې-
رىش كېرەك، دېگەن پاراڭلار بولۇۋاتىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق
قارايسىز؟

**جاۋاب:** مېنىڭچە بۇ سۆزنىڭ ئاساسى بار. مەدەنىيەت ئىق-
تىسادتىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ
ئاۋۋال مەدەنىيەت جەھەتتىن ساغلام تەرەققىي قىلىش ـ قىلماس-

لىقى ئىقتىسادنىڭ ئوڭۇشلۇق گۈللىنىشىگە بىۋاسىتە تەسىر
كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئىقتىسادنىڭ مەدەنىيەتكە
مەسئۇل بولۇشى، ياردەم بېرىشى بىر خىل زۆرۈرىيەت ھەم
ئاڭلىقلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەت ئىشلىرى
دۆلەتنىڭ ياردىمىدىن باشقا ھەر ساھە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭمۇ
ياردىمىگە موھتاج. ئىككى تەرەپلىمە ياردەمگە تايانغاندىلا مەدەنى-
يەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتكىلى بولى-
دۇ. ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئۆزىگىلا نەزەر سالىدىغان بولساق،
ئىجادىيەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك مۇ-
كاپاتلاش پائالىيەتلىرىنى كۆپرەك ئېلىپ بېرىش كېرەك. قەلەم
ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. خەلقئارالىق
ئىجادىيەت ئالاقە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. مانا بۇلار-
نى دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن ئىقتىسادقىلا تايىنىپ تولۇق ئەمەلگە
ئاشۇرۇپ كېتىش قىيىن. يەنىلا ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ياردى-
مىنى قولغا كەلتۈرمەي بولمايدۇ. ئەدەبىياتمۇ جەمئىيەت ئۈچۈن
سۈپەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتىنى ئارت-
قۇزۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىنى
تېخىمۇ مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىد-
غان بولساق، قېرىنداش مىللەتلەر ئىچىدە، دۆلەت ئىچىدە ياكى
سىرتىدا بولسۇن ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى، مائارىپ ئىشلىرىغا
زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىۋاتقانلار كۆپ. دېمەك، ئىقتىسادىي
ساھەدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈشى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

**سوئال:** سىزنىڭ شائىر ئىمىن ئەھمىدى بىلەن بېرىش -
كېلىشىڭىز قويۇقكەن. بۇنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئاساسىمۇ
بارمۇ؟

**جاۋاب:** ئەينى يىللاردا بىز بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسى-
تېتىدا مەكتەپداش ئىدۇق. ئۇ چاغلار بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت

سېپىگە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقان چاغلىرىمىز ئىدى. بىز ئىجادىيەت ھەققىدە كۆپ پىكىرلىشەتتۇق ھەم بىر - بىرىمىزگە ئىلھام بېرەتتۇق. بىز ھازىرمۇ ئۈچرىشىپ قالغاندا ئاشۇ تاتلىق يىللارنى بىرلىكتە ئەسلەپ قالىمىز.

سوئال: تېيىپجان ئېلىيوفنى ئەسلەپ تۇرامسىز؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە. ئۇ كىشىنى مەنلا ئەمەس، بىيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداش مىللەت يازغۇچى - شائىرلىرىمۇ ئوخشاشلا ئەسلەپ تۇرىدۇ. مەن شائىر بىلەن 1978 - يىلى «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نى تەرجىمە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن تونۇشقان. شۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭغا كەلسىلا كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. شائىر بىلەن مانا مۇشۇ ئۇستەلدە مۇڭداشقان كۈنلەر ئېسىمدىن كەتمەيدۇ.

سوئال: شائىرنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە يازدىڭىزمۇ؟

جاۋاب: ياق، يازالمىدىم. شائىر ۋاپات بولغان كۈنلەردە بەك قايغۇردۇم. قاراڭ، قايغۇنىڭ ئۆزى مەرسىيە ئەمەسمۇ!...

سوئال: ناۋادا سىزدىنمۇ نېمە ئۈچۈن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىسىز دەپ سوراپ قالساقچۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە مەنمۇ پابلونېرۇدادەك «يېزىقچىلىق ماڭا نىسبەتەن خۇددى ھاۋاغا ئوخشايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىمەن - دە!

سوئال: سىزنى مەھسۇلاتلىق يازغۇچى دېسەك بولغۇدەك.

جاۋاب: ياق، ئاڭلىسام دۇنيادا ھازىر ئىككى - ئۈچ ئايدا بىر رومان يېزىۋېتىدىغان يازغۇچىلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا مېنى مەھسۇلاتلىق يازغۇچى دېگىلى بولمىغۇدەك جۇمۇ! (كۈلكە) تارىختا دەستە - دەستىلەپ شېئىر توپلىمى باستۇرغان پادىشاھلارمۇ ئۆتكەن، سان جەھەتتىن كۆپ بولغان بۇ «شېئىر»لار پادىشاھنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭلا ئۆلدى. لېكىن، ئاز يازسىمۇ ساز يازىدىغان بەزى شائىرلار بىرلا شېئىرى بىلەن تا بۈگۈنگىچە خەلقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ قەدىرلە-

ىسپ كېلىۋاتىدۇ. دېمەك، ئىجادىيەتتە سانغا ئەمەس، سۈپەتكە قاراش كېرەك. كۆپ يېزىپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى بولغاندىن كۆرە، ئاز يازسىمۇ سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان ياخشى. بىزدە هازىر سۈپەتلىك ئەسەرلەر بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. مەن تېخىمۇ كۆپ مەمتىمىن هوشۇرلار مەيدانغا كەلسىكەن دەيمەن.

سوئال: ئۆزىڭىز هۆرمەت قىلىدىغان يازغۇچىلىرىمىزغا مەتبۇئات ئارقىلىق يوللايدىغان سالىمىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: بار ئەلۋەتتە. مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر مەن ئالا-ھىدە هۆرمەت قىلىدىغان پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ ۋاپاتىغا ناهايىتى ئېچىندىم. لېكىن، ئۇ كىشىنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشالمىدىم. مەن بۇنىڭدىن ناها-يىتى ئەپسۇسلىنىمەن. يېقىندا شائىر ئارسلاننىڭ ئالەمدىن ئۆت-كەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇمۇ بىزنىڭ تالانتلىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. قېيىيۇم تۇردى، زوردۇن سابىرلارمۇ مەن هۆرمەت قىلىدىغان يازغۇچىلار. زوردۇن سابىر يېقىندىن بۇيان تازا كۆ-ڭۈل قويۇپ ئەسەر يازمايدىغان بولۇپ قالغانمۇ، قانداق؟

ئانا دىياردىكى باشقا قەلەمكەشلەرگە مۇشۇ قاتاردا ئالاھىدە سالام يوللايمەن! سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت!

1996 - يىل 12 - ئاي، بېيجىڭ

# پوۋېست ئىجادىيىتىمىزدىن دادىلىنىش

پوۋېست ئىجادىيىتىمىز 80 - يىللارنىڭ بېشىنى ئۆزى ئۈچۈن ھەقىقىي باشلىنىش قەدىمى قىلغان بولسا، 90 - يىللارنىڭ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش قەدىمى دەپ قارىدى. مىڭلىغان كىتابخانلار نەزىرىنى تىكىپ تۇرۇۋاتقان بۇ ژانىرىمىز، بۇ ئون نەچچە يىلدا سان جەھەتتىن خېلىلا تەرەققىي قىلدى. مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە بۇ ژانىرنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىنى، ئەلۋەتتە ھەممەيلەن ئۈمىد قىلىمىز، يېڭىدىن - يېڭى ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشنى تىلەيمىز. ھېكايىچىلىقتا قارىغاندا پوۋېستچىلىقتا قىزىقىدىغان ھادىسە ھازىر يازغۇچىلاردىلا ئەمەس، ھەتتا كىتابخانلاردىمۇ كۆچلۈك بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پوۋېستلىرىمىز ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرگە ئالاھىدە ھوشيار بولۇشى لازىم.

پوۋېستلىرىمىزدىكى يېتەرسىزلىك مەسىلىسى ھەققىدە بۇندىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئوبزورچى سىدىقھاجى روزى بىر نۆۋەت توختىلىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا كۆرسىتىلگەن يېتەرسىزلىكلەر ئاساسەن ئوبراز يارىتىش، بايان ئۇسۇلى جەھەتلەردىكى كونا قېلىپلارغا ئېسىلىۋېلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ كەم بولۇشى، ئىنسان روھىنىڭ چوڭقۇر قېزىلماسلىقى قاتارلىق تەرەپلەرگە قارىتىلغانىدى. ئارىلىقتىن 7 — 8 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا پوۋېست ئىجادىيىتىدە خېلى ئىلگىرىلەش بولدى. بۈگۈننىڭ نەزىرىدە قارايدىغان بولساق، پوۋېست ئىجادىيىتىمىزدە گەرچە يېڭىلىقلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە چىقىۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە

يەنە بىر نۆۋەت دادلانماي تۇرالمايمىز.
مەن پوۋېستلىرىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ تەرەپتە گەۋدىلىك دەپ قارايمەن:
بىرىنچى، غەلىتە بەخت قارىشى ھەققىدە
بەخت، ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئادەملەرنىڭ ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشى دېگەنلىكتۇر. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئەمگەك چوقۇم ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە، ئىجتىمائىي ئالغ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن بولۇشى، جەمئىيەت ئەخلاقى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدىغان بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئادەملەرنىڭ شەخسىي ئېكى، شەخسىي ھېسسىياتىغىلا ئۇيغۇن بولۇپ قالماسلىقى لازىم. ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى شۇ ئادەملەر پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دەۋر، ئوبيېكتىپ تۇرمۇش تەلەپلىرىدىن چىقىپ كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش لازىم. نۆۋەتتە، كۆپلىگەن پوۋېستلىرىمىز ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلانماقتا. ئاساسەن گۈزەللىك، بەخت قارىشى مەدھىيىلەنمەكتە. لېكىن شۇ گۈزەللىك، بەخت قاراشلىرىنى قانداق يورۇتۇپ بېرىش ۋە بۇ ئارقىلىق كىتابخانلارغا قانداق زوق بېرىش سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «تەقدىر» ناملىق بىر پوۋېست ئېلان قىلىندى. پوۋېستتا سەھرا قىزى تۇرسۇنئاينىڭ سودىگەر ھاشىمباي بىلەن توي قىلىپ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئىلمىلىق ئائىلىدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ھەمدە ئېرى ھاشىمباينىڭ پەرزەنت كۆرۈش جەھەتتىكى «كەم ئىقتىدار» لىقىنى بىلىپ قېلىپ ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇ يەردە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بەخت قارىشىنىڭ غەلىتىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا بىرىنچىدىن، پەرزەنتلىك بولۇش مەسىلىسى ھەرقانداق ئائىلىنىڭ ئىناق، خاتىرجەم، مۇھەببەتلىك بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت،

دەپ قارالغان. ئىككىنچىدىن، تۇرسۇنئاي ھاشىمباينىڭ پەرزەنت كۆرۈش جەھەتتىكى «كەم ئىقتىدار» لىقى سەۋەبلىك ئىللىق ئائىلىسىنى ۋەيران قىلغانلىقى ئۈچۈن تەنقىدلەنمەي، ئەكسىچە ئېرىنىڭ «كەم ئىقتىدار» لىقىنى خاتا مۆلچەرلەپ قالغانلىقى ئۈچۈن تەنقىد قىلىنغان. دەل جايىنى تاپالمىغان بۇ تەنقىد كىتابخانلاردا ھاشىمباي ناۋادا راستىنلا «كەم ئىقتىدار» بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا تۇرسۇنئاينىڭ شۇنچە ئىللىق ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپ چىقىپ كېتىشى ھەقىقىي بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى ھېسابلىنامدۇ، دېگەن ئوينى پەيدا قىلىدۇ.

مېنىڭچە، بەخت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ئەنئەنىۋى بەخت قارىشىمىز بىلەن بۈگۈنكى دەۋر تەلىپىنىڭ بىردەكلىككە ئىگە بولۇش ـ بولالماسلىقىنى ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك. پەرزەنتلىك بولۇش ئەلۋەتتە ئەنئەنىۋى بەخت قارىشىمىزنىڭ بىر مەزمۇنى. تۇرمۇشىمىزدا يېڭىدىن نىكاھلانغان قىز ـ يىگىتلەرگە بەخت تىلىگەندە ئۇلارنىڭ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشى، پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ ئالاھىدە ئۈمىد قىلىنىدۇ. بەزى ھاللاردا ئۇلارنىڭ ھويلىلىرىغا كۆپ مېۋىلەيدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشى تىلىنىدۇ. پەرزەنتلىك بولۇشنى تىلەش دىنىي ئاڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھى ئۈچۈن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ تۇرىدۇ، دېگەن چۈشەنچىنىمۇ ئاساس قىلغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ھال ياش ئەر ـ ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى مەنە قوشۇپ، ئائىلىۋى ئىناقلىق، بەختنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما، پەرزەنتلىك بولالماسلىقنى ئائىلىۋى بەخت، ئىناقلىقنى ۋەيران قىلىش، بۇزۇش رولىنى ئوينايدۇ، دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

بۈگۈنكى ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان قىممەت قارىشى نۇقتىسىدىن

ئېيتقاندا، تېخىمۇ شۇنداق. ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئېلىمىزنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، نىكاھ مەسىلىلىرىگە بولغان قاراشلىرىمىزغا زامانىۋىلىشىش ئامىللىرى بارغانسېرى سىڭىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىلگىرىكى كونا قاراشلار شاللىنىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «نىكاھلىنىشنىڭ مەقسىتى مۇھەببەت، ۋاپادارلىق بابىدا تېخىمۇ گۈزەل مەنزىل يارىتىش» دېگەن مەزمۇنلار قوشۇلۇۋاتىدۇ. «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دەيدىغان قاراشلار بۈگۈنكى ئېلىمىز بىلەن تازا سىغىشالمايۋاتىدۇ.

تۇرسۇنئاينىڭ ھەرىكىتىنى ئەنئەنىۋى قالاق چۈشەنچىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ناۋادا شۇنداق بولسا، تۇرسۇنئاي شۇ خىل تەسىردىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتتىن زارلىنىشى، پۇشايمان قىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئەسەردە تۇرسۇنئاينىڭ پۇشايمىنى، ئۆكۈنۈشى، ھەسرىتى پۈتۈنلەي ئېرى ھاشىمباينى «كەم ئىقتىدار» لىقتا خاتا مۆلچەرلەپ قالغانلىقىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن. مەنتىقە جەھەتتىن بۇ يەردە خاتا مۆلچەرلەپ قېلىش بولمىسا، تۇرسۇنئايدا كېيىنكى تۇرمۇشى ھەرقانچە خورلۇق ئىچىدە ئۆتسىمۇ، ئۆكۈنۈش بولمايتتى، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تۇرسۇنئايدەك ساپ دىل، ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل بىر ئايالنىڭ كېيىنكى كۈنلۈكتە باشقىلار تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغان، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىدەك ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى پەقەت ئاپتورنىڭ غەلىتە بەخت قارىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاپتور بەخت قارىشىنى ئىپادىلەشتە دەۋرنىڭ تەلىپى، ئۆزگىرىۋاتقان قىممەت قارىشى، بەخت ئۆلچىمى دېگەنلەر بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىسى، ھېسسىياتى بويىچىلا ئىش كۆرگەن. بىز بۇنداق غەلىتە بەخت قارىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز.

دەرۋەقە ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئېرىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش جە-
ھەتتىكى «كەم ئىقتىدار»ىدىن بىئارام بولىدىغان، يۈرىكى پەر-
زەنت كۆرۈش ئىستىكىدە پۇچۇلىنىپ، ئۆزىنى بەختسىز ھېس
قىلىدىغان ئاياللارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلىنىڭ ھالقىلىق
يېرى شۇكى، بۇنداق ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ بەخت قارىشى ئەدەبىيات-
تا مەدھىيىلىنىش ئوبيېكتى بولماسلىقى كېرەك. ئاپتورلىرىمىز
مۇنداق مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ئۇلاردىكى بۇ خىل كۆز قاراش-
نىڭ بۈگۈنكى ئاڭ، بۈگۈنكى بەخت قارىشى بىلەن سىغىشالمايدى-
غان تەرىپىنى پاش قىلىشى لازىم. بۇنداق بەخت ئۆلچىمىنىڭ
يېڭىچە ئائىلىۋى بەخت ئۆلچەملىرىگە كۆرسىتىدىغان سەلبىي
تەسىرىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم.

ئىككىنچى، ئۆلۈم چۈشەنچىسى ھەققىدە

ئۆلۈم بىر ئادەمگە نىسبەتەن مەڭگۈ ساقلانغىلى بولىدىغان
نەرسە ئەمەس. تۇرمۇشتا ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلاردىكى
ئۆلۈم چۈشەنچىسى بىلەن ئۆزىنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە
ئاتىغانلاردىكى ئۆلۈم چۈشەنچىسى، شۇنىڭدەك نورمال شارائىتتا
تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلاردىكى ئۆلۈم چۈشەنچىلىرى پەرق قىلى-
دۇ. ئادەتتە نورمال تۇرمۇش شارائىتىدا ياشاۋاتقان ئادەملەر ئۈ-
چۈن ھاياتلىق ئېڭى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆلۈم
ھەممىدىن قورقۇنچلۇق تۇيغۇدۇر. كىشىلەر ئۆلۈشنى خالىماي-
دۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.
نۆۋەتتە بەزى پوۋېستلىرىمىزدا ئۆلۈمنى گۈزەللەشتۈرۈپ تەسۋىر-
لەيدىغان ھادىسىلەر ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا. مەسىلەن، ياز-
غۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار» پوۋېستىنى ئالى-
دىغان بولساق، گەرچە پوۋېستتا ۋەتەن، يۇرت سۆيگۈسى تەسۋىر-
لەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كىتابخانغا ھېس قىلدۇرىدىغىنى
ئوخشاشلا ئۆلۈمنى گۈزەللەشتۈرۈش خاھىشىدۇر. بىر مۇھاجىر
ئۈچۈن ئۆز يۇرتىغا كېلىش، ۋەتەن مېھرىگە قېنىپ ياشاش ئەلامۇ

ياكى ئۆز يۇرتىغا كېلىپ ئۆلۈشنى تىلەش ئەلامۇ؟ دېگەن مەسىلە كىتابخانىنى ئويلاندۇرماي قويمايدۇ. پوۋېستتا تىلەك ئەپەندى سالامەتلىكى ناھايىتى ناچارلاپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،ئۇ ئۆلۈمنى كۆپرەك ئويلايدۇ. ۋەتىنىنى، ئائىلىسىنى كۆرۈپ ئۆلۈپ كېتىشنى تىلەيدۇ. بۇ يەردىكى ئۆلۈم چۈشەنچىسى مەنتىقىگە بىر ئاز ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ چۈشەنچە تىلەك ئەپەندىنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمما ئاپتورنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان ئۆلۈم چۈشەنچىسى تىلەك ئەپەندىنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن، قايغۇرغان، شادلانغان، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان مەزگىللىرىمۇ، ئومۇمەن ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممە كۆرۈنۈشلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا، بۇ پېرسوناژنىڭ ياخشى كۆرۈدىغىنىمۇ، ئىنتىلىدىغىنىمۇ، مەقسىتىمۇ ئۆلۈم بولۇپ قالغان. بىز كېسەل ئازابىدا ئىڭراۋاتقان تىلەك ئەپەندىنىڭ «دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ ئۆلۈم دېگەن بۇ رەھىمسىز ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. ئەجەل ھەممە ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن، ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ۋە بۇگۈن بولمىسا ئەتە، سەھەردە بولمىسا كەچتە چوقۇم بولىدىغان مۇقەررەرلىك» دېگەن سۆزلىرىگە بوپتۇ دېيەلىسەكمۇ، لېكىن ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىنى كۆرۈش ئىستىكى ئەمەلگە ئېشىپ، چېگرىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغان، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، ئىنتايىن خۇشال بولغان چاغلىرىدىمۇ ھاياتنى قايتىدىن سۆيۈپ ياشاش ئىستىكىدە بولماي، يەنىلا «ئاللادىن تىلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى تىلىكىم ئۆلسەممۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ تۇپراقتا يېتىپ ئۆلەي» دېگەن سۆزلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمىز.

كەلگۈسى بىلەن ئۆلۈمنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش، ئۆلۈپ تۈگىشىشلا ئەڭ ئاخىرقى گۈزەللىك، مەقسەت دەيدىغان خاھىشنى گەۋدىلەندۇرۇپ قويۇش يازغۇچى ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ

«ئۈششۈك ماڭغان كېچە» (تارىم ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 6 ـ، 7 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان) پوۋېستىدا تېخىمۇ گەۋدە-لىك ئىپادىلەنگەن. مىرزەخمەت بىلەن ئانىقىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا مەكتەپتە شەكىللىنىپ قالغان چالا ـ پۇچۇق مۇھەببەت ئەسەردە ئۆلۈمنى گۈزەللەشتۈرۈشتىكى ئاساسىي ۋاستە بولغان. مۇھەببەت ئەلۋەتتە ئۇلۇغلىنىشقا ھەقلىق. بىزنىڭ كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن خىرقىتى، ئاتايى، سەككاكىيلار بولسۇن، بۇ-يۈك شائىر نەۋائىي بولسۇن، ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەر-گەن. ۋاپادارلىق، سەمىمىيلىك، ساداقەتمەنلىكنى مەدھىيە-لەش، پاك مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى ئەرك-سىز ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ۋاستىلىك پاش قىلغانىدى. بۇ ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۆلۈمى ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈ-چۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ، فېئوداللىق نىكاھقا قارشى ئەركىن مۇھەببەت ئۈچۈن ئىنتىلگەن روھنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شۇڭا، بۇ خىل ئۆلۈم چۈشەنچىلىرى بىزگە شەرەپلىك، ھەققانىي تۇيغۇ بېرەتتى — بوگۇنكى ھاياتنى سۆيۈش، قەدىرلەش تۇيغۇ-مىزنى كۈچەيتەتتى.

«ئۈششۈك ماڭغان كېچە» دىكى ھالەت بىزگە تامامەن باشقى-چە تۇيغۇ بېرىدۇ. ئانىقىز كېيىنكى تۇرمۇشىدىكى باياشادلىق، خاتىرجەملىك ئىچىدىمۇ ھېچ سەۋەبسىزلا مىرزەخمەتنى سېغىنى-دۇ. «مەن سېنى بىر كۈنمۇ يادىمدىن چىقارمىدىم، مەخسۇتقا تەگكەندىن كېيىن، ھەتتا ئاشۇ قارا زەڭگىگە (كېيىنكى ئېرى ئەيسابايىنى دېمەكچى) تەگكەندىن كېيىنمۇ ... توۋا، كۆيۈك دېگەن شۇنداق بولامدىغاندۇ؟» دەپ ئاھ ئۇرىدۇ. ئىشقىلىپ ئانىقىز ئۆز تۇرمۇشىنى شۇنچىلىك ئازابلىق، مۇرەككەپ، قايغۇلۇق ھېس قىلىدۇ. قانداقتۇر بىر غايىۋى ئىستەك ئىلكىدە ھەمىشە تىت ـ تىت بولىدۇ. لېكىن، ئەسەردىكى ئەمەلىيەتتىن قارىساق،

مىرزەخمەت ئانىقىزلارنىڭ ئۆيىدىكى بىر چاكار، ئۇنىڭ ئەيساباي سالدۇرۇپ بەرگەن ھۇجرىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، ئۇ پۈتۈنلەي ئەيسا بايغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئانىقىز بولسا ئەيسابايىنىڭ قانۇنلۇق ئايالى. ئەگەر ئۇنىڭ مىرزەخمەت بىلەن باشقىچە مۇناسىۋىتى سېزىلسە، ئەيساباي ھەم ئىجتىمائىي ئورنىغا، ھەم قانۇنىي ۋاستىلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ تامامەن بىر تەرەپ قىلالايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىش شەكلى بىلەن بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتەك ئارزۇسى پەقەت ئۆلۈم بىلەن تاماملىنىدۇ. ئەسەردە دەل شۇنداق تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار موتسىكلىت بىلەن تۈن قاراڭغۇسىدا قاچىدۇ. ئەيساباي ماشىنا بىلەن ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىدۇ. مىرزەخمەت ماشىنا ئاستىدا قېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. بۇنى قانداقمۇ چىنلىق دېگىلى بولسۇن؟ بۇنداق ئورۇنسىز ئۆلۈمنى قانداقمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى رېئال تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېگىلى بولسۇن؟

ئەسەرلىرىمىزدە يارىتىلىۋاتقان پېرسوناژلار ئاڭ جەھەتتىن نورمال، چىن ئادەملەر بولىدىكەن، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆمۈرنى قەدىرلىگۈچى، ھاياتنى سۆيگۈچى ھەم ئۇنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزگەرتىپ بارغۇچى، كەلگۈسىگە ئىشەنچ - ئۈمىدۋارلىق بىلەن باققۇچى ئادەملەردىن بولۇشى لازىم. ئانىقىز، مىرزەخمەتلەرنىڭ يارىتىلىشىدا تۇرمۇشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى، ھايات قەدرى دېگەنلەر قايرىپ قويۇلغان، ياشاش مەقسىتى ھەققىدىكى ئىلمىي چۈشەنچىلەر ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، خۇددى سوپىزم تەلىماتلىرىدىكى ئاللا بىلەن «ئەل ۋىسال» بولۇش ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇش، ھەممىدىن ۋاز كېچىش تەشەببۇسلىرىغا ئوخشاشلا ئۇلارمۇ ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەممىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئانىقىزنىڭ روھىدا بۇ تەرەپ تېخىمۇ كۈچلۈك. خۇددى ئەسەرنىڭ ئۆزىدە تەسۋىرلەنگىنىدەك «ھازىر ئاۋات شياڭگاڭ كوچىسىمۇ، 53 - نومۇرلۇق دۇكانمۇ، ئەيسا بايمۇ، ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسى،

جاراڭلاپ تۇرىدىغان، ئۇنتاشتەك يالتىراپ تۇرىدىغان ئېسىل جا-
هازلارمۇ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. هازىر پەقەت ئانىقىزلا، مىر-
زەخمەتلا مەۋجۇت، هايات...» بولۇپ، ئۇلار كىتابخانىغا خۇددى
ئىنسانلار ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ
بېرىدۇ. ئانىقىز، مىرزەخمەتلەرنىڭ ۋىسال ئىزدەپ يىراقلارغا
قېچىشىنىڭ بىزنىڭچە هېچقانداق ئىجتىمائىي ئاساسى يوق، ئەر-
كىن نىكاھ، ئەركىن مۇهەببەت قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقان
بىر جەمئىيەتتە بەزى قىز - يىگىتلەرنىڭ بەزىبىر تار، خۇراپىي
قاراشلارنىڭ تەسىرىدە ئۆزئارا قوشۇلالماسلىقى ئەدەبىياتتا ئەلۋەت-
تە تەنقىدلەش ئوبيېكتى بولالايدۇ. بىراق پېرسوناژلارنىڭ بۇ
مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە پەقەت خۇدانىڭ مەدەت بېرى-
شىنى تىلەشتەك روهانىيەتچىل هېسسىياتنى ئىپادىلەپ قويماس-
لىق كېرەك. پېرسوناژلارنىڭ هەرىكەت پائالىيەتلىرى هەرقانداق
شارائىتتا ئۆز تۇرمۇش تەلەپلىرىدىن، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي
ئەخلاق قاراشلىرىدىن هالقىپ كەتمىگەن ئاساستا تەرەققىي قىلدۇ-
رۇلسا تەسىرلىك، چىن بولىدۇ. ئەسەردە ئانىقىزنىڭ ئەيسابايغا،
مەخسۇتقا زورلاپ ياتلىق قىلىنغانلىقىنىڭ هېچقانداق ئىجتىمائىي
ئاساسىنى ئۇچراتمايمىز. ئۇ ئۇلارغا ياتلىق بولماي، ئۆزى خالى-
غان بىرىگە ياتلىق بولۇشقا تامامەن هەقلىقتۇ؟ بىرىگە ياتلىق
بولۇپ قويۇپ ياخشى كۆرمەي قالسا، باشقا بىرىنى تېپىپ قويىنىغا
ئۆزىنى ئېتىش، ئۆي، ئائىلىسى، دۇنياسى بىلەن كارى بولماي،
ئۇنىڭ بىلەن قېچىپ كېتىش ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەخلاقىمى-
كەن؟ قېچىش بىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە فېئوداللىق
نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى بىر خىل ئىلغار كۆرەش شەكلى سۈپىتىدە
مەدھىيىلىنەتتى. لېكىن، بۇ ئەسەردىكى قېچىشچۇ؟ بۇ يەردىكى
قېچىش ئەخلاق، گۈزەللىك چۈشەنچىلىرىمىزگە يات هالدىكى بىر
ئەخمىقانە هەرىكەت بولۇپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ. بۇنداق قېچىش بىزگە
هېچقانداق ئېستېتىك زوق بېرەلمەيدۇ. بىر قولىدا ئۆلۈمنى،

بىر قولىدا ھاياتلىقنى تۇتۇپ، گاھ ئۇياققا، گاھ بۇ ياققا ئېغىپ
ياشاشنىڭ ھازىرقى شارائىتتا زادى قانچىلىك گۈزەللىك قىممىتى
باردۇ؟ مەن يولداشلارنىڭ بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ
بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## ئۈچىنچى، تەقدىر قارىشى ھەققىدە

تەقدىر چۈشەنچىسى ئىلاھىيەتچىل دۇنيا قاراشنىڭ يادروسى-
دۇر. ئۇنىڭ تۈپ ئاساسى بەختلىك - بەختسىزلىك، يۇقىرى -
تۆۋەنلىك، ھاياتلىق - ئۆلۈم دېگەنلەرنىڭ ئاللا تەرىپىدىن بەلگى-
لىنىشىدۇر. بىز ئەلۋەتتە بۇنداق تەقدىرچىلىك خاھىشىنى ياقلى-
مايمىز. ئەكسىچە ئىنساننىڭ تەقدىر ئۈستىدىن تاللاش ئېلىپ
بېرىش، ناچار تەقدىرگە قارشى كۈرەش قىلىش، يېڭىش روھىنى
ياقلايمىز. پوۋېستلىرىمىزدا تەقدىر قارىشىنى ئىپادىلىگەندە، كۆ-
پىنچە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش كەيپىياتىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ قويۇشتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت بولماقتا. مەسىلەن،
«خاسىيەتلىك قار» دا مۇنداق تەسۋىرلەر بار: «بەزىدە مەن تەقدىر
بورىنىنىڭ مېنى ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىمدىن ئايرىپ، قاند-
داق قىلىپ شۇنچە يىراق يەرلەرگە تاشلىۋەتكىنىنى زادى ئويلاپ
يېتەلمەيمەن».

«ئۇششۇك ماڭغان كېچە» دە مۇنداق تەسۋىر بار: «تەقدىر
سىرلىق، قىسمەتلەر ئاجايىپ ئىكەن، ئۇ ئادەملەرنىڭ رايىغا
باقمايدىكەن، ھېچكىم ئۆز ھاياتىنىڭ كەلگۈسىگە ئالدىن ھۆكۈم
قىلالمايدۇ»، «يە، ئىچ، كىيىپ خالىغىنىڭنى قىل. ئالتە كۈن-
لۈك ئالەم بۇ، ئۆلۈپ كېتىمىز، ئاخىر...»، «ئىنسان تۇغۇلى-
دۇ، چوڭ بولىدۇ، ياشايدۇ، غەم - قايغۇ، ھەسرەت، ئازاب
بىلەن ياشىسىمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ، شۇڭا، بىر كۈن
بولسىمۇ خۇشال كۈلۈپ ئەركىن ياشاش كېرەك». بۇ تەسۋىرلەر
بىزگە ئېستېتىك زوق بەرمەكچى بولۇۋاتقان ئاساسىي پېرسوناژ-
لارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تۇرمۇشقا، ئۆز ھەرىكىتىگە، يۈز
بېرىۋاتقان ئەھۋاللارغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىپ

ببرىش رولىنى ئويناۋاتىدۇ. ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇ تەسۋىرلەردە پەقەت شۈكرى قىلىپ ياشاش، تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشماسلىق، هامان هەممە نەرسە يوق بولىدىغانلىقىدەك مىستىتسىزملىق تەقدىرچىلىك قارىشىلا ئىپادىلەنگەن. پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۇرۇش دېگەنلىك ئۇلارنىڭ مەۋجۇت رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ يېزىۋېرىش، ئۇلارنى باش - ئايىغى يوق خىياللارغا چۆكتۇرۇپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس. ئىنسان مەۋجۇت رېئاللىق بىلەن مەلۇم ئىلمىي مۇناسىۋەتلەرنى ئورناتقان بولىدۇ. تۇرمۇشنى ئىلمىي تەپەككۇر نۇقتىسىدا كۆزىتىدۇ. ئۆزىگە خاس خۇلاسە، چۈشەنچە بىلەن ياشايدۇ. ئەدەبىيات ئالدى بىلەن مانا بۇ ئاساسىي تەرەپكە ئەهمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇ تەرەپلەردىكى توغرا چۈشەنچە، توغرا پوزىتسىيە بىلەن كىتابخانلارنى چوڭقۇر تونۇشقا، تەسىراتقا ئىگە قىلىش لازىم. دەۋر روھى يالغۇز پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىلا ئىپادىلىنىپ قالمىسۇن، هاياتنى سۆيۈش، ناچار تەقدىر ئۈستىدىن غالىپ كېلىش روهىنىڭ بارغانچە كۈچىيىپ بېرىشىدىمۇ ئىپادىلەنسۇن. هازىر ئەسەرلىرىمىزدە بۇ خىل هالەت بارغانسېرى كەم بولۇۋاتىدۇ، هە دېسىلا يۇقىرىقى پوۋېستلاردەك كۆرەش يولىنى ئۆلۈم يولى قىلىپ تەسۋىرلەپ قويىدىغان هادىسىلەر مەۋجۇت.

غەلىتە بەخت قارىشى، ئۆلۈمنى گۈزەللەشتۇرۇش، تەقدىرنى ئۇلۇغلاش خاھىشلىرى پەقەت بۇ بىر نەچچە پوۋېستتىلا مەۋجۇت ئەمەس. پەرهات تۇرسۇننىڭ «مۇزلىغان دېرىزە»، پەرهات ئېلياسنىڭ «قۇمۇشلۇق هېكايىسى» قاتارلىق پوۋېستلىرىدىمۇ يۇقىرىقىدەك خاھىشلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. پېرسوناژلىرىمىزنى هاياتلىق، ياشاش ئىستىكى يۇقىرى ئىنسان، دەپ تونۇيلى. ئۇلار ئۆلۈمگە ئەمەس، هاياتلىققا يېقىن تۇرسۇن!

# «ئاقساق بۇغا» ئۈستىدە مۇلاھىزە

يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا» ناملىق ئەسىرى ئادەم بىلەن تەبىئەت ۋە جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىك ئەسەردۇر. ئەسەردە ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە تەبىئەت فۇنكسىيە مۇھىتى جەريانىدىكى ئادەم ئىكەنلىكى مىللىي ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر ھەم پەلسەپىۋى نۇقتىلاردىن مۇلاھىزە قىلىنغان.

ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېمىسى يېڭى تېما ئەمەس. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، ئەمما بۇنداق ئەسەرلەردىكى خاھىش تەبىئەتكە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىش، تەبىئەت ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمەسلىكتىن ئىبارەت بولدى. ئۇلارنىڭ سۈژېت لىنىيىسى تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى بويلاپ راۋاجلاندۇرۇلدى. ئادەملەرنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى تەبىئىي ھالدا ئەسەرنىڭ خاتىمىسى قىلىندى. بۇلار بىلەن «ئاقساق بۇغا» دىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېمىسىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ھېس قىلىدىغىنىمىز يازغۇچىلاردىكى ئوخشاش تېما ئۈستىدىكى ئوخشىمىغان تەپەككۇر ۋە ئوخشىمىغان خاھىشتۇر.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى ئاساسىدىلا يارىتىپ قالماستىن، يەنە ئىنسانىيەت تايىنىپ ياشايدىغان تەبىئەت مۇھىتى ئاساسىدىمۇ بەرپا قىلغان. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بىلىشكە باشلىغان ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا ئالدى بىلەن

ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە بۇ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋەتلەر ئۈستىدە ئويلاندى. تەبىئەت ئەپسانىلىرىنىڭ يارىتىلىشى
ئۇنىڭ نەتىجىسى بولدى. ئەخلاق قارىشى بۇ تەبىئەت ئەپسانىلىرى-
نىڭ مەركىزىدۇر. كىشىلەر ئەڭ دەسلەپكى ياخشىلىق ۋە يامان-
لىقنى تەبىئەتنى سۆيۈش - سۆيمەسلىك، ئاسراش ياكى ئاسرى-
ماسلىق بىلەن ئۆلچىدى ياكى ئايرىدى. دېمەك، تەبىئەتنى مەر-
كەز قىلغان ئەخلاق قارىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك
تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەل-
دى. ئۇ گەرچە ئىنسانىيەت پىسخىكىسىدا ئاللىقاچان بىر خىل
ئورتاق ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ،
ئەمما ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە يېڭىباشتىن
مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش بۈگۈنكى يازغۇچىلارغا نىسبەتەن سەل
قارىغىلى بولمايدىغان بىر تەرەپ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. چۈنكى،
ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى بۈگۈن ئىلگىرىكى ھەر
قانداق دەۋردىكىدىنمۇ مۇرەككەپلەشتى. ئۇ ئەمدى دۇنياۋى مەسى-
لىگە ئايلىنىپ، ئىنسانىيەتنى ئۆز تارىخى، ھاياتلىق ئاساسى
ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا ئۈندىمەكتە. ئادەملەر تەبىئەتكە زامان-
ۋى ئاڭ بىلەن مۇئامىلە قىلماقتا. مۇشۇنداق شارائىتتا يازغۇچى
مۇھەممەت باغراش بۇ تېمىغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ
ئورتاق تەلىپى نۇقتىسىدىن قەلەم تەۋرەتتى. ئىچچام سۈژىت،
قىسقا ھەجىم ۋە قىسقا بايانلار بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە ھەرىكەت-
چان، ستېرېئولۇق سۈژىت، ئەتراپلىق مۇلاھىزە ئارقىلىق ئۆز
كۆز قارىشىنى ۋە يېڭى خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈردى.

يازغۇچى خۇداغا ئەمەس، ئادەمگە ئېتىقاد قىلىدۇ دېيىلسە،
ئۇنداقتا ئادەم تۇرمۇشى، ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇچۇن شەرتلىك
باغلانغان مۇناسىۋەتلەر — شەيئى، ھادىسە، جانلىقلار ئۈستىدە
باش قاتۇرۇش يازغۇچىدىكى بۇ خىل ئېتىقادنىڭ مەركىزىدۇر.
ئەدەبىياتنى ھەقىقىي مەنىدىكى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى،

ئاڭ، تۇيغۇ ھادىسىلىرىنى كەڭلىككە يېيىپ كىتابخان بىلەن
ئورتاق مۇلاھىزە قىلىش دەپ چۈشىنىش بۇ ئېتىقادنى ھەسسىلەپ
ئاشۇرۇۋەتتى، كىتابخانىنىڭ ئوبرازغا بولغان چۈشەنچىسىنىمۇ
كېڭەيتتى. مۇھەممەت باغراش ياراتقان ئىشقىيار (ئەسەردىكى
باش قەھرىمان) ئەنە شۇنداق ئۆزگە خاس ئىچكى كۈچكە، ئىرا-
دىگە، پىكىر - مۇلاھىزىلەرگە ئىگە قىلىنغان پېرسوناژ. ئۇ
ئىجتىمائىي نۇقتىدىن مىللەت، سىنىپقا تەۋە بولسىمۇ، ئەمما
ئەسەردىكى ئورنى، ئۆزگە خاس روھىي دۇنياسى بىلەن كىتابخان
قەلبىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرى بىلەن چەمبەر-
چەس باغلانغان بىر ئىنسان سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا
بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرى ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان، سېزىۋاتقان
كرىزىس ئېڭى بار. ئەسەردە ئۇ بۇ خىل ئورتاق ئاڭنىڭ مۇجەس-
سەملەشكەن تىپى قىلىنغان. ئۇ يەنە ئاپتور بىلەن كىتابخان
ئورتاق باش قاتۇرۇۋاتقان ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى
يېڭى خاھىش، يېڭى مۇلاھىزىلەرنىڭ مەركىزىگە قويۇلغان. شۇ-
ڭا، ئەسەردە ئىشقىيار باشتىن - ئاخىر تەبىئەتنى، جانلىق مەۋ-
جۇداتلارنى ئويلايدۇ، ئۇلارنى سۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت
بىلەن بولغان ئىچكى مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ئىشقى-
ياردا يەنە بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ كرىزىس تۇيغۇسى بىلەن باغ-
لىنىپ كېلىدىغان، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى-
دىكى سەۋەبلەرنى ئۆزىنىڭ تەبىئەتكە، جانلىق مەۋجۇداتلارغا تۇت-
قان پوزىتسىيىسىنىڭ ئىلمىي بولمىغانلىقىدىن، تەبىئەتنى ئۆز-
گەرتىش ئەمەلىيىتىدە قارىغۇلارچە ئىش ئېلىپ بارغانلىقىدىن
ئىزدەيدىغان «ئۆز - ئۆزىنى سوتلاش ئېڭى» مۇ بار. ئىشقىيار
خاراكتېرىگە سىڭگەن بۇ خىل ئاڭ ئۇنىڭ بۇغا بالىسىنى پولك
كوماندىرىنىڭ كېسىلى ئۈچۈن دورا قىلىپ بېرىدىغان ۋاقىتتىكى
مونولوگىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ: «ئۇلار مۇشۇ گۇناھسىز، بىچا-
رە ھايۋاننى ئۆلتۈرمەكچى. يەنە كېلىپ ئۆزۈمگە، ماڭا ئۆلتۈر-

گۈزەلكچى! بىز ئادەممۇ؟! ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركى بويىچە ياشاشقا ھەقلىق... مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئەقىدىسىگە سادىق بولۇپ قالالايمەن. تەبىئەتكە، ئەجدادلىرىمىنىڭ روھىغا، ئاتا ـ بوۋامغا يۈز كېلەلەيمەن... ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دوستى. ئانا تەبىئەتنىڭ بالىسى. ئۇ ھاياتقا گۈزەللىك، دوستلۇق بېرىدۇ. مۇشۇنداق بىباھا ھايۋاننى، ئىنسانىيەتنىڭ دوستىنى ھېچ سەۋەبسىزلا ئۆل- تۈرۈش مېنىڭچە بەكمۇ شەپقەتسىزلىك!»

ئىشقىيار يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھوشيار، قاۋۇل، يارامىلىق جەڭچىسى. بىزنى تولىمۇ رازى قىلى- دىغان يېرى شۇكى، ئىشقىيار ۋۇجۇدىدا خەلق، ۋەتەن تاپشۇرغان ۋەتەننىڭ زېمىنى، تۇپرىقى، ئورمىنى، جانلىقلىرىنى قەتئىي قوغداش، ئاسراشتىن ئىبارەت شەرەپلىك بۇرچ بىلەن بوۋىسى ئۆگەتكەن تەبىئەتنى مەركەز قىلغان ئەخلاق قارىشى زىچ بىرلە- شىپ كەتكەن. ئىشقىيار خاراكتېرىنىڭ ھاياتىي كۈچى مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرىكمىسىدە. ئۇ پەقەت مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرىكمىسىدە يارىتىلغانلىقى بىلەنلا ئۇلۇغلىنىدىغان ئوبراز. ئۇ- نىڭدا مۇشۇ ئىككى تەرەپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «ئاق پاراخوت» ناملىق ئەسىرى- دىكى سەبىي بالا ئوبرازى بولۇپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ تۇپرىقى، ئۆزىمىزنىڭ قېنىمىزدىن يارالغان ھەقىقىي ئىشقىيار بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. ئىشقىيار روھىدىكى تەبىئەتنى مەركەز قىلى- غان ئەخلاق قارىشى ئەسەردە مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «بوۋام ماڭا ھاياتنى، ئىنسانلارنى، تەبىئەتنى قىزغىن سۆيۈشنى، ئىنسانىيەت- نىڭ بەخت ـ سائادىتىنى، مەدەنىيىتىنى ئالىي بىلىشنى، شەخ- سىيەتسىز، توغرا، ئادىل بولۇشنى، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتكە يالقۇنلۇق سۆيگۈ، ئوتلۇق مېھىر ـ مۇھەببەت باغلاشنى ئۆگەت- تى».

ئادەمنى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈ-

روھ ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەبىئەتكە قېتىلىۋېتىش، روشەنكى،
ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قايتا مۇلاھىزە قىلىدىغان
«ئاقساق بۆغا»غا ئوخشاش ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىدىغان
نۇقتىسى. بۇ خىل يېڭى ئاڭ ئەسەردىكى ئىشقىيار ئوبرازىدا
ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كىچىكىدىنلا ئانا يۇرتقا، ئۇنىڭ
ئوتلاق، دەل ـ دەرەخ، ئۇچار قۇشلىرىغا، جانلىقلىرىغا بولغان
يالقۇنلۇق مۇھەببەت يېنىپ تۇرىدۇ. بۇ مۇھەببەت شىۋىرغانلىق
بىر كۈنى سەپداشلىرى بىلەن مەشق مەيدانىدىن بازىغا قايتىۋاتقاندا
ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتكەن يېرىم جان بۆغا بالىسىنىڭ يولۇقۇپ
قېلىشى ۋە كېيىن ئۇنى «ھەربىي نىزامغا خىلاپ» ھالدا بېقىۋې-
لىپ ساقايتىش جەريانى بىلەن ماس ھالدا تەدرىجىي ئاشكارىلى-
نىپ كۈچىيىپ بارىدۇ. ئاخىرىدا بولسا، بۆغا بالىسىنى قوغداپ
ئانا تەبىئەتكە قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن ئۇنى قۇربان قىلىۋېتىش
ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. بۇ زىددىيەت-
نىڭ بىر تەرەپ قىلىنىپ، بۆغا بالىسىنىڭ ئۆز ئەركىنى تېپىشى-
دا ئىشقىيار بىر تەرەپتىن، باشتىن ـ ئاخىر مىللىي ئاڭ،
مىللىي پسىخىكىنىڭ ئىچكى قوزغىتىشىدا بولسا، يەنە بىر تەرەپ-
تىن، بۈگۈنكى ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان «كرىزىس ئېڭى»
نىڭ مەدىتىگە ئېرىشىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، ئىشقىيار ئۆزىنى
بۇ ئىككى خىل ئاڭ ـ پسىخىكىسىنىڭ تاللىنىۋېلىشىغا تاپشۇرغان.
بۆرىنىڭ ئىشقىيار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشى ئىشقىيار خا-
راكتېرىنى ئويلىمىغان يەردىن بىر مۇرەككەپلىككە باشلاپ كىر-
دى. ئەمدى ئىشقىيار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى تەبىئەتنى سۆيۈش، جان-
لىق مەۋجۇداتلارنى سۆيۈشتەك ئەنئەنىۋى مىللىي ئاڭ بىلەن
بۆرىگە تېۋىنىش، بۆرىنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسىنىڭ ئۆتكۈر كۈ-
رىشىگە دۇچ كەلدى. نەتىجىدە ئۇ بىر تەرەپتىن بۆغىنى قوغداپ
قېلىپ، زامانىۋى ئاڭ، ئۆزىگە خاس گۈزەللىك چۈشەنچىسىنى
نامايان قىلىپ خۇشاللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۆرىگە تېۋىنىش-

تىن ئىبارەت بۇ مىللىي ئەنئەنىۋى ئاڭنىڭ يەنە بىر قاتلىمى
تەرىپىدىن جازالىنىدۇ، ئازابلىنىدۇ.
ئىشقىيار كىچىكىدىن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ تازا قايناق بولىقى
بولغان ئاۋات بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ، قويۇق ئەنئەنىۋى مىللىي
تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. يېزىدا ئېلىپ بېرىلىد-
ىغان كۆك مەشرەپ، نورۇز ئويۇنى شۇنىڭدەك تۇرلۇك مۇراسىم-
لار، يېزا كىشىلىرىنىڭ ساپ دىل مىجەزى، ئۇلارنىڭ تەبىئەت،
سۇ، يەر، جانلىقلار، بىلەن خۇددى «تەڭ يارىلىپ، تەڭ يوقايد-
ىغان» دەك پىسخىك كەيپىياتى ئىشقىيارغا بوۋىسى بىلەن مەشرەپ-
لەرگە ئەگىشىپ بارىدىغان ئاشۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا چوڭقۇر
تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ روھىي قاتلىمىدا ئاشۇ ساپ دىل يېزا
ئادەملىرىگە ئوخشاشلا مەنىۋى ھالەت — تەن بىلەن تەبىئەتنىڭ
بىرلىكى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالەتتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى.
كېيىنكى ۋاقىتلاردا بوۋىسى ئېيتىپ بەرگەن «ئوغۇز رىۋايىتى»
دىكى ئوغۇزلارنىڭ يەر، تەبىئەت، جانلىقلار ھەققىدىكى بىرلىك
قارىشى، مۇناسىۋەتلىرى، شۇنداقلا «يەر ئانىنى ئۇلۇغ-
لاش، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، ئۇچار - قاناتلارنى ئۆز
قېرىندىشى ساناش ئۇلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەخلاقى، ئەۋلاد-
تىن - ئەۋلادقا قالدىغان ئادەم بولۇش نىزامى» ئىكەنلىكى ۋە
بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى، بوۋىسىنىڭ مانا بۇ نىزاملارنى
ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىق ھەققىدە تەكىتلەپ ئېيتقان سۆزلىرى
ئىشقىيار ئېڭىدا كۆرۈلۈۋاتقان ئەنئەنىۋى مىللىي چۈشەنچىلەرنىڭ
كېلىش مەنبەسىدۇر. ئىشقىيارنىڭ خاراكتېرى مانا شۇ ۋاقىتتىلا
يارىتىلىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى پائالىيەت، ئوي - خىيال-
لىرى پەقەت شۇ خاراكتېرنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى ئاڭ، ئىنساند-
ىيەت ئورتاق كىرىزىس ئېڭىغا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتىكى تۇرلۇك
ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش جۇملىسىدىندۇر. ئىشقىيارنىڭ
تەبىئەت ۋە تەبىئەت بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى

چۈشەنچىسىمۇ باشتىن ـ ئاخىر بىردەك.

ئىشقىيار خاراكتېرىدە ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىكىنىڭ بۆرىگە تېۋىنىشتىن ئىبارەت يەنە بىر تەرىپىمۇ بار. ئۇ ھەربىي سەپكە ماڭىدىغان كۈنى بوۋىسى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا «بۆرىدەك باتۇر، ۋاپادار، ھۇشيار، ئەقىللىق، چەبدەس، مەردانە بول!» دەپ بۆرە ھوشۇقىنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويىدۇ. شۇنداقلا بۆرە رىۋايە-تىنى سۆزلەپ بېرىپ، بۆرىنى ئۇلۇغلاش، بۆرىگە تېۋىنىشنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

تەبىئەتنى، جانلىقلارنى سۆيۈش، ئاسراش، قوغداش بىلەن بۆرىنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا تېۋىنىش ئىشقىيار ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىكىسىنىڭ ئايرىلماس ئىككى تەرىپىدۇر. ئەمما، ئىشقىيار خاراكتېرىنىڭ قىممىتى يالغۇز ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىك ئامىللىرىغا باي بولغانلىقى بىلەنلا ئۆلچەنمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ خاراكتېرىدە يەنە زامانىۋى ئاڭ — بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئېڭى ۋە كرىزىس ئېڭى، كرىزىس تۇيغۇسى قويۇق ھەم كۈچلۈك بولغانلىقىدا، غالىب كەلگەنلىكىدە، ئىنسانىيەتكە خاس بولغان گۈزەللىك قارىشىنى قورقماي نامايان قىلغانلىقىدا كۆرۈ-لىدۇ. ئىشقىيار نېمە ئۈچۈن چىشى بۆرىنى ئېتىۋېتىپ، بۆغا بالىسىنى قوغداپ قالدى؟ مۇلاھىزىمىزدە يەنە مۇنداق نۇقتىنىمۇ چىقىش قىلىمىز: بۆرىنىڭ بۆغا بالىسىغا قەھرى بىلەن يېقىنلى-شىۋاتقان ۋاقىتتىكى ھالىتى بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىشقىيار-دىن ئىبارەت ۋەكىلىنىڭ ئېڭىدا گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ كۈرىشى بولۇپ گەۋدىلەندى. بۇ ئىشقىيارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى پسىخىكىسىنىڭ قۇلى بولماستىن، يازغۇچى زامانىۋى ئاڭ يۈك-سەكلىكىدە ياراتقان ئىجادىي ئوبراز ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن جايىدا دەلىللەيدۇ.

ئىشقىيار ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىكىنىڭ قۇلى بولماستىن، ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغۇچى، ئۇنى زامانىۋى ئاڭ يۈكسەكلى-

كىگە كۆتۈرۈپ بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەرەپدارىدۇر. يازغۇچىنىڭ ئىشقىيار ئوبرازىنى، ئۇنىڭ بۇغا بالىسى بىلەن بولغان «قېرىنداشلىق» مۇناسىۋىتىنى، تەبىئەتنى سۆيۈش روھىنى شۇنچە ئىنچىكە، شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچە تەپسىلىي تەسۋىرلىشىمۇ ئىشقىيار خاراكتېرىدىكى بۇ خىل ماھىيەتلىك تەرەپنى ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي پسىخىكىسىغا ھەققىي سادىق بولغان ھالدا توغرا، تەسىرلىك قىلىپ يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر يازغۇچى ئىشقىيار خاراكتېرىدىكى بۇ ماھىيەتلىك تەرەپنى گەۋدىلەندۇرۇشكە سەل قارىغان بولسا، ئىشقىيار خاراكتېرى بۇنچە جەلپ قىلارلىق يارىتىلمىغان بولاتتى. ھەتتا ئۇ ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىك ئامىللار چىرماپ كەتكەن، بۈگۈن ئۈچۈن ھېچقانداق بەدىئىي ئويلاندۇرۇش قىممىتى بولمىغان ئوبرازغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئەزەلدىن پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىسى بولۇپ كەلدى. پۈتكۈل پەلسەپە تارىخىدا بۇ مۇناسىۋەت ھەققىدىكى كۆز قاراش، تەتقىقاتلار مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. بۇ خىل قاراشلار بۈگۈنكى كۈندە دۇنياۋى خاراكتېر ئېلىپ، شەرق ـ غەرب ئۈچۈن ئورتاق مەسىلىگە ئايلانماقتا. بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي پەلسەپە تارىخىمىزنى ۋاراقلىغان ۋاقتىمىزدا، بۇ مۇناسىۋەت تېمىسىنىڭ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى قانداقتۇر غەربتىن «ئېلىپ كىرىش»نىڭ مەھسۇلى بولماي، بەلكى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆز تۇپرىقىمىزدا يېڭىباشتىن جانلىنىشقا، پارلاشقا باشلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ھەممىگە مەلۇمكى، غەرب ئەللىرىدە تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، ئۆزگەرتىش غايىسى بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى-

ـرىدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈ-
شى، سانائەت، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ
ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە چەك-
تىن ئېشىپ كەتكەن بۇ «تەلەپ، ئارزۇ، غايە» لەرنىڭ تەبىئەتنى
ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماستىن، ئەكسى-
چە، تەبىئەتنى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئىنسانىيەتكە ئا-
پەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى مۇتەخەس-
سىسلەر ئىسپاتلىماقتا. ئىنسانىيەت بۇنداق ئەھۋالدا يەنە نېمىنى
ئويلىشى كېرەك؟ مۇھىتنى ئاسراش، گۈزەل تەبىئەتنىڭ ئالقان-
دەك قىسمىنىمۇ ۋەيران بولۇشىغا يول قويماسلىق ئۇلار ئۈچۈن
ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئورتاقلىققا ئايلاندى. قىسقىسى،
ئىنسانلار ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە قايتىدىن
ئويلىنىشقا باشلىدى. بىر قىسىم غەرب مۇتەپەككۇرلىرى 70 ـ
يىللاردىن كېيىن نەزەرىنى شەرققە ئاغدۇرۇپ، شەرق خەلقلىرى-
نىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى تەبىئەتنى سۆيۈش، ئاس-
راشقا دائىر پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرگە ناھايىتى قىزىقتى. ئۇلار
ئېلىمىز خەلقىنىڭ «ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەر بىر
گەۋدە» ، «تەڭرى بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكى» ئىدىيىلىرى ئاسا-
سىي مەزمۇن قىلىنغان تەبىئەتنى قوغداش پائالىيەتلىرىنى مەدھى-
يىلىدى.

ئەپسانە، رىۋايەت بىلەن يازما ئەدەبىياتىمىز زىچ مۇناسىۋەتكە
ئىگە. يازما ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بۇلار ئوخشى-
مىغان خاراكتېردىكى مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئايرىلىپ
تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قايسى دەۋرلەردىكى يازغۇچىلارنىڭ
ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئامىباب، تەسىرلىك يارىتىشىدا
ئۇنۇملۇك رول ئويناپ كەلمەكتە.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ناۋاپىنىڭ «سەددى ئىسكەن-
دەر» داستانىدا شائىرنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلى-

كى، ئادالەتسىزلىكى، ئىتتىپاقسىزلىقىغا قارشى تۇرۇپ، تىنچ ـ ئاسايىشلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئىدىيىسى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن غايىۋى شاھ ئىسكەندەر رىۋايىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. موللا ئەلەم شەھيارىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىكى ئەركىن نىكاھ، ئەركىن مۇھەببەت قارىشى خەلق ئارىسىدىكى گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئارقىلىق تەسىرلىك، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىز مۇلاھىزە قىلىۋاتقان «ئاقساق بۇغا» ئەنە شۇنداق ئىجادىيەت ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلغان ئەسەردۇر. ئەسەردە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن، توتېم ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «بۆرە ئەپسانىسى» بىلەن تەبىئەتنى سۆيۈش، ئاسراش، قوغداشتەك ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىكىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئوغۇز رىۋايىتى» تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، قوغداش، ئاسراشقا چاقىرىش خاھىشى ئۈستىدە يۇقىرىدا ئەخلاقىي، دىنىي، پەلسەپىۋى نۇقتىدىن مۇلاھىزىلەر ئېلىپ باردۇق. بۇ خاھىشنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادا ئوينايدىغان ئىجابىي ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق. مەسىلىنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە زادى بولمايدىغان مۇنداق بىر تەرىپىمۇ بار. بۇ تەرەپ ئۈستىدە توختىلىشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇشۇ خىل تېمىدىكى ئىجادىيەت ئىشلىرىدا ئەھمىيىتى بار، دەپ قارايمەن.

بىرىنچى، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش كۈرىشىنى قانداق باھالاش مەسىلىسى.

ئادەم تەبىئەتنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭغا تايىنىپ ياشايدۇ. ئەمما، بۇنداق دېگەنلىك ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا ئېلىپ بارغان بارلىق پائالىيەتلىرى خاتا دېگەنلىك ئەمەس ياكى بولمىسا تەبىئەتكە چوقۇنۇش دېگەنلىك-

مۇ ئەمەس. ئەدەبىيات ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ئادەمنىڭ تەبىئەتكە نىسبەتەن ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش پوزىتسىيىسىنى ئاددىي ھالدا ئىنكار قىلىۋەتمەسلىكى، ساپ ماسلىق مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. ئەدەبىياتتا تەنقىدلىنىدىغان، پاش قىلىنىدىغان ئۆزگەرتىش ۋە بويسۇندۇرۇش — ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەم تەرەققىياتى جەريانىدا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، ئىلغار پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆزگەرتىش ۋە بويسۇندۇرۇش ئەمەس، بەلكى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، تەڭپۇڭلۇققا زىيان يەتكۈزۈپ، ئىنسانىيەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان «ئۆزگەرتىش» ۋە «بويسۇندۇرۇش» تۇر. شۇڭا، ئەدەبىياتىمىزدا بۇ تېما تەسۋىرلەنگەندە مانا شۇنداق خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم. «ئاقساق بۇغا» ناملىق ئەسەردە ئالدى بىلەن دەل مۇشۇ نۇقتىغا سەل قارالغان. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ماس ھالدىكى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھالدىكى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرق ئېنىق تاپشۇرۇلمىغان. لوگىكىلىق نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەسەردە ئانا يەرگە، جانلىق مەۋجۇداتلارغا، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرگە كۆيۈنۈش، ئۇلارنى سۆيۈش، ئاسراش لازىمكى، ئۇلارغا زادى «قول تەگكۈزمەسلىك» كېرەك، ئۇلارنى ئۆز «قېرىندىشى» دەك كۆرۈش لازىمكى، ئۇلارنى ھەرگىز «يات كۆرۈش» كە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، تەبىئەتنىڭ «جازا» سىغا ئۇچراپ ھالاك بولىدۇ، دېگەندەك بىر خىل قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك خاھىش گەۋدىلىنىپ قالغان. ھەتتا ئەسەردە «ھايۋانات باغچىسى» دىن ئىبارەت بۇ خىل مەدەنىيەت بەلگىسىمۇ يازغۇچى تەرىپىدىن ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنى «ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەر-

مىگەنلىك» ، «چۈشەپ قويغانلىق» ، «ياشاش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغانلىق» دەپ ھېسابلىنىپ، يەڭگىللىك بىلەن ئىنكار قىلىنىۋېتىلگەن. پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئەسەردىكى باغچا خىزمەتچىسىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى مىسال كەلتۈرىمىز: «مۇشۇ بىچارە ھايۋانغا نېمە كۈن مۇشۇ؟! مۇشۇلارمۇ خۇدا ياراتقان جان ئەمەسمۇ؟ خەقنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈنلا بۇلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش، بالا - ۋاقىلىرىدىن، كەڭ تەبىئەتتىن مەجبۇري ئايرىپ، مۇشۇنداق قەپەسكە بەند قىلىۋېتىش ئۇلار (ھايۋانلارنى دېمەكچى) ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇقراق ئازاب ئەمەسمۇ؟»

بىز ئەلۋەتتە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، جانلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزئارا ماسلىقنى تەشەببۇس قىلىمىز. بىراق بۇ ماسلىق مۇناسىۋەت ھەرگىزمۇ تەبىئەتنى ئۆز قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ئۆزگەرتىش مۇناسىۋىتىدىن ۋاز كېچىشنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش ئىنسانىيەتكە بەخت، گۈزەللىك يارىتىشنىڭ بىر ئاساسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى. شۇڭا، ئىنسانىيەت زامانىۋى ئىلىم - پەن ۋاسىتىسى بىلەن تەبىئەت سىرلىرىنى ئاچىدۇ، ئۇنى ئىگىلەيدۇ، ئۆزگەرتىپ بارىدۇ. جانلىق مەۋجۇداتنى ئاسراش، ئۇلارنىڭ نەسلىنى تېخىمۇ كۆپەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئۇلارنى كۆندۈرۈپ تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىپ، «قوغداش، ئاسراش» نىلا تەكىتلەپ، ئۇلارنى مۇتلەق «ئەركىن ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش»نى تەشەببۇس قىلىش، ئىنسانىيەتنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەيىبلەش، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈستىدىن قارىقويۇق «چىرىكلىك» دەپ شىكايەت قىلىش جەمئىيەت تەرەققى-

ياتى نۇقتىسىدىنمۇ، بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ كرىزىس تۇيغۇسى ھەم بۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن ئۆز - ئۆزىنى سوتلاش ئېڭى نۇقتىسىدىنمۇ توغرا ئەمەس. ئەسەردە ئىشقىيار بىلەن روتا كوماندىرى ئوتتۇرىسىدا بۇغا بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، پولك كوماندىرىنىڭ كېسىلىگە دورا قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلات بېرىلگەن. بىز بۇ تەپسىلاتنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان، ئاپتور تەرىپىدىن ئادەملەرگە قويۇلۇۋاتقان مۇنداق ئورۇنسىز سوئاللارنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز: «تەبىئەتتىكى جانلىق مەۋجۇداتلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك مۇئامىلىسى نېمىشقا ماس كەلمەيدىكەن؟ »، «جانلىقلار تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىلىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭمۇ تەبىئەتتە خۇددى ئادەملەردەك ياشاش ھوقۇقى بولمامدۇ؟ »، «ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاق مۇناسىۋىتى ئادەم بىلەن ھايۋانات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگىمۇ باب كەلسە بولمامدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاشلار.

ئىككىنچى، ئادەم بىلەن تەڭرىنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى پەلسەپىۋى قاراشلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى.

بىز ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىغا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئەدىب، مۇتەپەككۇرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىۋى، ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە تەبىئەت، تەڭرى، ئىنسان توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ فارابىنىڭ فانتىزملىق پەلسەپىسىنىڭ شەرقتە قازانغان ئۇتۇقى شۇكى، ئۇنىڭدا تەڭرى (ئىلاھ) ئىنكار قىلىنمايدۇ. بەلكى، تەڭرى تەبىئەتتىن تاشقىرى بولماي، تەبىئەت ئىچىگە سىڭگەن دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. تەڭرى تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە دەپ قاراپ، تەبىئەتتىن ھالقىغان ئىلاھنىڭ بولۇشى كەسكىن رەت قىلىنىدۇ. فارابى يەنە ئادەمنى ماددىي نۇقتىدىن تەبىئەت بىلەن

قوشۇۋېتىدۇ. نەتىجىدە فارابىنىڭ فانتىزملىق پەلسەپىسىدە «ئا-
دەم بىلەن تەڭرىنىڭ بىرلىكى» دەلىللىنىدۇ. 11 - ئەسىردىكى
مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى
پەلسەپىسىدە تەڭرىنى تەبىئەتكە زىت ئورۇنغا قويماستىن، تەبى-
ئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن، ئالەم گارمونىيىسى ۋە
تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلىغان. ئەنئەنىۋى
مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا باشتىن - ئاخىر سىڭ-
گەن بۇ خىل ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلار ئوتتۇرا ئەسىر خۇراپات-
لىقىدا، فېئودال ھاكىممۇتلەقلىق، ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرى
ئاستىدا خورلىنىۋاتقان ئادەمنى، ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئۇلۇغلاش،
ئۇنى ئالەم بىرلىكى قارىشى ئاساسىدا قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم
رول ئوينىدى.

يۇقىرىقىلاردىن ئېنىقكى، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى-
مىزدىكى ئاۋۋال «تەڭرى بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىكى» دىن «تەڭ-
رى بىلەن ئىنساننىڭ بىرلىكى» نى يارىتىش چۈشەنچىلىرىدە باش-
تىن - ئاخىر بىر تەرەپتىن تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، سۆيۈش،
قەدىرلەش ئىدىيىسى تەشەببۇس قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن،
ئادەمنىمۇ ئۇلۇغلاش، قەدىرلەش ئىدىيىسى ئاساسىي ئورۇندا
تۇرۇپ كەلگەن. تەڭرى — تەبىئەت — ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى
«ئالەم بىرلىكى» نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يادروسى قىلىنغان. ئەدەبى-
ياتىمىزدا ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىكى مۇشۇنداق تەرەپ-
لەرنىڭ مۇناسىۋىتىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈر. «ئاق-
ساق بۇغا» دا ئەنئەنىۋى پەلسەپىۋى قاراشلىرىمىزدىكى يۇقىرىقى-
دەك تەڭرى — تەبىئەت — ئادەم مۇناسىۋىتىدىكى ئىچكى گارمو-
نىك بىرلىككە دىققەت قىلىنمىغانلىقتىن، ئادەملەرنى پۈتۈنلەي
ئىجتىمائىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن باھالاپ، ئۇنى تەبىئەتتىن
ئايرىپ تاشلاپ، تەبىئەتكە ئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى تاشقى ئامىلغا
ئايلاندۇرۇپ قويغان. بەزى تەپسىلاتلاردا ھەتتا ئادەملەرنىڭ ئورنى

كەمسىتىلىپ، بىر تەرەپلىمە هالدا تۈۋەنلىتىۋېتىلگەن، تەبىئەت ئالدىدا، جانلىقلار ئالدىدا جاۋابكارلىق سەھنىسىگە چىقىرىپ قو-يۇلغان. ئىشقىيار بۇ سەھنىدىكى جاۋابكارلارنىڭ بىرىدۇر.

«ئاقساق بۇغا» ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، جانلىقلارنىڭ مۇنا-سىۋىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىك ئەسەر بولغاچقا، مەزكۇر ماقا-لىدىمۇ مۇلاھىزە ئاساس قىلىندى. ئاخىرقى ھۆكۈم، باھا يەنىلا ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا مەنسۇپ.

# مۇھەممەتجان سادىقنىڭ مائارىپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئەمگەكلىرى توغرىسىدا

پروفېسسور مۇھەممەتجان سادىق ئۇيغۇر مائارىپى بىلەن 42 يىل شۇغۇللىنىپ، ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ ھەممىسىدە دەرس ئۆتۈپ مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ ياراملىق ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەپ كەلگەن زامانىمىزنىڭ تۆھپىكار باغۋەنى.

ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيە — ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئەتراپلىق، مول بولغان تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان مۇنەۋۋەر تەتقىقات خادىمى ھەم مۇتەخەسسىستۇر.

پروفېسسور مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئىلمىي ھاياتى ئوقۇ-تۇش، ئەدەبىيات — مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە شېئىرىيەت — پروزا ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مانا بۇ ئۈچ تەرەپتە توختىماي ئىزدىنىپ ھەممە بىر دەك قايىل بولىدىغان نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئو-قۇتۇش — تەربىيىلەش جەھەتتىكى ھاياتى ئۇزۇن، تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغاچقا، 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «ئالىي مائارىپ سېپىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى يەنە ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايون-لۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەتنىڭ ئالاھىدە تەمىناتى-دىن بەھرىمەن بولغۇچى مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دېگەن نام بېرىل-گەن.

پروفېسسور مۇھەممەتجان سادىق 1941 - يىلى 9 - ئايدىن 1948 - يىلىغىچە غۇلجا شەھەرلىك «روشەن» باشلانغۇچ مەك-

تەپ ۋە ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. 1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئىلى رۇس گىمنازىيىسىگە كىرىپ بۇ مەكتەپتە رۇس تىلى ۋە رۇس ئەدەبىياتى ئۆگەنگەن، كېيىن قايتا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. 1952 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلىغىچە مۇھەممەتجان سادىق شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەنگە تەقسىم قىلىنىپ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1955 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن ھەم ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە تەلەپ بويىچە دەرس ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدا تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن رۇس ئوقۇغۇچىلىرىغا رۇس تىلىدا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەن. 1956 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ يېڭىدىن قۇرۇلغان شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1961 ـ يىلى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قەشقەرگە كۆچۈپ كەتكەندە مۇھەممەتجان سادىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئالمىشىپ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ مۇشۇ يىلى ئۇنىۋېرسىتېت بويىچە ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلاردىن تۇنجى بولۇپ لېكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەم تۇنجى ئۇيغۇر لېكتورى بولۇپ سانالغان. 1963 ـ يىلى 5 ـ ئايدا غۇلجىغا يۆتكىلىپ كېلىپ 1979 ـ يىلىغىچە ئىلى ئوبلاستلىق ۋە غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ

ئىدارىلىرىدە خىزمەت قىلغان. 1979 ـ يىلى ئىلى يەنى ئەخمەت-
جان قاسىمى نامىدىكى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، ئىلى پېداگو-
گىكا ئىنستىتۇتى بولۇپ قۇرۇلغاندا بۇ ئىنستىتۇتقا يۆتكىلىپ
كېلىپ 1993 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇرۇشتا يېڭىلگەن مىللەت هامان بىر كۈنى قايتا روناق
تاپالىشى مۇمكىن، ئەمما مائارىپتا يېڭىلگەن مىللەت مەڭگۈ قايتا
روناق تاپالمايدۇ، دەيدىغان دانا پىكىر زامانىمىزدىكى ھەر بىر
كىشىگە ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئەقىل ـ پاراسەتلىك يەھۇدىي مىللىتىنىڭ «بىلىمسىز-
لىك — نامراتلىق» دەيدىغان بىر ئېغىز ئەقلىيەسى بار. يولداش
دېڭ شياۋپىڭمۇ «بىر مىللەت ئۆز ئەزاسىنىڭ پىداكارلىق روھى-
نى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمىسا بۇنداق مىللەتنىڭ
ئۈمىد يوق» دېگەنىدى. دېمەك، مائارىپ كىمنىڭ قولىدا بولسا
تەرەققىيات شۇنىڭ قولىدا بولىدۇ. قايسى خەلقنىڭ مائارىپچىسى
كۆپ بولسا شۇ خەلقنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ
روشەن ۋە مۇكەممەل بولغان بولىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ
خاس ھاجىپلار 11 ـ ئەسىردە ئەخلاق ۋە بىلىمنى مەركەز قىلغان
تەربىيە ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دەسلەپ ئۇيغۇر مائارىپى-
نىڭ بىر قەدەر سىستېمىلىق ئۆرنىكىنى ھاسىل قىلغانىدى.
لېكىن سوپىزملىق، دىنىي مىستىك ئىدىيىلەرنىڭ بېسىمىدا
چىقىش يولى تاپالمىغان بۇ مائارىپچىلىق يولى 20 ـ ئەسىرنىڭ
كىرىشى بىلەن قايتا باش كۆتۈرۈشكە باشلاپ ئاخىرى مەمتىئىلى
تەۋپىق ئەپەندىنى مەركەز قىلغان يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى
يورۇقلۇققا چىقاردى. بىر قىسىم ئىلغار كىشىلەر مەكتەپ ئې-
چىپ قوللىدى. بۇ ۋاقىتتىكى مائارىپىمىز ئەقلىيچىلىكنى يې-
تەكچى قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا يېتەك-
لىدى. ئەۋلادلىرىمىزغا ھازىرقى زامان ئىدىيىسى تەربىيىسىنى

قوبۇل قىلدۇرۇش يولىنى تۇتتى.

مەمتىلى ئەپەندىدەك جەسۇر مائارىپچىلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى تۈزۈمىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن مائارىپىمىز ئىككىنچى قېتىم ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىلغار ئىدىيە ـ ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرى چىقمىدى.

ئېلىمىزدە ئازاتلىق تېگى ئېتىپ 50 — 60 ـ يىللارغا كەلگەندىلا ئاندىن يېڭى دەۋر مائارىپىمىزنىڭ سەھىپىسى بارلىققا كەلدى. ماركسىزملىق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دەرسلىكلەرنى تەسىس قىلىشتىن تۈزۈش، ئۆتۈش جەريانلىرىغىچە پۈتۈنلەي يېڭى ئىدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان ئوقۇتۇش يولغا قويۇلدى.

مۇھەممەتجان سادىق ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۇ-چىنچى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ غوللۇق ئەزاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمدىلا باشلان-غان يېڭى دەۋر مائارىپىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا 50 ـ يىللار ئىنتا-يىن بىر مۇشكۈل يىللار ئىدى. دەرس تۈرلىرى تولۇق بولمىغان-نىڭ سىرتىدا مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى دەرسلىك ماتېرىياللىرى-نىڭ يوق دېيەرلىك ھالدا بولۇشى مىللىي مائارىپنىڭ ئىلگىرى-لەش يولىنى توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستى-تۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مۇھەممەتجان سادىق بۇ ئالاھىدە دەۋرنىڭ ئۆزىگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيىتىنى قەتئىيلىك بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ ئەڭ ئاۋۋال تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلاپ مىللىي تىلدىكى دەرسلىك تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. نەتىجىدە «ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى بايانلىرى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبى-يات تارىخى» قاتارلىق دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى دەسلەپكى قە-دەمدە يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈردى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتتى. ئەشۇ يىللاردا مۇھەممەتجان سادىق دەرسلىك ماتېرىيالىنى تۈزۈپ رەسمىي دەرسلىك قىلىپ ئۆتكەن «ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى بايانلىرى» ناملىق دەرسلىك
ماتېرىيال ھازىرمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇل-
تېتىدا ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق ئۆتۈلۈپ كەلمەكتە.

مۇھەممەتجان سادىق ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان
دەۋرلەرنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن ئاساس سېلىش دەۋرى دېيىشكە
بولاتتى.

بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قوشۇن جەھەتتە
تولۇقلۇقلا، دەرسلىك ماتېرىياللىرى جەھەتتە مۇكەممەللىككە،
دەرس تۈرلىرى جەھەتتە ئۆلچەملىشىشكە يېتىشىنى، ئوقۇتقۇچى-
لارنىڭ ھەرقايسى دەرس تۈرلىرى بويىچە كەسپىلىشىشكە يېتى-
شىنى، مۇھەممەتجان سادىققا ئوخشاش بىر ئەۋلاد جاپاكەش مائا-
رىپچىلىرىمىزنىڭ كېچە ـ كېچىلەپ ئىزدەنگەنلىكىدىن، چارچى-
غىنىنى ئۇنتۇپ ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكىدىن، تەر ئاققۇزغانلىقى-
دىن دەپ قارايمىز! ئۇ يەنە قايسى دەرسنى ئۆتۈشتە ئوقۇتقۇچى
يېتىشمەي قالسا دەرھال شۇ دەرسنى ئۆتۈشنى ئۆز ئۈستىگە
ئالاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا بىر قانچە سىنىپقا
بىر قانچە دەرسنى يالغۇز ئۆزى ئۆتۈپ كېلىشتەك ئەڭ جاپالىق
دەۋرلەرمۇ بولغان. مۇھەممەتجان سادىق شۇ يىللار ھەققىدە ئەس-
لىگىنىدە «مەن ئۆتۈپ باقمىغان دەرس يوق ئىدى» دەيدۇ. ئۇ
دەرسلەرنىڭ ئۆتۈلمەي قېلىشىغا، ئەۋلادلارنىڭ ئىلىم ئىگىلەش
تەشنالىقىنىڭ قاندۇرۇلماي قېلىشىغا بىر سېكۇنتمۇ قاراپ تۇرال-
مايدىغان ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئەلنى ئويلايدىغان، ئەۋلادلارغا يۈك-
سەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان مېھرىبان باغ-
ۋەن ئىدى! ئەينى يىللارنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە
تەسىس قىلىنغان دەرسلىكلەر ئىچىدە يەنە چەت ئەل ئەدەبىياتى،
سوۋېت ئەدەبىياتى، ئۆزبېك ئەدەبىياتى، جۇڭگو كلاسسىك ئەدە-
بىياتى، يېزىقچىلىق، تەنقىقاتچىلىق، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىيات
نەزەرىيىسى قاتارلىق كۆپلىگەن دەرسلىكلەرمۇ بار ئىدى.

بۇ دەرسلىكلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش، تەسىس قىلىشقىمۇ ئوخشاشلا مۇھەممەتجان سادىق قاتناشقان ھەم يېتەكچىلىك قىلغان، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتكەن. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ دەرس سۆزلەش، شۇنداقلا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ دەرسنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر قىلىپ سۆزلىگەندىن باشقا نۇتۇقىنىڭ ئاددىي، ئىخچام بولۇشىنى، سۆزنىڭ دەل، چىن بولۇشىنى قوغلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلالىتتى. ئۇنىڭ 42 يىل ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە دەرس سۆزلەپ بىر قېتىممۇ ئوقۇغۇچىلاردىن دەرس ھەققىدىكى ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق نارازىلىق ئىنكاسىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكى كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش.

مۇھەممەتجان سادىق 1963 - يىلى غۇلجا شەھىرىگە يۆتكىلىپ مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىدا بىر مەزگىل ئىشلىدى. غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ كۆپىيىشى، ئوقۇتۇش شارائىتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى جەھەتلەردە ئۇ نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1979 - يىلى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ بۇ مەكتەپتە ئىلگىرىكى ئەدەبىيات گۇرۇپپىسىنى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ ئۆزى فاكۇلتېت مۇدىرى بولدى. ئۇ ئاۋۋال ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاشنى چىڭ تۇتتى. بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك، پىشقان ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەپ كەلدى. ئاندىن ئۇنىۋېرسال پەنلەرنى تەسىس قىلىشتىن باشلاپ كەسپىي دەرسلىكلەر قۇرۇلمىسى ۋە سانىنى تولۇقلىدى. شۇنداق قىلىپ يېڭى قۇرۇلغاندا پەقەت 17 نەپەر ئوقۇتقۇچىسى بار بولغان ئەدەبىيات فاكۇلتېتى مۇھەممەتجان سادىقنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن تېز تەرەققىي قىلىپ بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تولۇق، كەسپىي دەرس تۈرلىرى ئۆلچەمگە يەتكەن، ئوقۇتۇش سۈپىتى

جەھەتتە ئىنستىتۇت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ
فاكۇلتېتقا ئايلاندى.

مۇھەممەتجان سادىق يېڭى دەرسلەرنى تەسىس قىلىش ۋە
زۆرۈر ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويغاندا مەكتەپنىڭ خاراك-
تېرىنى چىقىش قىلىشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى. ئىلى
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۇ-
چۇن يارامىلىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۇرۇپ بېرىشتەك تۇپ نىشانىنى
چىقىش قىلىپ تۇرۇپ بىرمۇنچە يېڭى دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ
كىرگۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ
تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن تاللانمىلار تەھلىلى» ناملىق
دەرس ۋە بۇ دەرسنىڭ مۇھەممەتجان سادىق يېتەكچىلىكىدە تۈزۈل-
گەن ئىككى قىسىملىق دەرسلىك ماتېرىيال شىنجاڭ خەلق نەشرى-
ياتى تەرىپىدىن 1993 - يىلى نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا سىفەن مەكتىپىنىڭ قىزغىن
ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ 80 - يىللاردا ئاچقان «ئۇيغۇر شېئىرى-
يىتى تەتقىقاتى» «ئۇيغۇر پروزا تەتقىقاتى» قاتارلىق تاللانغان
دەرسلىكلەر ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئۆتۈلۈپ بارغانچە
مۇكەممەللىشىپ ئالىي مەكتەپ دەرسلىك قۇرۇلمىسىدىكى بىر
بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ دەرسلەر نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايونى-
مىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كېڭەيتىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ
دەرسلىكلەردە بىر تەرەپتىن، شېئىرىيەت پروزا ئەسەرلىرىنى
تەھلىل، تەتقىق قىلىشنىڭ ئۇسۇل - مېتودلىرى كونكرېت ئەمە-
لىي يەكۈنلەنگەن، مۇكەممەل نەزەرىيىۋى كۆز قاراش سۇپىتىدە
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شېئىرىيەت -
پروزىمىزدىكى نەمۇنىلىك ئەسەرلەر ئۈستىدە تەھلىل - مۇلاھى-
زىلەر ئېلىپ بېرىلغان. شۇنداق بولغاچقا، بۇ دەرسلىك كەڭ
كەسىپداشلارنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شېئىرىيەت ۋە پروزا ئەسەر-
لىرىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش، چۈشىنىش قابىلىيىتىنى يۇ-

قىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىكەن دېگەن باھا-
سىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ
تەتقىقاتى» ناملىق دەرس ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر
ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئېچىلىپ
ئۆتۈلۈپ كەلمەكتە.

مۇھەممەتجان سادىق مانا شۇنداق پىشقان ئوقۇتقۇچى بولۇش
بىلەن بىرگە يەنە تەجرىبىلىك يېتەكچى. ئۇ فاكۇلتېت مۇدىرى
بولۇپ ئىشلىگەن ئون نەچچە يىلدا «ئوقۇتۇشتا، سۈپەت بىرىن-
چى» ، «ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ئۆز كەسپىي دەرسىنى ياخشى ئۆت-
كەندىن باشقا چوقۇم شۇ كەسىپ دائىرىسىدە ئىلمىي تەتقىقات
بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك» دېگەندەك بىر قاتار تەشەببۇسلارنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى. ئۇ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن
شۇغۇللانمىغان ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ دەرس سۈپىتىنى يۇقىرى
كۆتۈرەلمەيدۇ، كەسپىي ساپا چوقۇم ئىلمىي تەتقىقات ئىقتىدارى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، دەپ قاراپ پۈتكۈل ئىنستىتۇت
بويىچە تۇنجى بولۇپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ھەر يىلدا بىر نۆۋەت
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاپ مۇكاپات-
لاشنى يولغا قويۇپ كەلدى.

ئوقۇتۇش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش
ئۈچۈن ئۇ يەنە «بەش بىر» رامكىسىنى تۈزۈپ يولغا قويدى. يەنى
ئوقۇتۇشتا «بىر ياخشى دەرسلىك بولۇش، بىر ياخشى دەرس
سۆزلەش ئۆلچىمى ھازىرلانغان بولۇش، بىر ياخشى تېزىس بو-
لۇش، بىر ياخشى تاپشۇرۇق بېرىش ۋە تەكشۈرۈش بولۇش، بىر
ياخشى ئىمتىھان ئېلىش بولۇش»تىن ئىبارەت بولغان قاتتىق
تەرتىپ ھەربىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىلدى. ئۇ-
نىڭدىن باشقا، ئۇ تەجرىبىلىك پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردىن بىر
دائىملىق دەرس ئاڭلاش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئوقۇتۇش
سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى

تېخىمۇ ئاشۇردى.

مۇھەممەتجان سادىق يەنە ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىگە ھەممىدىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان يېتەكچى. ئۇ ياشلارغا نىسبەتەن «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش — بىر يارامىلىق ئوقۇتقۇچى بولۇشنىڭ يولى» دېگەن تەلەپنى قويۇپ كەلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ياشلارغا ئۈلگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ياشلارغا تەتقىقات تېمىسىلىرىنى تەييارلاپ بېرىپ يازغان ماقالىلىرىنى كۆرۈپ ۋە ئۇلارغا توغرا پىكىر بېرىپ ئۇلارنى ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۈگۈنكى كۈندە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا يېتىشىپ چىققان ئىختىساس ئىگىلىرى مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان تەسىرىنى يۇقىرى باھالايدۇ.

مۇھەممەتجان سادىق 1986 - يىلى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بويىچە تۇنجى بولۇپ دوتسېنتلىق ئۇنۋانىنى، 1990 - يىلى يەنە تۇنجى بولۇپ پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىنى ئالدى. پروفېسسور مۇھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۆتكۈزگەن ئوقۇتۇش ھاياتى جەريانىدا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ، شارائىتى ئەڭ جاپالىق يەرلەردىمۇ ئىشلەپ كەلدى.

مىللىتىمىزنىڭ قەلبىنى يورۇتۇش، ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كەلگۈسىنى نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇ - تىنىمسىز ئەجىرلەرنى سىڭدۈردى. ئىلىم ۋە ھايات يولىدا نۇرغۇنلىغان ئىزدىنىشلەرنى، سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر پېشقەدەم مائارىپچىمىزغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇ ئەزەلدىن جاپا - مۇشەققەتتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورققان ئەمەس! ئۇ ھاياتنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ قىممەتلىك ئىشلارنى

قىلىش دەپ بىلىپ كەلدى. بىز ئىپتىخارلىق بىلەن شۇنى ئېيتا-
مىزكى، مۇھەممەتجان سادىق ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئوقۇتۇشىدا
ئىلغار تەشەببۇسلىرى ۋە ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن ئۆز ئالدىغا
بىر مەكتەپ — يول ياراتتى! ئۇ زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق شائىرى-
مىز بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر ئاتاقلىق پېداگوگىكتۇر! بىز
ئۇنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، دەرسلىك ماتېرىيال تۈزۈش،
دەرسلىك تەسىس قىلىش جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىدىن تارتىپ ئو-
قۇتقۇچىلارغا بولغان تەلەپ تەربىيىلەش ئۇسۇلى، دەرس ئۆتۈش،
شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ ئۆلگىلىرىنى مىللىي مائارىپنىڭ ئالاھى-
دىلىكى بىلەن قانداق بىرلەشتۈرۈش ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى-
غىچە سىستېمىلاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ چىقساق، كۆز ئالدىمىز-
دا بىر مۇكەممەل پېداگوگىكىلىق چۈشەنچە شەكىللەندۈرەلەيمىز.
مۇھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ پىداكارلىق روھىنى جارى
قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئۆزى ئىلىم بېرىپ يېتىشتۈرۈپ كەل-
گەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىگىمۇ بۇ خىل روھنى سىڭدۈردى.
بۈگۈنكى كۈندە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ - مەدەنىيەت،
ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە تۆھپىكارلاردىن سانىلىۋاتقان پرو-
فېسسور مۇتەخەسسىس ئابدۇكېرەم راخمان ۋە ئەخەت تۇردى،
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، مۇھەممەت شاۋدۇن، تۇرسۇنئاي ھو-
سەيىن... قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدىپلىرىمىز ئەينى يىللاردا مۇھەم-
مەتجان سادىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ دەرسىنى
ئاڭلاپ، تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ يېتىشىپ چىققانىدى.

## 2

پروفېسسور مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جە-
ھەتتىكى نەتىجىلىرى بۆسۈش خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھايا-
تىدا گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات

تەتقىقاتى، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى — فولكلور تەتقىقاتى، شۇنىڭدەك شېئىرىيەت تەتقىقاتى قاتارلىق كۆپ ساھەلەر بويىچە ئىزدىنىپ ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ مول نەتىجىلەرنى بەرگەن ھەم بېرىپ كېلىۋاتقان تەتقىقاتچىدۇر. ئۇ تەتقىقاتتا پۈتكۈل مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە سىستېمىسىدا ئىنتايىن مۇھىم سانىلىدىغان نازۇك مەسىلىلەرگە چوڭقۇرلاشنى ئاساس قىلغان. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئەسەرلىرى كىشىلەردە يېڭىچە تونۇش ھاسىل قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇ 1985 - يىلى «ئۇدغۇرمىش ئوبرازىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشىغا نەزەر» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رېئالىزملىق دۇنيا قارىشىنى مۇكەممەل شەرھلىدى ۋە ئىلىم ساھەسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشى ھەققىدىكى بەزى مۈجمەل تونۇشلارغا تۈزىتىش بەردى. بۇ ماقالە ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر قەدەم ئالغا سىلجىتىش رولىنى ئوينىدى. بۇ ماقالە دەرھال خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ خەنزۇچە ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇھەممەتجان سادىق ئارقا - ئارقىدىن يەنە «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق بىلەن مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى»، «قۇتادغۇ بىلىگتە ئىپادىلەنگەن دۆلەت كادىرلىرىنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدىكى قاراشلىرى توغرىسىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى يېزىپ، «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتىدا زۆرۈر بولغان بىرمۇنچە ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى يەشتى.

بۇ ماقالىلار 1995 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان. ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىپادىلەنگەن 11 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئىستېمالى» ناملىق ماقالىسى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن ئىل-

گىرىلا قېلىپلاشقان مەدەنىيەت ئېڭى شەكىللىنىپ بولغانلىقىدەك پاكىتنى ناھايىتى ياخشى يورۇتقان» دەپ تەرىپلەنگەن.

پروفېسسور مۇھەممەتجان سادىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور بويىچە تەتقىقاتنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغانلارنىڭ بىرى. ئۇ 1984 ـ يىلى «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە دىن»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. دىنىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان سەلبىي رولىنىلا تەكىتلەيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا تۈزىتىش بېرىپ، دىنىنىڭ ئىجابىي رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەردى. پروفېسسور شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئىزچىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلەرنى يازدى. 1997 ـ يىلى، ئۇنىڭ كۆپ يىللىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقات كىتابى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ھەم مۇشۇ ساھە بويىچە تەتقىقات ئەسىرىنىڭ يوق بولۇشىدەك بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

مۇھەممەتجان سادىق شېئىرىيەت تەتقىقاتى بىلەن 50 ـ يىللاردىن باشلاپلا شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆزى بىر شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشلىرىگە باشتىن ـ ئاخىر مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراپ كەلگەن. ئۇنىڭ 60 ـ يىللاردا «شېئىرىيەت — ئىجادىيەتتۇر» دېگەن ماقالىسى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ، شېئىرىيەتتىكى باش كۆتۈرۈۋاتقان تەقلىدچىلىك ئىللەتلىرىگە كەسكىن تەنقىدلەش ئېلىپ بېرىلغان. مەرھۇم شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوف بۇ ماقالە پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە شۇ ۋاقىتتا ناھايىتى يۇقىرى باھا

بەرگەن. 80 — 90 - يىللىرىغا كەلگەندە، مۇھەممەتجان سادىق شېئىرىيەت تەتقىقاتى بويىچە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ «شېئىرى پىكىر ھەققىدە»، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يېڭى باھار»، «شېئىرىيىتىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە»، «ئۇيغۇرلاردا چاچما شېئىر» قاتارلىق بىرمۇنچە نوپۇزلۇق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

ئۇ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يېڭى باھار» ناملىق ماقالىسىدە گۈڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئىجادىي ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆپ تەرەپتىن تەھلىل قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە بۇ شېئىرلارنىڭ كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىز بىلەن تومۇرداش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماقالە ئېلان قىلىنىش بىلەنلا كەڭ ياشلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن. بۇ يەردە مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ئۇيغۇرلاردا چاچما شېئىر» ناملىق ماقالىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بىز تاكى بۈگۈنگىچە ئۇيغۇرلارغا چاچما شېئىر شەكلى سوۋېت شېئىرىيىتىدىن كىرگەن، ماياكوۋسكىينىڭ ئەنۋەر نا-سىرىغا بولغان تەسىرى ئارقىلىق ئومۇملاشقان دېگەن قارىشنى چىقىش قىلىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ قاراش ھېلىمۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسلىكىدە سۆزلىنىۋاتىدۇ.

مۇھەممەتجان سادىق بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىپ ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چاچما شېئىر شەكلى ئەنئەنىۋى ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىمىزدە ئەزەلدىن مەۋجۇت ئىدى دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ قارىشىنى «يېتىشمىز دەڭ، چىكىشمىز بەڭ، بىزنى سورىغانلارغا، ئامان - ئېسەن تۇرىۋاتىدۇ دەڭ» دېگەن خەلق قوشاقلىرىمىزدىن شۇنداقلا يەنە «چۈنچۈن سالاۋات» قاتارلىق خەلق ئويۇن (ئېيتىشىش) لىرىمىزدىن ئەمەلىي پاكىتلارنى تېپىپ ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ شېئىرىيىتىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنمەي يەنە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل. مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىق شائىرلىرى-

مىزنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىپ بىر قاتار سۆپەتلىك ماقالىلەرنى يازدى ھەم يېزىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ يەنە ئۇيغۇر تارىخ تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەجدادلىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن ھەر بىر تارىخ بېتى ھەققىدە ئۆز ئالدىغا چوڭقۇر ئىلمىي قاراشلارغا ئىگە. ئۇنىڭ 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا نەشر قىلىنغان «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومانى ۋە «ئىلى خەمسەسى» ناملىق بەش داستاندىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ئەسىرى، 97 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «زۇلپىقار» ناملىق رومانى (1 ـ، 2 ـ قىسىم) ، نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان يەنە ئۈچ توملۇق «ئابۇزەر» ناملىق رومانلىرىنىڭ ھەممىسى تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، بەدىئىي ئوبرازلارنى تارىخىي چىنلىق ئىچىدە يورۇتۇپ ھەم تارىخىيلىق ھەم ئەدەبىيلىك قىممەت ياراتقان ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭ بەش يىل ئىزدىنىش نەتىجىسىدە يېزىپ چىققان، تارىخ، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىزاھلانغان «ئۇيغۇرلار قۇللۇق جەمئىيىتىنى بېسىپ ئۆتكەنمۇ؟» ناملىق چوڭ ھەجىملىك تارىخىي ماقالىسى يېقىندا ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

پروفېسسور مۇھەممەتجان سادىقنىڭ يۇقىرىقىدەك مول ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ھۆكۈمىتىمىز ۋە خەلقىمىز تەرىپىدىن يۇقىرى باھالارغا ئېرىشتى. 1992 ـ يىلى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «دۆلەتنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە تارىخ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىـ

لار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ۋە نەتىجىلىرى ئىلىمىزدىكى كۆپلىگەن لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، شىياڭگاڭدا چىقىرىلىدىغان «دۇنيا بىلىملىرى» لۇغىتىگىمۇ كىرگۈزۈلدى.

يېڭى دەۋر مىللىي مائارىپىنىڭ باشلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن باشلامچىلىق رول ئوينىغان، 42 يىل جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان پېداگوگىك، مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس ۋە ئەدەبىياتشۇناس مۇھەممەتجان سادىق خەلقىمىزنىڭ 20 - ئەسىردىكى قەدىرلىك ئوغلانلىرىمىزنىڭ بىرسىدۇر.

# قەدىرلىنىدىغىنى خاسلىقتا ئىگە خاراكتېر

ئەدەبىيات ھەم ئوبرازلىق تىل سەنئىتى ھەم جانلىق، ئىندى-
ۋىدۇئال خاراكتېر سەنئىتى بولغاندىلا، ئۆزى ئۇچۇن تېخىمۇ
كەڭ ئىستىقبال مەنزىرىسىنى ئاچالايدۇ. دۇنيانىڭ مەدەنىيەت
سەھنىسىدە ئەدەبىياتنىڭ رولى ئۇنىڭ تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى
قانداق تىپىكلەشتۇرگىنىگە قارىغاندا، كۆپرەك ئىندىۋىدۇئال خا-
راكتېرلار ئارقىلىق ئىشقا ئېشىپ كەلگەنلىكى بىزگە ئايان.
دونكىخوت، گراندى، ھاملېت، ئاQ لار ئۆز دەۋرى ئۇچۇنلا
ئەمەس، بۈگۈنمۇ ۋە بۇندىن كېيىنمۇ قىممەتلىك. چۈنكى، بۇ
خاراكتېرلاردا ئالدى بىلەن ئۆز رېئاللىقى ئۇچۇن ئومۇمىي بول-
غان ھادىسىلەرگە قارىغاندا خاسلىق، ئايرىملىق گەۋدىلىك.
تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ خاراكتېرلار پەقەت شۇ ماكان، شۇ مىللەت
ئۇچۇنلا يارىتىلغان ئەمەس. ئۇلار مەلۇم رېئاللىقتا ئۆزىگە خاس
تۇرمۇش بۆلىكى ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە
نىسبەتەن شۇنداق تۇرمۇش بۆلىكى ھاسىل قىلالايدىغان قۇدرەتكە
ئىگە قىلىپ يارىتىلغان. شۇڭا، دونكىخوتنىڭ «ھەي ئەخمەقلەر،
مېنىڭ نەيزەم بىلەن دۇبۇلغامنىڭ ئالدىدا سەن تۇگمەن تېشى
نېمىتىڭ» دەۋاتقىنى، ئاQ نىڭ باشقىلاردىن تاياق يەپ قالغاندا
يەنىلا ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتۇپ، «بالىسى دادىسىنى ئۇرىدىغان
قانداق زامان بولۇپ كەتتى بۇ؟» دەۋاتقىنى، گراندىنىڭ سەكراتتا
تۇرۇپ «چىراغ يېغىنى ئىسراپ قىلماڭلار» دەپ كۆز يۇمۇۋاتقى-
نى بىزگە دائىم بىر خىل قىزىق تۇرمۇش، خاس خاراكتېر
ھەققىدە لەتىپە سۆزلەپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات پېشىۋايىمىز زۇنۇن
قادىرنى ئەسلىگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ قىزىق ئادىمى مەتنىياز ۋە

ئۇنىڭ شۇنچە ھورۇنلۇقىغا باقماي، «ئوتتۇرىسىنى باغ، ئەتراپىنى تاغ قىلاي دەيمەن» دېگىنى يادىمىزغا كېلىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، خاس خاراكتېر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ بىرلا ئەسىرىگە تەۋە ئەمەس، ئۇ يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتى، بەدىئىي ئىزدىنىشى، تۇرمۇش رېئاللىقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، مىللىي ئېڭى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۆھپىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرۈشتىن پۇتۇپ چىققان بىر خىل ئالاھىدە مەھسۇلاتى. شۇڭا، خاس خاراكتېر ئۈستىدە توختالغاندا، چوقۇم ئۇنى بىر تەرەپتىن تۇرمۇش رېئاللىقى نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى، تالانتى نۇقتىسىدىنمۇ كۆزىتىش كېرەك.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنى ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭغا بىر تەرەپتىن، تۇرمۇش رېئاللىقىمىزنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىپ بېرىشى، بەزى نەرسىلىرىمىزنىڭ تېز يوقىلىشى بىلەن بەزى نەرسىلىرىمىزنىڭ تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قېلىشى سەۋەب بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سەنئەتكارلىرىمىزدىكى ئىجادچانلىق روھىنىڭ تەخىرسىزلىكى سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. يازغۇچىلىرىمىز تۇرمۇشنى ئىلاجى بار ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. خاراكتېرلارنىڭ خاسلىشىش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ بىزگە يازغۇچىلىرىمىزدىكى ئۆزىنى خاس خاراكتېر يارىتىشقا ئۇرۇنۇشتەك روھنىڭ بارغانچە كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىزنىڭچە، خاس خاراكتېر يارىتىش بىر خىل قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئېسىل ئىجادىيەت روھى.

تىرىشچان يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىن خېلى كۆپ يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ئۆز ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان خاراكتېرلارغا ئىزچىل خاس خۇسۇسىيەت بېرىشنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ كەلدى. ئۇ يازغان «داغدا قالغان قىز»، «ئىككى يۈزلۈك

ئادەم» ، «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» قاتارلىق پوۋېستلاردىكى شۆھ-
رەت، زىننەت، قاسىم، كۆيدۈرگە بەگ قاتارلىق ئوبرازلار بىر
تەرەپتىن، تىپىك تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يارىتىلغان
بەدىئىي ئوبرازلار بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىي تۇرمۇشتى-
كى ئادەملەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان خاسلىققىمۇ ئىگە قىلىن-
غان.

ناچار ئىللەت، ناچار ھادىسىلەرنى كۆپرەك قىز - يىگىتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئېچىپ بېرىدى-
غان خاھىش يېقىنقى يىللار ئىچىدە كۆچىيىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ
ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى ئاچچىق يىلتىزلىرىنىڭ تولۇق ئېچىپ
بېرىلىشىگە بەلگىلىك تەسىر يەتكەنىدى. ئىجتىمائىي ئەخلاققا،
كىشىلىك ۋىجدانغا، مىللەتنىڭ مەنىۋى سۈپىتىگە بېرىپ چېتىلى-
دىغان بۇنداق ھادىسىلەرنى ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋات-
قان بىر - بىرىنى تاشلاپ كېتىپ قېلىش، ۋەسلىگە يېتەلمەس-
لىك، قىز ماجىراسى قاتارلىق تەرەپلەرگىلا ئىتتىرىپ قويماس-
لىق كېرەك. بەلكى ئۇنى پۈتكۈل خەلقىمىز ئارىسىدىن، ئۇلار
پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ شەھەر، يېزا، قۇملۇق، بوس-
تانلىقلاردىنمۇ ئاختۇرۇپ بېقىش كېرەك. ئېلىمىز خەنزۇ ئەدە-
بىياتى نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق تۈزۈم ئۆزلىرىگە قالدۇ-
رۇپ كەتكەن مەنىۋى ئىللەتلەرنى روھىي قۇللۇقلىق ئىدىيىسىدىن
ئىزدەپ، ئۇنىڭ تۈپ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇۋاتقان پەيتتە، بىز
بۇنداق ئىللەتلەرنى ھەسەتخورلۇق ئىدىيىمىزدىن ئىزدەپ باقساق
نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزلىرىنى ئەمگەك ھارغىنلىقىنى
غەيۋەت قىلىش بىلەن چىقىرىدىغان ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىدىن
ئىزدەپ باقساق نېمە بوپتۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىشچان، باتۇر،
مېھماندوست دېگەنلەردىن باشقا ئامىللارمۇ مەۋجۇتمۇ - يوق؟ بىز
ئويلىنىش ئىچىدە مۇنۇلارنى كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزىمىز:
يېزىلىق قىز زىننەت ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن

ئۆزىگە مۇۋاپىق چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. مىليونلىغان جۇڭگو زىيالىيلىرىغا ئوخشاشلا بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ بارلىق ئۈمىدىنى شەھەرگە باغلايدۇ. شەھەرگە يېتىۋالسىلا ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش تېپىپ ئىشلىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن يىگىتى شۆھرەت ئەكسىچە ئۆز يېزىسىدا قېلىپ قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ ۋە شۇ ئارقىلىق چىقىش يولى تېپىش پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ. مانا بۇ «داغدا قالغان قىز» دىكى تەسۋىر. بۇ يەردە ئادەتتىكى ئىسلاھات ھېكايىلىرىغا ئوخشىمايدىغان ھالەت ۋە ئۆزگىچە خاراكتېر مەۋجۇت. شۆھرەت ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ قىلغىنىنى قىلماقچى ئەمەس ياكى بولمىسا يېزىغا مەبلەغ سالغۇچىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭدا كارخانىچى بولۇش دېگەن ئوي تېخى شەكىللەنگىنى يوق. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ئاتا - بوۋىسىنىڭ، يېزىلىق قېرىنداشلىرىنىڭ كەتمەنگە تايىنىپ ئۆتكۈزگەن جاپا - مۇشەققەتلىك ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى داۋامى. دېمەك، شۆھرەتتە قىيىن شارائىت ئىچىدىن يول تېپىش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئۆزگەرتىش، يېزىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۆرتكە بولۇش روھى ناھايىتى كۈچلۈك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئەسەردە باشتىن - ئاخىر مۇشۇ روھ، مۇشۇ ئىرادە كۈچىدە ئىنتىلگۈچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. «بىز تا بۈگۈنگىچە ئىككى بىلىكىمىزگە، قارا كۈچىمىزگە تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىشتىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز، بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىز مۇشۇ ۋەجىدىن مۈكچىيىپ كەتتى. لېكىن، ئۇلار قورساقنى ئاران بېقىشتىن نېرىغا ئۆتەلمىدى، بىز ئەۋلادىمىزغا نېمىنى قالدۇرۇپ كېتىمىز؟ يەنىلا كالىدەك قارا كۈچكە تايىنىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان نادانلىق ۋە نامراتلىقنى قالدۇرىمىزمۇ؟» شۆھرەتنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ قالاق قول ئەمگىكىگىلا تايىنىپ ياشاپ كەلگەن نەچچە مىڭ يىللىق ئۆتمۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئەمدىكى بۇرۇلۇش ھالىتىدىن

بىشارەت بېرىدۇ. تايىنىپ ياشاشتەك ئەنەئەنىۋى تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئاڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھالدا چاقنىغان ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىنى سىلىشتۇرۇش ئېڭى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتىمۇ ئۆتكۈر ئېلىشىشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

جاپالىق سەھرا مۇھىتىدا يېتىلگەن كۈچلۈك ئىرادە ۋە يۈكسەك يىگىتلىك غورۇر بىلەن ئاتا - ئانىسىغا ئەسقېتىپ ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە بەل باغلاش — شۆھرەت خاراكتېرىنىڭ تۈۋەن قاتلىمى. ئاپتور شۆھرەت خاراكتېرىنى ئۇنىڭ ئەنە شۇ روھىي مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇنى ئىسلاھات، ئىلغار تېخنىكا ئۆگىنىش، مۇھەببەت ئازابى دېگەندەك تەرەپلەرگە بەنت قىلىپ قويماي، بەلكى باشتىن - ئاخىر دىققىتىنى ئۆز يېزىسىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىشقا قارىتىدىغان، ئەنئەنىۋى قول ئەمگەككىلا تايىنىپ ياشاۋەرمەسلىكنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان جۈرئەتلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك يېزا يىگىتى قىلىپ تەسۋىرلىگەن. بىز ئەسەر ئېلان قىلىنغان 80 - يىللارنىڭ باشلىرى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى يېزىلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، شۆھرەت روھىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلىمىز.

بىز زىننەت بىلەن يىراقتا تۇرۇپ شۆھرەتنىڭ ئۆز يېزىسىدا رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى بىلەن مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرغانلىقىنى ئاڭلايمىز. بۇ ۋاقىتتا، زىننەت شەھەردە ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئـۇياقتـا تـۇرسـۇن، ساتتارۇپنىڭ ھىيلە - مىكرىنىڭ قۇربانى بولۇپ ئاللىقاچان ئائىلە ئايالى بولۇپ بولغانىدى. ھەتتا بارغانسېرى تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرگە قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئـەمدى سـاتتـارۇپتىن ئېشىپ بـاشقىلارنىڭمۇ ئاياغ - ئاستى قىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. زىننەت مەنىۋى جەھەتتىكى بۇنداق خورلۇقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي،

خاتىرجەملىك ئىزدەپ ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. شۆھرەت بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى بولىدۇ.

بۇ يەردە زىننەتنىڭ ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۇنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنى يۇرتىنى سېغىنىپ قايتىپ كەلدى دېگەندىن كۆرە، خورلۇق دەستىدىن ئۆزىنى قويار جاي تاپالماي قالغاندا قايتىپ كەلدى دېگەن مۇۋاپىق. ئەجىبا، ئۇ ئۆز يېزىسىدىكى تۇرمۇشنىڭ شەھەردىكى باياشات تۇرمۇشقا يەتمەيدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئاشۇ ئاغزى ئىتتىك، غەيۋەتخور ئاياللارنىڭ ئەمدى تېخىمۇ كۆپ سۆز - چۆچەك قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ شۆھرەتنىڭ ئەمدى ئۆزىگە نەپرەت بىلەن قارايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئېنىق بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، زىننەت خاراكتېرىمۇ ئەدەبىياتىمىزدا ئالدانغان قىزلار قاتارىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان مىڭلىغان زىننەتلەرنىڭ ئىچىدە تېگىشلىك خاسلىققا ئىگە خاراكتېردۇر.

زىننەتنىڭ داغدا قىلىشىنى، ئىنچىكىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق، مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئامىلنىڭ مەۋجۇدلىقىنى بايقايمىز. بىرىنچىدىن، زىننەت روھىدا شەھەردە خىزمەت قىلىش، باياشات، پاكىز مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈش غايىسىنىڭ بەك كۈچلۈكلىكى. بىز بۇ يەردە بۇنداق غايە - ئىستەكنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز ياكى يېزا ئادەملىرىدە پەقەت يېزا تۇرمۇشى سەۋىيىسىگە خاسلا ئوي - ئىستەك، تەپەككۇر بولۇشى كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلماقچى ئەمەسمىز. مەسىلىنىڭ نېگىزى زىننەتتە شۇ خىل غايە - ئىستەكلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بولغان ئىشەنچ ۋە قەتئىي ئىرادىنىڭ بار - يوقلۇقىدا، ئاجىز - كۈچلۈكلىكىدە، ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ قارايدىغان بولسا، ئۇ بۇ غايىسىنى شەھەردىكى يىراق تۇغقانلىرىنىڭ ھىممىتىگە تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بىر كازچىك ساۋاقدىشى رىسالەت ۋە ھىيلىگەر ساتتارۇپقا تايىنىپ

ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدۇ. بىزنىڭچە بۇ بىر تەۋەككۈلچىلىك بولۇپ، ئۇ زىننەتنىڭ ھايات يولىغا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، زىننەت غايە، ئىستەك ئارقىسىدىن قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئىككىنچىدىن، يېزا تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇش، ئىچى سىقىلىش كەيپىياتىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى. بىز ئەسەرنىڭ بېشىدىلا زىننەتنىڭ يېزا تۇرمۇشى ھەققىدە ئېيتقان «قاچانغىچە كەتمەن بىلەن ئورغاقنىڭ بەندىسى بولۇپ يۈرەرمىز. ھەي تەقدىر، سەن نېمىدېگەن رەھىمسىز - ھە، قېرىشقاندەك بەختكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغاننى بەختسىز قىلىپ قويىسەن» دېگەندەك دادلاشلىرىنى ئاڭلايمىز. يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئۆز يېزىسىدا تاماملىغان بىر قىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە شەھەر مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلىش، شەھەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ۋە كەسىپ ئىگىلەش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇن. شۇ ۋەجىدىن، زىننەتتەك قىزلاردا پسىخىكا جەھەتتىن شەھەر تۇرمۇشىغا قىزىقىش، يېزا تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تويۇنۇش كەيپىياتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن يېزا تۇرمۇشىغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي سوغۇق پوزىتسىيىدە بولۇش، ئۇنى ئورۇنسىز ئەيىبلەش نورمال پسىخىكا ئەمەس. لېكىن، زىننەت بۇ مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىدى. شۇنداق بولغاچقا، زىننەتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا ھەرخىل پېشكەللىك ۋە ئازابلارغا ئۇچرىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئېڭىغا، خاراكتېر مەنتىقىسىگە تامامەن ئۇيغۇن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مۇستەقىل ياشاش ئىرادىسىنىڭ تولىمۇ كەمچىل بولۇشى. بۇ تەرەپنى ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇ. زىننەتنىڭ ئۆز يېزىسىدىن چىقىپ كېتىش مۇددىئاسىدىن تارتىپ كېيىن يەنە ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىغىچە ئومۇمەن تايىنىپ ياشاش، مەلۇم

ھىمايە ئاستىدا پاراغەت ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت
ئاجىز پىسخىكىسىمۇ يوشۇرۇنغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ شەھەردى-
كى تۇغقانلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، دەر-
ھال ساۋاقدىشى رىسالەتنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ياردىمى-
دىن ئۈمىد كۈتىدۇ. ساتتارۇپ بىلەن رىسالەتنىڭ ئۆزىنى دەرھال
ئارىغا ئېلىشىدا، كاتتا ئۆي ھەل قىلىپ بەرمەكچى بولۇشىدا
مەلۇم سىر بارلىقىنى سەزگەندەك قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئىشىنىڭ
ئاقىۋىتى ھەققىدە سەگەكلىك بىلەن ئويلىنىپ بېقىشقا جۈرئەت
قىلالمايدۇ. ئەكسىچە يار - يۆلەك ۋە ھىمايىلىك تۇرمۇشتىن
چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. ساتتارۇپنىڭ ئۆزىنى باشقى-
لارنىڭ قوينىغا تاشلاپ بېرىشتەك رەزىل نىيىتى ئاشكارىلانغاندىن
كېيىن بولسا، قانۇن ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانلىرىغا تايىنىپ
ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تېگىشلىك مۇستەقىل تۇرمۇش
كەچۈرۈش يولىغا ماڭماي، يەنىلا بىھۇدە ھالدا شۆھرەتنى ئويلاي-
دۇ. ناۋادا زىننەت مەيلى يېزىدا بولسۇن، مەيلى شەھەردە بول-
سۇن، ناچار شارائىت ۋە كەيپىياتلارنى، تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىق-
لارنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرەلىگەن
بولسا، ئۇ چاغدا كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىيدىغان بۇنداق ئاقىۋەت-
لەرگە قالمىغان بولاتتى.

كوچىدىكى غەيۋەتخور ئاياللار دۇنياسى، ئۇلارنىڭ بويىغا
يېتىپ قالغان قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن تاپىدىغان تۈرلۈك ئۆسەك
سۆزلىرى، زاڭلىق قىلىشلىرىمۇ زىننەت تراگېدىيىسىگە تەسىر
كۆرسەتكەن تاشقى ئامىللارنىڭ بىرى. زىننەت ئەمدىلا ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تۇرۇشىغا كوچىدىكى ئاياللارنىڭ ئاغزىدا
«چوقۇم بىر ئىش چىقىرىپ قويغان گەپ»، «ھالى چاغلىق بولسا
كېرەك...» دېگەندەك سۆزلەر پەيدا بولدى. زىننەت بۇ سۆزلەر-
دىن قىزلارغا خاس نازۇكلۇقى بىلەن ئويالدى، ئازابلاندى ھەم
ئۆزىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىدىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابلى-

ـنىدىغان بولدى. بۇ هال ئۇنىڭ روھىدىكى يېزا تۇرمۇشىدىن
بىزار بولۇش كەيپىياتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى شۇ ئاياللارنىڭ نەزە-
رىدىن بولسىمۇ يىراق تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىنى
ئاڭلىماسلىق تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن، قەت-
ئىي نىيەتكە كەلگەن زىننەت ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تىراكتورغا ئول-
تۇرۇپ ئۆز يېزىسىدىن ئايرىلدى.
يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىن ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى يۇقىرىقى-
دەك ناچار ئىللەتلەرنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي
ئازادلىقىگە، خاتىرجەملىكىگە ئېلىپ كېلىدىغان بېسىمىغا ئالا-
ھىدە دىققەت قىلغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشتىكى چاكىنا قى-
لىق، چاكىنا سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى بىر نەچچە سەلبىي پېرسوناژ-
لارنىڭ ۋۇجۇدىغىلا مەركەزلەشتۈرۈپ قويماي، ئۇنى تېخىمۇ
چوڭقۇرلاپ پۇتكۇل ئىجتىمائىي كەيپىيات بىلەن باغلاش، ئاۋام
خەلقىمىز ۋۇجۇدىدىنمۇ ئىزدەش، بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ئۆز ـ
ئۆزىمىزگە ئېلىپ كېلىۋاتقان تراگېدىيىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ
بېقىش يولىدىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئەگەر زىننەت
تراگېدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاشۇنداق ئىچكى ـ تاشقى
سەۋەبلەر يازغۇچى تەرىپىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرسىتىلمى-
گەن، تەھلىل قىلىنمىغان بولسا، بىر قاتار ئاقىۋەتلەر كىتابخانغا
پەقەت زىننەتنى ئۆز يېزىسىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنگە تۇيغۇ-
زۇشتەكلا تويغۇ بېرىپ قويغان بولاتتى، خالاس.
بىز يازغۇچىنىڭ يەنە «ئىككى يۈزلۈك ئادەم» پوۋېستىدىن
قاسىمنى، «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» پوۋېستىدىن كۆيدۈرگە بەگنى
ئۇچرىتىمىز. بىزگە بۇ ئادەملەرنىڭ رېئاللىقتىكى چىن ئادەملەر
بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۆزگىچە خاراكتېر ئالغان بۇ پېرسو-
ناژلار يەنە بىزنىڭ ئاۋام خەلقىمىزنىڭ روھىغا مەھكەم ماكانلىشى-
ۋالغان رەزىل مەنىۋى ئىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلاردۇر.
بىزنى ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنداق

كىشىلەر قانداقلا يەردە، قانداقلا ۋاقىتتا بولمىسۇن، كىشىلەر
قەلبىدىن ئۆزگىچە ئاسانلا بىر كىشىلىك ئورۇن ھازىرلىۋالىدۇ.
بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىز بۇ يەردە پۈتۈن ئەسەردىن «مۇشۇنداق
ئىللەتلەرنى قوبۇل قىلالمايدىغان ئىككىنچى بىر قەلب زادى نې-
مىشقا يوق؟» دېگەن بىر خىل سادانى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمىز.
قاسىم بىلەن كۆيدۈرگە بەگلەرنىڭ يارىتىلىشىدىمۇ دورامچىلىق-
تىن خالىي بولغان خاسلىق ئامىللىرى مەۋجۇت. قاسىم ھوقۇق
تەمەسى يولىدا چېقىمچىلىق، مەككارلىق قىلىشنى كەسىپ قىل-
غان. ئەمما، ئۇ بۇ مەقسەتكە ئەمەتنى سەمەتكە ئۇدۇل يامان
كۆرسىتىش يولى بىلەن يەتمەكچى ئەمەس. ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ
كونا «ئەنئەنە» ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ بۇنى «يېڭىلىغۇ-
چى» ، شۇڭا يېڭى كەلگەن رەھبەرگە ئاۋۋال ئۆزى بىلەن خىزمەت-
داشلىرىنى تازا ماختاپ، ئۇستىلىق بىلەن «ھەممە ياخشى، ئۆزد-
مۇ ياخشى» دەك كەيپىيات ھازىرلىۋالىدۇ. ئەكسىچە قاسىم
ياخشى گېپىنى قىلغان نىزامىدىندەك ئادەملەر رەھبەرگە پىچىر-
لاپ، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىدۇ. نەتىجىدە قاسىم رەھبەرلىك-
نىڭ نەزەرىدە باشقىلار كۆرەلمەيدىغان ياخشى ئادەم بولۇپ قالى-
دۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردە پەقەت قاسىمنىڭ ئىنتايىن ئۇچىغا
چىققان سۇيىقەستچىلىكى ئۇستىدىن ئاچچىق تەنقىدلا ئېلىپ بې-
رىلغان ئەمەس. لېتىپ ئاكىدەك رەھبەرلەرنىمۇ تەنقىد نەزەرى-
مىزدىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. سۆڭەك بار يەردە ئىت
بار دېگەندەك، قاسىم ھەم كۆيدۈرگەبەگدەك قىزىل كۆز، چېقىمى-
چى، ھەسەتخور ئادەملەر بار يەردە ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشايدى-
غان، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىۋاتقانلىقىنى
سېزىپ ئالالمايدىغان رەھبەرلەرنىڭمۇ بارلىقى كىشىنى تولىمۇ
ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

كۆيدۈرگە بەگ بىر ئۆمۈر ياخشىلار ئۇستىدىن شىكايەت
قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ شىكايەتلىرى ئۇنىڭ تەربىيىلىنى-

شى، ئېڭى، چۈشەنچىسى، تەپەككۇرىگە شۇنچىلىك ئۇيغۇن بول-
غاچقا، كىتابخاننى ئۆزىگە بەك قىزىقتۇرىدۇ. «ۋەزىيەت ئۆزگەر-
سە كۆز قاراشنىڭمۇ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر» دېگىنى ئۇنىڭ تۇپ
روھىي مەنتىقىسىدۇر. ئۇ رېئال ھادىسىلەرنى، كىشىلەر ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، مۇھەببەتنى پۈتۈنلەي باشقىچە نۇقتى-
دىن چىقىپ كۆزىتىدۇ. ئۇنىڭغا ھەممىلا نەرسىنىڭ ئارقىسىغا
بىر خىل ھىيلىگەرلىك يوشۇرۇنغاندەكلا سېزىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ
خۇددى ئاQ دەك ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە بولماي ۋاتـ-
قانلىقىدىن ئاغرىنىش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ھەدىسىنىڭ
ياتلىق بولغانلىقىنى «ئالدىنىپ كەتتى» دەپ قارىسا، ئايالى مۇد-
دەتتىن بۇرۇن يەڭگىپ قالغاندا «دەۋرىمىز قانداق دەۋر؟ بۇ
دەۋردە يۈز كۈنلۈك ئىشنى بىر كۈندە پۈتتۈرۈۋاتىمىز. مۇشۇنداق
خاسىيەتلىك دەۋردە خوتۇنۇممۇ توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ
يۈرۈش ئورنىغا ئالتە ئاي قـورسـاق كـۆتۈرۈپلا تـۇغسا نېمە
بوپتۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ. ئۇ يەنە ھەمىشە
«كوممۇناغا بولغان چىن مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئارزۇ-
لۇق ئوغلۇمغا كوممۇنا دەپ ئات قويغانمەن»، «مەن بىلەن بىردەم
پاراڭلاشساڭلارلا ئىنتايىن ئۆتكۈر بىر تالانت ئىگىسىنىڭ توپا -
چاڭ سەھرادا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى بايقايسىلەر» دېگەندەك سۆز-
لەرنى قىلىپ، ئۆز - ئۆزىدىن چەكسىز پەخىرلىنىپ يۈرىدۇ.
دېمەك، كۆيدۈرگە بەگ چېقىمچى، ھەسەتخورلىقى بىلەن ئەسەر-
دىكى ئاساسىي پېرسوناژ بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىقىدەك
سۆز - ھەرىكەتلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا تېخى بىخ ھالىتىدە
تۇرۇۋاتقان «ئارتۇق ئادەم» ئوبرازىنىمۇ ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ.
ئاغزىدىكى چېقىمچىلىق، ھەسەتخورلۇق بىلەن ئاڭ جەھەتتىكى
نامرات، نادانلىقى گىرەلىشىپ ھايات سەھنىسىدە ئاجايىپ بىر
رولغا چىققان بۇ پېرسوناژ سىزنىڭچە سەھنىدىن قانداق چۈشۈشى
مۇمكىن؟! ئۇنىڭ ئۆلۈۋالغىنى ھەقلىق بولدىمۇ ، قانداق؟

يۇقىرىدا يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ ئۈچ پارچە پوۋېستىنى ۋە ئۇلاردا يارىتىلغان خاراكتېرلاردىكى ماھىيەتلىك خاسلىقلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۈم. يازغۇچىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىزنىڭ زورلۇقى سەۋەبلىك تۆۋەندە بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا يارىتىلىۋاتقان پېرسوناژنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئاڭ سەۋىيىسى، ئېستېتىك قىزىقىشى قاتارلىقلار بىلەن تازا ماس كەلمەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئاينۇرى» ھېكايىسىدە ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن ئاينۇرنىڭ تىلىدىن «ئېيتقىنا، چوڭ ئانا، مەن راستتىنلا ھارامدىن بولغان بالىمۇ؟» دېگەن سۆزلەر بېرىلگەن. بۇنداق سۆزلەر ئاينۇرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى بىلەن قىلچە سىغىشالمايدۇ. يازغۇچىنىڭ يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى بەك ئۇزۇن، جانلىقلىقى كەمچىل. مەسىلەن، «داغدا قالغان قىز» پوۋېستىدا شۆھرەت بىلەن زىننەتنىڭ دىئالوگىدا مۇنداق ئۇزۇن جۈملىلەر بار: «سىز راھەت ـ پاراغەتنى چىن مۇھەببەتتىن ئۈستۈن كۆرۈپ، مېنى ھىجران ئوتىغا تاشلاپ كېتىپ قالدىڭىز، چوڭ ـ كىچىك ئوندەك ماشىنىدىن تەركىب تاپقان قىز كۆچۈرۈش كارۋىنى ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىققاندا، غۇيۇلداپ ئايلىنىۋاتقان چاقلار ئاستىدىن قوزغالغان چاڭ ـ توزانلارغا مىلىنىپ قەيەرلەرگىچە يۇگۇرۇپ بارغانلىقىمنى بىلمەيمەن...» ۋەھاكازالار. زىننەت يېزىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شۆھرەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا: «ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، قىزىم، ياخشى ئىشلە، خۇدا ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلغاي» دەيدۇ. بۇ دىئالوگدا ئىپادىلىنىۋاتقىنى ياشانغانلارغا خاس مېھرىبانلىقتەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن شۆھرەت بىلەن زىننەتنىڭ بىرگە بولۇشى تىلىنىۋاتقاندەك مەنە

چىقىپ تۇرىدۇ. ھەشەمەتلىك توي بىلەن شەھەرگە ئۇزىتىلىپ كېيىن ئاجرىشىپ يېنىپ كەلگەن جۇگاننى تېخى ئۆيلەنمىگەن ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش شۆھرەتنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئېڭىغىمۇ، مىللىتىمىزنىڭ قائىدە ــ يوسۇنىغىمۇ تازا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىش.

ئىككىنچى، ئىنسان تەبىئىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدە بەزى ھاللاردا بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىنى چەتكە قاقىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. بىزگە مەلۇم، رېئال ئادەملەردە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى ئۇلاردا قىزغىنىش، يوشۇرۇشتەك پسىخىك كەيپىياتلارنى دائىم پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىدە مەلۇم خاسلىققا ئىگە، كىشىنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزلۈك ئېڭىغا تەۋە ھادىسىلەر بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات ھادىسىلەر تەڭ كېلىپ قالغاندا ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەي، ھەممىسىنى قارىقويۇق ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات ھادىسىلەر، ناچار ئىللەتلەر قاتارىغا چىقىرىپ تەنقىدلەپ كەتكەن. نەتىجىدە يارىتىلىۋاتقان ئوبرازلاردىكى خاراكتېر جەھەتتىكى خاسلىقنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە تەسىر يېتىپ قالغان. قاسىمدەك ئوبرازلارنى ياراتقاندا ئۇنىڭ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان تەپسىلاتلارنىڭمۇ بولۇشىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىمىزنى يازغۇچىنىڭ ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# ھېكايە — «كۆيۈۋاتقان قەبرە» توغرىسىدا

ناچار ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ، بەزىدە نادىر ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ناچار ئەسەرلەر ئادەتتە ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ يۈزەكى شەخسىي كۆز قارىشىغا كۆپ بېرىلىشىدىن ياكى بولمىسا تەپسىلاتلىرىنىڭ دەۋر پۇرىقىدىن زىيادە چەتنەپ كېتىشىدىن بولىدۇ. يازغۇچى توختاش بەكرىنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «كۆيۈۋاتقان قەبرە» ناملىق ھېكايىسى تاسادىپىي مەيدانغا كەلگەن ناچار ئەسەر. بۇنداق ناچار ئەسەرلەرنىڭ ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىمۇ خېلى قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ.

يۇرت — مەھەللىلەردىكى ئىمام ـ مەزىن قاتارلىقلار مۇنداقچە ئېيتقاندا شۇ يۇرتنىڭ چوڭلىرى دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار شۇ يۇرت، شۇ ئەلنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەملىكى، بەختى ئۈچۈن نۆۋىتىدە كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيىمىزنىڭ تۈرلۈك مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەت چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ يېتىلىشىدە گەۋدىلىك رول ئويناماقتا. ئۇلار ئۆز مەھەللە يۇرتلىرىدا ئازارلىشىپ قالغانلارنى ياراشتۇرىدۇ. بىر ـ بىرىنى بوزەك قىلىش، خىيانەت قىلىش، ئوغرىلىق قىلىشقا ئوخشاش يامان ئىشلارنى توسۇپ، كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن بەزى ئىمام ـ مەزىنلىرىمىز شۇ يەرلەرنىڭ تەرەققىياتى، خەلقلىرىنىڭ ياخشى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، بىزنىڭ بەزى قالاق ئادەتلىرىمىزنىڭ زامانغا لايىقلاشتۇرۇلىشىدا

بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن دۆلەت ۋە خەلق مەدھىيىلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زاتلار مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، بەزى ھاللاردا بىزنىڭ ئاشۇ موللا - مەزىنلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنى بىيىتىش يولىغا يېتەكلەشتە بىز بىلەن بىرگە ئوخشاشلا كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، توختاش بەكرىنىڭ «كۆيۈۋاتقان قەبرە» ھېكايىسىنىڭ خاھىش جەھەتتىن رېئاللىقتىن پۈتۈنلەي چەتنىگەن، نازۇك مەسىلىلەردە مۇقامى تۆۋەن ئەسەر بولۇپ قېلىشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە.

بىز بۇنىڭدىن نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرىكى چۆچەكلىرىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، ئاچكۆز، نائىنساپ، تاماخور موللىلارنىڭ ئوبرازىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز، ئۇلار كىشىلەرنىڭ رېئال ھاياتىنىڭ گۈزەللىكىنى سۆيۈش، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىنتىلىشتەك غايە - ئارزۇلىرىنى ئاخىرەتلىك ۋە تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى بىلەن بوغۇپ، ئۇلارنى نادانلىققا سۆرەيتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تويماس نەپسىنى قاندۇراتتى. چۆچەكلىرىمىزدە خەلق ئاممىسى بۇنداق موللىلارنىڭ كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىنى بەرسە بىز قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كېتەتتۇق. خەلقىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن مەمنۇن بولاتتۇق. ئەمما، بۇنداق مەمنۇنلۇق ئاشۇ قويۇق فېئوداللىق جەمئىيەتكىلا مۇناسىپ كېلەتتى. ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بىلەن فېئودال كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق كۈرىشىدە موللا - مەزىنلەرنىڭ ئىنچىل فېئودال بەگلەر تەرەپكە ئۆتكۈزۈلۈپ قويۇشىدىكى سەۋەبمۇ ئۇلاردىكى فېئوداللارغا يان بېسىش بىلەن بىرگە مۇھىمى ئۆزلىرىدىكى تار، قالاق، خۇراپىي، نەپسانىيەتچى سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ئىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، بىزنىڭ ئېڭىمىزدا موللا - مەزىن دېگەن ئىسىم بىلەن خۇراپاتلىقنى، نادانلىقنى

تەشۋىق قىلغۇچى، نەپسانىيەتچىلىك قىلغۇچى دېگەن ئۇقۇملار تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

بۈگۈنكى زامان ئىلگىرىكى زامان ئەمەس، ئەمدى ئۇنداق چۆچەكلەرمۇ توقۇلمايدۇ ھەم ئەمدى توقۇشقىمۇ بولمايدۇ. بۈگۈن- كى موللا - مەزىنلىرىمىزدە گەرچە كونا جەمئىيەتتىن قېپ قال- غان خۇراپىي تەسىر - چۈشەنچىلەر تەلتۆكۈس تۈگىتىلىپ كې- تەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىتتىپاق، ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىش چۈشەنچىلىرى بارغانچە كۈچىيىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان تەرەپ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ تەرەپنى كۆرۈش بىز ئۈچۈن ئىنتا- يىن زۆرۈردۇر.

ساغلام ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي ئېتىقاد ۋە قائىدە - يو- سۇنلار بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتى قاتارىغا كىرىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا بۇنداق مەسىلىگە تېخىمۇ ئېتىبار بې- رىلمەكتە. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېڭىنى، مىللىي جاسا- رىتىنى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا، چېركاۋدىكى پوپقا باغلاۋاتىدۇ. چېركاۋ ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ساغلام، ئەڭ ئۇلۇغ روھ بېغىشلايدىغان ئورۇن. ئۇنداقتا، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە نېمە ئۈچۈن مەسىلىنىڭ بۇ خىل ئىجابىي تەرەپلىرى- گە نەزەر ئاغدۇرمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھە دېسىلا قەدىمكى چۆچەك- لىرىمىزنىڭ يولىدىن ماڭىدۇ؟ مېنىڭچە بۇنداق ئەھۋال خاس توختاش بەكرىنىڭ بۇ كىچىككىنە ھېكايىسى بىلەنلا چەكلەنمەي- دۇ. بىزنىڭ ئەخەت تۇردى، توختى ئايۇپ قاتارلىق بازارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ چوڭ - چوڭ رومانلىرىدىمۇ بۇ مەسىلە ئو- مۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. ئۇلار خاھىش جەھەتتىن موللا - مەزىنلەر- نىڭ بۈگۈنكى ئىلغار ئىدىيىلىرىگە ياندىشىپ باققان بولسا، ئېھ- تىمال مىللىي ئېڭىمىزنى، مىللىي روھىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھ- كەملەيدىغان، ئىتتىپاقلىق - ئۇيۇشچانلىقىمىزغا تېخىمۇ پايدى-

لىق بولغان ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلارنى يورۇتۇپ بېرەلىشى مۇم-
كىن ئىدى. دىنىي ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلىرىمىزنى تېخىمۇ ساغ-
لاملاشتۇرۇش مەقسىتىمىز يەنىمۇ ئايدىڭلىشىشى مۇمكىن ئىدى.
بىز چەت ئەللەرنىڭ ھېكايە، رومان ۋە كىنولىرىدىن ئۇلارنىڭ
پوپ، مۇناخلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس بولغانلىقى-
غا دائىر نۇرغۇن تەسىرلىك ۋەقەلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.
بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. بىزنىڭ
موللا ـ مەزىنلىرىمىز ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە قىلچە ھەققانىي
تۇيغۇسى يوق، قىلچە ئەل سۆيەر روھى يوق، كارغا كەلمەس
ئادەملەر قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ھەمىشە ئاممىنىڭ غەزەپ ـ
نەپرىتىنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ قويۇلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە كەلسە تېخى
توختاش بەكرىنىڭ ھېكايىسىدەك جامائەت سورۇنلىرىدا خەق بى-
لەن سوقۇشىدىغان، ئەدەپ ـ سەۋرىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقان، خەلق
ئاممىسىنى جاھىللىق بىلەن خۇراپاتلىق پاتقىقىغا ئىتتىرىدىغان
ئادەملەر قىلىپ تەسۋىرلىنىپ قويۇلىۋاتىدۇ. يازغۇچىلىرىمىز
ئوبراز ياراتقاندا ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى نەزەرگە ئېلىش
بىلەن بىرگە ئۇنىڭ تەبىئىي ۋۇجۇدىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشى كې-
رەك. ئەدەبىياتتا قىلىۋاتقان كەسپىگە قاراپ خاراكتېر بەلگىلەش
ئالLIقاچان چۆرۈپ تاشلاندى. دوختۇر ھەمىشە ئادەم قۇتقۇزغۇچى
ئاق خالاتلىق پەرىشتە بولۇپ تۇرىۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە قارا
بولغان تەرەپلىرىمۇ بار (مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئالتۇن چىشلىق
ئىت» ھېكايىسىگە قاراڭ). تۆمۈرچى ئىستا قارىداپ كەتكەن
قوللىرى بىلەن ئاپئاق يالتىراپ تۇرغان شەمشەرنى تاۋلاپ چىقى-
دۇ. دېمەك، يازغۇچىلىرىمىزدا ئۆتكۈر سېزىم بولسىلا، كىشى-
نى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان ھەر خىل خاراكتېرلارنى يارىتالايدۇ.
ھەرگىزمۇ موللا ـ مەزىن ئوبرازىنى چۆچەكلەردىكىدەك يارىتىپ
ئۆزىنى چاندۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ.
«كۆيۈۋاتقان قەبرە» ھېكايىسىنىڭ ناچارلىقى ئۇنىڭ يۇقى-

رىقىدەك خاھىش جەھەتتىكى تەرەپلىرىدىلا كۆرۈلۈپ قالماي، ئەسەردىكى بەزى كونكرېت تەپسىلاتلارنىڭ تازا چىن بولماسلىقىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، موللا - مەزىن دېگەنلەر شۇ يۇرت،شۇ مەھەللىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەملىرى سانىلىدۇ. ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا كىچىك - چوڭ سالام بېرىشىدۇ. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق ئىشلىرىدا ئاۋام خەلق ئۇلارنى ئىززەتلەپ تۆردە ئولتۇرغۇزىدۇ. موللا - مەزىنلەردىكى بۇ خىل ئابرۇي، ھۆرمەت ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ دىنىي ئىلىم جەھەتتىكى ئىقتىدارىدىن باشقا، مۇھىمى ئەلنى ياخشى ھەرىكەت، ياخشى ئادەت بىلەن يېتەكلەش، ئىتتىپاق - ئىناق جامائەت تەرتىپىنى ساقلاش جەھەتلەردىكى رولىدىن كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان. «كۆيۈۋاتقان قەبرە» ھېكايىسىدا جامائەت يىغىلغان، كىچىك - چوڭ تەق بولغان سۈننەت تويىدا يۇرت ئىمامى سۇپۇرگە موللام بىلەن ئابدۇللا ياغاچچىنىڭ قەبرىنىڭ كۆيۈدىغان، كۆيمەيدىغانلىقى توغرىسىدا يۈز تۇرانە گەپ تالىشىپ، جېدەل قىلىشى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ تەپسىلاتلاردا بىزنى قىلچە قايىل قىلالمايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن: ئىككىلەن شۇنچە جېدەللىشىۋاتسا ھېچقانداق بىر ئادەم ئۇلارنى بولدى قىلىشقا ئۈندەپ قويمايدۇ. سۇپۇرگە موللام بىلەن مەزىننى بىر تەرەپكە قالدۇرۇپ، باشقا بارلىق جامائەت ھېچقانداق سەۋەبسىزلا ئابدۇللا ياغاچچى تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇنىڭكىنى راست قىلىشىدۇ ھەتتا تەرەپ - تەرەپتىن سۇپۇرگە موللامغا يانىدۇ. جامائەت بۇ يەردە سۇپۇرگە موللام بىلەن ھاشىماخۇن مەزىننى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلمايۋاتقانلىقى ئۈستىگە، ئابدۇللا ياغاچچى تەرەپتە تۇرۇپ ھەدەپ چۇقان سېلىشىدۇ، ھەتتا ئابدۇللا ياغاچچى ناۋادا يېڭىۋالسا، سۇپۇرگە موللامنى بۇ يۇرتتىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىشكىمۇ تەييارلىنىپ قويۇشىدۇ. قەبرىدە ئوت بولمىغاندىن كېيىن ھاشىماخۇن مەزىن ئابدۇللا ياغاچچىنىڭ ئالدىدا ئىككى قولىنى

كۆتۈرۈپ تۇرۇپ يىلىنىدۇ. ئابدۇللا ياغاچچى بولسا سوپۇرگە
موللامنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا «ھەي، كالتە پەم، كۆڭلى ناداد-
لىق تۇتەكلىرى بىلەن قارىيسىپ كەتكەن بەندە!» دەپ ھاقارەتلەي-
دۇ. بۇ سۆز بىلەن مازارلىقنىڭ ئۆزىدە «ۋاڭ - چۇڭ، كۇلكە
قىقاس كۆتۈرۈلىدۇ». بۇ تەپسىلاتلاردا ئاپتور بىز يۇقىرىدا قەيت
قىلغان موللا - مەزىنلىرىمىزنىڭ بىر يۇرت ئۈچۈن مويسىپىت
ئادەملەر ئىكەنلىكى، تېگىشلىك ئابرۇيغا ئىگە ئىكەنلىكىنى قىل-
چىلىك ئېتىبارغا ئالمىغان. ئۇلارنى خۇددى بولمىسىمۇ بولىدۇ،
ھېچ قانداق ئەھمىيىتى يوق ئادەملەردۇر، دەپ قارىماقچى بول-
غان. ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ چاكىنا، خۇراپىي كۆز قاراشلىرى
بىلەن ئوڭايلا ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەر دەپ
قارىماقچى بولغان. بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ مەھەللىۋى
قائىدە - يوسۇنلىرىمىزغا خىلاپ خاھىشتۇر. ئۇندىن باشقا، بىر
ئىمام بولغان ئادەم بىلەن يۈز تۇرانە جېدەللىشىۋاتقان شارائىتتا
مەيلى كىمنىڭ توغرا ياكى خاتا بولىشىدىن قەتئىينەزەر بىر نەچچە
ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ بېسىپ قويۇدىغان چىن تۇرمۇش بىزدە
باركى، ھەرگىز تاماشا كۆرۈپ ياكى داۋلى سۆزلىتىپ قويۇپ
بېرىدىغان ساختا تۇرمۇش بىزدە بولغان ئەمەس! ئەسەردىكى ئاب-
دۇللا ياغاچچى كىم؟ ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەن تۇرۇقلۇق
يەنە نېمە ئۈچۈن قەستەن سوپۇرگە موللامنى نەق مەيداندا مات
قىلماقچى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ «دىنىي ئىسلام، ھالال - ھارام،
ئۇۋال - ساۋابلىقتىن ئوبدانلا خەۋىرى بار، ھەق - ناھەق ئىشلى-
رىغا دۇچ كەلگەندە سۇكۇت قىلالمايدىغان» خاراكتېرى ئەسەردە
ئاپتور تەرىپىدىن يەڭگىللىك بىلەن سۇيىئىستېمال قىلىنغان.
نەتىجىدە بۇ ئوبراز، ئاپتورنىڭ قولىدىكى ياغاچ قونچاقتىلا ئايلى-
نىپ قالغان. ھېچكىممۇ ئابدۇللا ياغاچچىنى مەردانىلىق قىلدى
دەپ قارىمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ سالماق بولۇشىنى، ئەھۋالنى
سوپۇرگە موللامغا تەپسىلىي ئېيتىشىنى، ئۆز قابىلىيىتى،

پەم - پاراسىتى بىلەن سۆيۈرگە موللامنى قايىل قىلىپ، ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغۇزۇشىنى دۇرۇس تاپىدۇ. شۇڭا يەنە تەكىتلەيمىزكى، ئاپتور مۇشۇنداق بىر ياخشى ئوبراز-نىڭ قىممىتىنى نامايان قىلدۇرالماي قالغان.

«كۆيۈۋاتقان قەبرە» دىكى تەپسىلاتلارنىڭ جەرىيانى پەقەت خەلقىمىزنىڭ فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ئۆزلىرىنى دىنىي خۇرا-پاتلىق نۇقتىسىدىن بوزەك قىلىۋاتقان نەپسانىيەتچى موللىلارنى ھامان بىر كۈنى لەنەت تاختىسىغا مىقلىشىدەك غايىۋى چۈشەنچى-سىگىلا باب كېلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق تەپسىلاتلار ئاشۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەنلا قىم-مەتلىكتۇر. ناۋادا بۇنداق تەپسىلاتلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى-دىن ئايرىپ خالىغان بىر دەۋرگە ئەكىلىپ تېڭىلىۋېرىدىغان بول-سا، خۇددى توختاش بەكرىنىڭ بۇ ھېكايىسىدىكىدەك ھېچقانداق قىممىتى بولمىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە موللا - مەزىنلىرىمىز ئاۋام خەلقىمىز-نىڭ بىر ئەزاسى. خەلقنى دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن زەھەرلەش ھەرگىز ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەمەس. ئۇلار پارتىيىنىڭ مىللىي، دىن سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە نۇرغۇن يېڭى چۈشەنچىلەر بىلەن قوراللىنىپ بارماقتا. ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قارشىلى-شىدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇيۇشۇپ ئۇلارنى بىرلىكتە مات قىلىدىغان دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلاندى. يازغۇچىلىرىمىز ئەسەرلىرىدە موللا - مەزىن ئوبرازلىرىنى ياراتقاندا، ھەمىشە ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە بىر خىل قېلىپتا مۇئا-مىلە قىلىۋەرمەسلىكى كېرەك. موللا - مەزىن ئوبرازى دېسە فېئودالىق دىنىي خۇراپاتلىق نۇقتىسىدىنلا قارايدىغان ھالەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ يېڭى دەۋرىمىزدىكى يېڭىچە خاراكتېر-لىرىنى يارىتىشقىمۇ تىرىشىشى كېرەك.

«كۆيۈۋاتقان قەبرە» ھېكايىسىدىكى بىزنى ئۆزىگە تارتىدىغان

يەنە بىر تەرەپ — ئۆلۈپ كەتكەن ياسىن هاجىمدۇر. ياسىن هاجىم بېيىغاندا خەلقنى ئۇنۇتمىغان مەرىپەتپەرۋەر ئادەم. ئۇ هايات ۋاقتىدا، هەر قايسى جايلاردا سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، پۇل ئىئانە قىلغان، مەكتەپ سالدۇرغان. سۇپۇرگە موللام بۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى «پۇل قوغلىشىپ ئىمانىنى بۇلغىغانلىق»، «خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلىغانلىق» دەپ قارايدۇ. ئۇ شۇڭا هاشىماخۇن مەزىننىڭ ياسىن هاجىمنىڭ قەبرىسىدىن ئوت چىقىۋاتىدۇ، دەپ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇ هامان «ئۇ شۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن گۆر ئازابى تارتىۋېتىپتۇ» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. هېكايىدىكى مەنتىقە بويىچە قارىغاندا، سۇپۇرگە موللامنىڭ بۇنداق قارىشى ئەلۋەتتە تەنقىدلىنىشى هەم خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىشى كېرەك. ئەمما، بۇ يەردىكى بىر نۇقتا بىزدىكى دىنىي چۈشەنچە بىلەن سۇپۇرگە موللامنىڭ ياسىن هاجىمغا تۇتقان باھاسىدۇر. بىر مەسىلىنىڭ بۇ ئىككى تەرىپى هېكايىدا ئېنىق ئاجرىتىلمىغان. كىتابخانغىمۇ قاراڭغۇ بولغان هالەتتە سۇپۇرگە موللامنىڭ ياسىن هاجىمغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تەنقىدلەش بىلەن قوشۇلۇپ، دىنىي ئېڭىمىزمۇ تەنقىدلىنىپ كەتكەن. سۇپۇرگە موللامنىڭ ياسىن هاجىمغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە زامانىمىزنىڭ قىلچىمۇ ئالاھىدىلىكى يوق. ئۇ ئىئانە قىلىش، مەكتەپ سېلىش ئىشلىرىنىڭ ئەهمىيىتىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن. بۈگۈنكى موللا - مەزىنلىرىمىزنىڭ مەسچىت سالدىغان مەبلىغىنىمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن مەكتەپ سېلىش ئىشلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتاۋاتقانلىقىدەك خاسىيەتلىك روھىدىن ئۇ قىلچە خەۋەرسىز. ئەگەر سۇپۇرگە موللام بىزنىڭ نەزەرىمىزدىكى هازىرقى زامانىمىزدىكى موللا - مەزىنلىرىمىزنىڭ تىپى قىلىپ يارىتىلغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئومۇمىيلىقنى كۆرەلمەيدىغان، تەرەققىيات چۈشەنچىسى كەمچىل، تار

نەزەرلىكى بىلەن تەنقىدلىنەتتى.

ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى ھېكايىدىكى مەزمۇندىن چەتنەپ كەتكەن. بۇ قەبرىنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ئۇ دىيانەتلىك، مەردپەتپەرۋەر، خالىس نىيەت ئادەمنىڭ قەبرىسى، ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدىغان ھېسسىي تۇس بىلەن ئاتىلىشى كېرەك. كىشىلەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئۇنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ئۇقۇم بىلەن تەرىپلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەسەردە ياسىن ھاجىمدەك ئۇلۇغ خىسلەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر ئادەمنىڭ قەبرىسى ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان، بىردەملىك تالاش - تارتىش بىلەنلا ئايدىڭلىشىدىغان قۇرغاق سۆز بىلەن ئاتىلىپ قالغان. بۇ خىل ئاتاش ھېكايىدىكى ياسىن ھاجىم مەدھىيىسىگىمۇ ماس كەلمىگەن. ياسىن ھاجىم بىلەن ئۇنىڭ قەبرىسى ئوتتۇرىسىدا تۇيغۇ جەھەتتىن ھېچقانداق ئورگانىك باغلىنىشى بولمىغان بۇ سۆز، ئاپتورنىڭ بۇ ھېكايىنى يېزىپ چىقىشتىكى يەنە بىر يەڭگىللىك قىلغان تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن، توختاش بەكرىنىڭ «كۆيۈۋاتقان قەبرە» ھېكايىسى خاراكتېر يارىتىش جەھەتتىن بىزگە يېڭىلىق تۇيغۇسى بېرەلمەيدۇ. تەپسىلاتلارنىڭ چىنلىقىقا مۇخالىپ ھالدىكى قۇراشتۇرۇلۇشى بىلەن بىزگە تېخىمۇ ياقمايدۇ.

# «ئازاب» ھېكايىسىدىكى تەنقىدىي روھ

بىھۇدە گۇمانخورلۇقنىڭ ئائىلىۋى ئىناقلىقنى بۇزۇش تەرىپىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ روھىي نورماللىقىغا، تۇرمۇش خاتىرجەملىكىگە ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرىگىلا نەزەر سالىدىغان بولساق، يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1992 ـ يىل 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئازاب» ھېكايىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ.

پەرھاتنىڭ ئايالى بېلىقىزدىن گۇمانلىنىشى، ئۇنى ھەمىشە كۈنلىشى، ئاخىرى بېرىپ پەرھاتنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، بىھۇدە تەشۋىشلىنىدىغان، خىيال قىلىدىغان، بىكاردىن ـ بىكارلا «خۇدايا شۈكرى، بالام كارىۋاتقا ساق چۈشۈپتۇ» دەپ سالىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بېلىقىزدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى ھاياتىنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قىيىن. نېمىلا بولمىسۇن، بېلىقىزنىڭ نەزىرىدە پەرھات ئەمدى روھىي جەھەتتىن ساغلاملىقىنى، ئۆز ئايالىغا نىسبەتەن ئەرلىك مېھىر ـ مۇھەببىتىنى يوقاتقان ئادەم. ئەمدى ئۇنىڭ ھەتتا ئۆز بالىسىغا ئاتا بولۇش سالاھىيىتىمۇ تامامەن يوقالغان دېيىشكە بولاتتى. تۇرمۇشىمىزدا بۇنداق ئادەملەرنىڭ يەنە نېمە قىممىتى بولسۇن؟

ئەسەردە بېلىقىزنىڭ ساپ دىل، ۋاپادارلىقىغا دائىر ھېچقانداق ئەمەلىي پاكىت ياكى تەسۋىر يوق. پەقەت بېلىقىزنىڭ پەرھاتنىڭ گۇمانخورلۇقى چېكىگە يەتكەندە چىداپ تۇرالماي ئۆز ـ ئۆزىنى ئاقلاشلىرىدىنلا بەزى نەرسىلەرنى ھېس قىلالايمىز. ئەمما بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بېلىقىز ھەقىقەتەن ساپ دىل، ئاق

كۆڭۈل، ۋاپادار ئايال. پەرھاتنىڭ ئۇنى گۇمانخورلۇقتا ئەيىبلەشلىرى پۈتۈنلەي بىھۇدە. بىز بۇ يەكۈنگە قانداق ئېرىشتۇق؟ ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا ئۇ كىتابخانلارغا بېرىدىغان تەسىرات جەھەتتە ئۆزى بىلەن ئوخشاش تېمىدىكى ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالدى بىلەن كەيپىيات جەھەتتە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. كەيپىياتنىڭ بىر تەرەپكە ئارتۇقچە قىزغىنلىشىپ يەنە بىر تەرەپكە سۇسلىشىپ قېلىشىدەك «يوشۇرۇن بىشارەت بېرىش» خاھىشىدىن ئاپتور ساقلانغان. ئەكسىچە، ۋەقەلىك تەسۋىرى ئاشۇ بىر رىتىمدا كېتىۋاتقان كەيپىياتنى قانائەتلەندۈرۈپلا داۋاملاشقان. شۇنداق بولغاچقا، ئەسەر بىزنى ھەقىقىي مەنە ئىچىگە توقۇلما ۋەقەلەر، ئاشكارا خاھىشلار جەريانلىرى ئارقىلىق ئەمەس، بىر خىل لىرىك كەيپىيات ئارقىلىق باشلاپ كىرىدۇ. بىز بۇ خىل كەيپىيات ئىچىدە تەبىئىي ھالدىلا پەرھاتقا نەپرەتلىنىمىز، ئېچىنىمىز. چۈنكى، پەرھات روھىدا شەكىللەنگەن گۇمانخورلۇق، كۈنلەشلەرنىڭ يىلتىزى خېلىلا چوڭقۇر. ئۇ پەرھات ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىت، ئاتا تەربىيىسى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، دىنىي كۆز قاراش قاتارلىقلارنىڭ ئادەتتە ساغلام بولمىغان تەرەپلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ يېتىلگەندى.

بىزگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي خۇراپاتلىقى ئاياللارنى خورلاش، ئۇلارنى كەمسىتىشنىمۇ ئۆزىنىڭ بىر تۈرلۈك مەزمۇنى قىلغان. بىزنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىمىزدا، مۇناسىۋەتلىرىمىزدە، ئائىلىۋى تەربىيىلىرىمىزدە ھېلىھەم بۇ خىل ناچار تەرەپلەرنىڭ قالدۇقلىرى بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ساقلانماقتا. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئاياللارنىڭ غۇرۇرى، ئىپتىخارى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئورنىنى تۆۋەن كۆرىدىغان تۈرلۈك كەيپىياتلار تۇرمۇشىمىزدا بىزگە دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرماقتا. بىھۇدە گۇمانلىنىش ئەنە شۇ تىپتىكى كەيپىياتلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئىجتىمائىي مۇھىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىلىقىزنىڭ زا-
ۋۇتتىن كېچىكىپ كېلىشى، چىرايىدىكى ھارغىنلىقلار ئەلۋەتتە
گۇمانلىنىشقا سەۋەب بولالمايدۇ. ئەسەر ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا
تېخىمۇ شۇنداق. بىلىقىز ئىشلەيدىغان زاۋۇت بىلەن ئۆي ئارىلى-
قى خېلىلا يىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلە ئىشلىرى — بالىسىنى
يەسلىگە ئاپىرىش، ئەكىلىش ئىشلىرى پۈتۈنلەي بىلىقىزنىڭ
ئۈستىگە يۈكلەنگەن. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش تەكىت-
لىنىۋاتقان پەيتتە، زاۋۇتتىكى ئەمگەكنىڭ خېلىلا جاپالىق ئىكەن-
لىكى بىزگە چۈشىنىشلىك. دېمەك، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھەلەكچى-
لىكى، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئېغىرچىلىقى بىلەن پايپېتەك بولۇپ
يۈرۈش نەتىجىسىدە ۋاقىتسىز سولۇشۇۋاتقان بۇ چىرايدىن، بۇ
تەندىن يەنە ئاغرىنىش، گۇمانلىنىش توغرىمۇ؟ پەرھات مەسىلىگە
بۇنداق قارىيالمايدۇ. ئۇنىڭ روھىدا يىلتىز تارتقىنى تەبىئەت
سىرلىرى، ئالەم ھەققىدىكى گۇمانلىنىش ئەمەس. ئوتتۇرا ئە-
سىرنىڭ دىنىي تەرغىباتى، ئىناقلىق، بىرلىك، دىلكەشلىكنى
بۇزىدىغان، ئۇنى ۋەيران قىلغان مەختۇم ئەزەمچە گۇمانخورلۇق
ئىدى. ئۇ بىلىقىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ھەمىشە گۇمانخورلۇق، بى-
ھۇدە تەشۋىشلىنىش نۇقتىسىدىن چىقىپلا كۆزەتتى. ھەرگىز ئۇ-
نىڭدىن باشقىچىرەك نۇقتىدىن چىقىپ تەھلىل قىلالمىدى. ھەمە-
مىلا تەرەپنى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى گۇمانخورلۇق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
قارىۋالدى. ئىشقىلىپ پەرھاتنىڭ ۋۇجۇدى بىھۇدە گۇمانلىنىش
چىرماپ كەتكەن ئوبرازدۇر. بۇ پىكرىمىزنى ئۇنىڭ بىلىقىز بى-
لەن تېخى ئەمدىلا تونۇشا — تونۇشمايلا ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىدە
ئويلىغانلىرى تېخىمۇ دەلىللەيدۇ.

پەرھات بىھۇدە گۇمانخورلۇقتا بىزنى غەزەپلەندۈرسە، يەنە
بىر تەرەپتىن تولىمۇ تېتىقسىزلىقى بىلەن بىزنى يىرگەندۈرىدۇ.
دەرۋەقە ئەمەلىي تۇرمۇشتىمۇ غەزەپلىنىش بىلەن يىرگىنىش كۆ-
پىنچە پەرھاتتەك مۇشۇنداق ئادەملەرنى ئۇچراتقاندا ھاسىل بولۇ-

شى مۇمكىن. ئەسەردە پەرھات يېنىدا ياتقان بىلىقىزنىڭ گۈزەل چىرايىغا قاراپ خىيالغا پاتتى، تۇرۇپ ئاياللارنىڭ «نەيرىڭى» توغرىسىدا ئويلىنىپ كەتتى. ئاخىرىدا بىلىقىزنىڭ سۆزلىرىگە، ھەرىكەتلىرىگە بۇنىڭدىن كېيىن ئىشەنمەسلىك قارارىغا كەلدى. شۇنداق قىلغاندىلا قەتئىي تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ يەردە بىزنى ھېس قىلدۇرغىنى پەرھاتقا نىسبەتەن ئۇنىڭ سەزگۈر، ھوشيار، غۇرۇرلۇقى (ناۋادا شۇنداق قارالسا) ئەمەس، ئەكسىچە بارغانچە تۆكۈلۈۋاتقان ئەرلىك دۇنياسى، ئو-غۇل باللىق غۇرۇرى، نورمال ئادەملىك تەبىئىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس! ئۆز ئاياللىرىنى بىھۇدە گۇمانلىنىش، ئۇنى ھەمىشە باشقى-لارنىڭ قۇچىقىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ يۈرۈش دېگەنلەر ھەقىقىي ئەرلىك غۇرۇر ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان، ئاياللار دۇنياسى ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان تەرەپلىرى زادى نەدە قالدى؟ پەرھاتتا ئۆز - ئۆزىنى تونۇش، بىلىش ئىككى تولىمۇ تۆۋەن، ھەتتا يوق دېيەرلىك. بىزگە ئۇ بىلىقىزنى مەيلى قانچىلىك ئۇرۇپ قاقشاتسۇن، روھىي جەھەتتىن يەنىلا زەئىپ، ئاجىز بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

بىلىقىزنىڭ ئاخىرىدا تۇن قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ بالىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشى، پەرھاتقا نىسبەتەن ئۇنىڭ بىلىقىز ئالدىدىكى قىممىتىنىڭ پۈتۈنلەي يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ ئەرلىك دۇنياسىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىسيان، جازا ئىدى.

ئەسەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىن بۇ ئەر - ئاياللارنىڭ قانۇنىي يول بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت مۇرەسسە قىلىش، سىلىقلاشتۇرۇش يولى بىلەن ئاخىرلاشمىغانلىقى، ئەسەرنىڭ بە-دىئىي ئويلاندۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرغان تەرەپلەرنىڭ بىرى. بىلى-قىزنىڭ تۇن قاراڭغۇلۇقىدا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرىمەي-مىز. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا بىز ئۈچۈن «ئۆي زۇلمەت، ئالەم

يورۇق» ئىدى. بىلىقىز ئايالىلىق غۇرۇرى، ئىپتىخارى ئۇچۇن، ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇۋاتقان بۇ زۇلمەت ئىچىدىن ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. بىز بۇنداق ئايالىلىق روھىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز.

ئومۇمەن «ئازاب» ھېكايىسى بىھۇدە گۇمانلىنىش خاھىشىغا نىسبەتەن ئايالالارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىپتىخارلىنىش ۋە غۇرۇر، ئىشەنچ تۇيغۇسىدىن چىقىپ تەنقىد ئېلىپ بېرىشتا ياخشى نەتىجە-گە ئېرىشكەن ياخشى ھېكايىدۇر.

# يېڭى ئەپسانىچىلىق ۋە «ئايخان»

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپا سەنئەت مۇنبىرىدە ئەپسانە قىزغىنلىقى قايتا كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەپسانىلەرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى، رولى ھەققىدىكى تۈرلۈك نەزەرىيىۋى قاراشلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. كونكرېت ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە بولسا قەدىمكى ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر ۋە يەرلىك ئەپسانىلەردىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دولقۇنى ئەۋج ئالدى.

ئەپسانىلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان تەسىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن. بىرىنچى، ئەپسانىۋى قاراشلارنىڭ قوللىنىلىشى. بۇ خىل تەسىر بىلەن ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى-شۇكى، ئۇلاردا ئىپتىدائىي ۋە يەرلىك ئەپسانىلەردىكى پېرسوناژ، ۋەقەلەرمۇ يۆتكەپ كېلىنىپ، ئىپتىدائىي ئەپسانىۋى قاراشلار ئىجادىيەتنىڭ تۈپكى تايىنىش ئاساسى قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئەپسانىۋى سىمۋوللۇق مەنانىڭ قوللىنىلىشى. بۇ خىل تەسىر بىلەن ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەردە كۆپىنچە ھاللاردا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئەپسانىۋى ۋەقە ياكى ئېپىزوت بولمايدۇ. پەقەت ئەپسانىۋى مەنىلا بولىدۇ. بىز ئادەتتە كىشىلەرگە قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك بولۇپ تۇيۇلىدىغان يەرلەرنى ئەپسانىۋى مەنە بېرىپ «ئالۋاستى ماكانى»، «جىن ـ شەيتانلار ئۇۋىسى» دەپ ئاتايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ ئېڭىمىزدا شۇنداق بولۇشنى جەزىملەشتۈرىمىز. يازغۇچىلار مانا مۇشۇنداق ئەپسانىۋى مەنە بېرىلگەن چۈشەنچىلەرنى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى

«ئەڭ ئۈنۈملۈك ماتېرىيال» سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۆز مۇد-
دىئاسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا تولېستوي-
نىڭ «تىرىلىش» رومانى بىزنى قايىل قىلىدۇ. ئۈچىنچى، بىر
خىل ئالاھىدە ئەپسانىۋى مۇھىت يارىتىش. يازغۇچىلار بۇنداق
مۇھىت ياراتقاندا ئۇنىڭ رېئال مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى-
نى ئالاھىدە ئويلىشىدۇ. بىرلا شەرت، ئۇ ئالدى بىلەن رېئاللىق-
تىكى مۇھىت، رېئاللىقتىكى ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئېڭىنى كۆر-
سىتىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇشى كېرەك.
ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان «ئار-
تۇقچە» بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىنسانىيەت-
نىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى كۆپ قاتلاملىقتا ۋە مول
مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ ئىنسانىيەت ياراتقان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى
ئاساسىدا تېخىمۇ بېيىپ، مۇللىشىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ئىنسانىيەتنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت ئىجادىيىتىدە ئۈزلۈكسىز
ئاكتىپ رول ئويناپ بارىدۇ. ئەپسانىۋى ئوبراز، ئەپسانىۋى ھېكا-
يە، ئەپسانىۋى تېما ۋە ئەپسانىۋى قاراشلار ئەنە شۇ مەدەنىيەت
ئەنئەنىسىنىڭ مۇھىم قاتلىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ خىل ئامىل-
لار گەرچە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئاللىقا-
چان چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، مۇھىم مەدەنىيەت قاتلىمى سۈپى-
تىدە ئۆزىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت ئىجادىيىتىدە ئۈزلۈكسىز رول
ئوينايدۇ. ئۇنىڭ تەسىرى ۋە رولىغا سەل قاراشقا ياكى بولمىسا
ئۇنى چەتكە قېقىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇنبىرىدە ئەپسانە قىزغىنلىقى-
نىڭ قايتا كۆتۈرۈلىشى، ئەلۋەتتە سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. بۇ-
نىڭدا كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك زىددىيەتلىرى كىشىلىك
مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىدە كۆتمىگەن دەرىجىدە زور
ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە يات بولغان

مۇناسىۋەت تورلىرى ئىچىگە چۈشۈرۈپ، ئۆز ئىگىگە پەقەتلا سىغ-
دۇرالمايدىغان يىرگىنىشلىكلەر ئىچىگە مەجبۇرلىدى. ئۇلارنىڭ
ئىلگىرىكى ئەركىن ئىستېتىك تەلپۈنۈش ئارزۇسى ئەمدىلىكتە
تۈرلۈك قۇراشتۇرۇلغان توساقلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراشقا باشلى-
دى. قىسقىسى، تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزم جەمئىيىتى كىشى-
لەرنىڭ تونۇشىدا «قەھرىمانلىق يوقاپ كېتىۋاتقان»،
«ئىستېتىكا پرىنسىپلىرىغا يات ھالدىكى دۇنيا» غا، ئادەملىرى
بولسا «مەنىۋى جەھەتتىن قىسىلىۋاتقان» دۇنياغا ئايلىنىپ قال-
دى. نەتىجىدە، كىشىلەر قەدىمكى ئىپتىدائىي ئەپسانىلەردىكى
«ھەممە گۈزەللىك» ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ، ئۇنىڭدىن قەھرى-
مانلىق، پاكلىق، سەممىيلىك... نىڭ ئۇلگىلىرىنى ئىزدەش،
ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۆز مەنىۋى دۇنياسىدا شۇ خىل گۈزەل-
لىكلەر ئاساسىدا قايتا «يېڭى دۇنيا» بەرپا قىلىش ئاساسىي
مەقسەت قىلىنغان «يېڭى ئەپسانىلەر» نى بارلىققا كەلتۈردى.

«يېڭى ئەپسانىلەر» مەزمۇن جەھەتتىن ئىپتىدائىي ساددا
دۇنيا قاراش، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرگە تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئې-
لىپ بېرىش، ئۇلارغا يېڭى مەزمۇن، ھازىرقى زامان مەنىسى
بېرىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەچكە، ئۇ «تەبىئەت كۈچلىرى
ئوبرازلاشتۇرۇلغان» (ماركس) «كونا ئەپسانە» لەردىن تۈپتىن
پەرق قىلىدى. «يېڭى ئەپسانىلەر» قانداقتۇر ئىپتىدائىي ئىنسان-
لارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن
ئېلىپ بارغان ئاجايىپ - غارايىپ كۈرەشلىرى ئەمەس، بەلكى،
مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئەپسانىلاشقان ئىگى بىلەن دىنىي ئېڭىنىڭ
ئارىلاشمىسىدىن بارلىققا كەلگەن ئەنئەنىۋى چۈشەنچىسى بىلەن
ھازىرقى رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىدۇر.

يېڭى ئەپسانىچىلىقنىڭ ئاساسچىلىرى تەشەببۇس قىلغان
«خەلق ئاممىسى پەقەت ئەپسانىلەر ئارقىلىقلا ھەقىقىي سەنئەت
ئىجادچىسىغا ئايلاندى»، «ئەپسانە تېخىمۇ چوڭقۇر تۇرمۇش قارى-

شى ھەققىدىكى شېئىردۇر» دېگەن قاراشلارنىڭ بازار تېپىشى ئەپسانە قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى ئەپسانىچىلىق-نىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋەتتى. 20 ـ ئەسىر ئەدەبىياتىدا توماس مورنىڭ «ئالۋاستى تېغى»، كافكانىڭ «شەكىل ئۆزگە-رىش خاتىرىسى» ئەسەرلىرى دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى ئەپسانىچى-لىق ھېكايىلىرى دەپ ئاتالدى. بۈيۈك يازغۇچى گارسىيا ماركوز-نىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» ئەسىرى بولسا يېڭى ئەپسانىچىلىق بايىدىكى بىر نامايەندە بولدى. بۇ ئەسەرلەردە ئەپسانىۋى قاراشلار-نىڭ تەسىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئەدەبىياتتا ئۆزگىچە بىر بەدىئىي شەكىل بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلغان.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئايخان» ھېكايىسى ئەنە شۇ «يېڭى ئەپسانىچىلىق» نىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھەم شۇ ئىز بىلەن ماڭغان ياخشى ئەسەر. بۇنىڭدا «ساز مەھەللە» كىشىلىرى-نىڭ (ياكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ) دىنىي ئېڭى، ئەپسانىۋى ئېڭى بىلەن ھازىرقى رېئال تۇرمۇشى مۇستەھكەم بىر گەۋدە قىلىن-غان. ھېكايىدىكى ئايخان ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىدا باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل ئەپسانىۋى ئىچكى روھ رول ئوينايدۇ. ئەمەلىيەت-تىمۇ ئايخان بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا پەقەت روھىي جەھەتتىكى بىنورمال ھالىتى بىلەنلا نامايان بولدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئۆمۈر بايانى ھەم كەچۈرمىشلىرى، قىسقىسى، نورماللىق ھالىتى مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاپتورنىڭ مەقسىتى ۋە ئەسەرنىڭ تۈپكى روھى بىلەن چېقىشالمايدۇ. شۇڭا، ئايخاننىڭ ئاشۇ قىلىن كوكاتلىق ئىچىدە ئۇخلاپ قالغان پەيتىنى ئايخان ئوبرازىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە ئەسەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىش تاما-مەن ئەقىلگە ئۇيغۇن.

ئايخاننىڭ روھىي جەھەتتىن بىنورمال بولۇپ قېلىشى، «ساز مەھەللە» كىشىلىرىنىڭ دىنىي ئېڭى بويىچە پەقەت قېلىن كوكاتلىق ئىچىدە بىر كېچە ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن بولدى. قاۋۇل

بىلەن ئايخاننىڭ كېيىنكى ئەھۋالى بولسا «ساز مەھەللە» كىشى-
لىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ئېنىق. ئۇلار ئاللىقاچان ئەپسانىلاشقان
ئېگىز بويىچە ئېنىق خۇلاسىگە كېلىپ بولدى. ئۇلارنىڭ دۇنيادى-
كى بارلىق رەھىمسىزلىك، پىتنە - پاساتلىق تەبىئەتلەرنى سىغ-
دۇرالمىغان، خورلانغان روھلىرىنىڭ بىرىككەنلىكىدىن خۇشال
بولۇشۇپ، ئۇلارغا «بەخت» تىلەشتى. ئايخان ئەمدى روھىي
جەھەتتىكى بىنورماللىق تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغانىدى. بۇ
«ساز مەھەللە» كىشىلىرىنىڭ نەزەرىدىمۇ شۇنداق. ئۇلار قاۋۇل
بىلەن ئايخاننى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشىنىشتى. ئەمما بۇ خىل
چۈشىنىش ئاۋۋال ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان
ئاشۇ مۇھىتنى چۈشىنىشتىن كېيىن بولدى. شۇڭا، ئۇلار ئايخان
بىلەن قاۋۇلنىڭ كېيىنكى چۈشىنىكسىز تۇرمۇشىنى ناھايىتى
چىرايلىق رىۋايەت قىلىشىپ يۈرۈشتى. بۇ رىۋايەت پۈتۈن ئەسەرگە
سىڭدۈرۈلگەن ئەپسانىۋى روھنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. بۇ
نەتىجىنى كىتابخاننىڭ چىقارغىنىدىن «ساز مەھەللە» كىشىلىرى-
نىڭ چىقارغىنى، ئەسەرنى رېئاللىق بىلەن تېخىمۇ ياخشى بىر-
لەشتۈردى.

ئەدەبىيات ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا ئەپسانىلەرنىڭ تەسىرىنى
ھېچقاچان چەتكە قاققان ئەمەس. شۇنداق ئاتاپ كۆرسىتىشكىمۇ
بولىدۇكى، ئەدەبىيات تارىخىدا بەزى ھاللاردا ئەپسانىنىڭ ئەدەبى-
ياتقا قوشقان ھاياتىي كۈچى ناھايىتى زور بولدى. بىزگە مەلۇم-
كى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئەلۋەتتە شۇ مىللەت
ئەپسانىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى
ۋە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ بەرپا بولۇشى ئىنسانىيەت تارى-
خىدا ئالاھىدە دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. مەدەنىيەت
تارىخىدا بولسا بۇ دەۋر ئەپسانە بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئايرىلىش،
تەسىر قىلىش مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. گەرچە ئەدەبىيات ئەپسانى-
دىن ئۆزۈك ئېلىپ بارلىققا كەلگىنى، تەرەققىي قىلغىنى بىلەن

ئۇ پاسسىپ ھالدا ئەپساننى دورىمايدۇ ياكى ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭمايدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ئەدەبىيات ئەپساننى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ كونكرېت ئىجادىيەتتىكى رولىنى مۇبالىغىلەشتۈرمەيدۇ. ئەكسىچە ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئەپسانىۋى ئامىللاردىن تاشقى قاتلام سۈپىتىدە تەركىب قوبۇل قىلىپ، تېما، مەزمۇن ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسىرى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تىكى پېرسوناژ جياباۋيۈ بىلەن لىن دەييۈلەرنىڭ يارىتىلىشىدا ئەپسانىۋى ئامىللارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك. جيا باۋيۈ ئەسلىدە نۈيۋا ئانىنىڭ ئاسماننى ياماشتىن ئېشىپ قالغان بىر پارچە قارا تاشتىن تۆرەلگەن بولسا، لىن دەييۈ لىڭخې دەرياسى قىرغىقىدىكى ئەۋلىيا چۆپتىن يارالغان. دېمەك، ئاپتور تېما ئېھتىياجى ئۈچۈن بۇ يەردە روھ قارىشى ۋە شەكىل ئۆزگىرىش قارىشىدىن پايدىلانغان. ئۇندىن باشقا يەنە گېيوتى، شېكسپىر، چۈيۈەن قاتارلىق يازغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ «پائۇس»، «12 كېچە»، «شېئىرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر ۋە يەرلىك ئەپسانىلەردىن پايدىلىنىپ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغاندى.

ئەپسانىۋى تېما، ئەپسانىۋى ئېپىزوتلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىنى ئىپادىلەش گەرچە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكىدەك ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئانچە چوڭ تەسىر ۋە جانلىنىش پەيدا قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە خېلى بۇرۇنلا باشلانغاندى. ئوتتۇرا ئەسىردە خرىستىئان دىنىنىڭ بىردىنلا كۈچىيىشى خرىستىئان دىنىي ئەپسانىلىرىنىڭ ئورنى ۋە تەسىرىنى كۈچەيتىۋەتتى. كېيىنچە خرىستىئان دىنىي ئەپسانىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

18 ـ ئەسىر مەرىپەتچىلىك ئەدەبىياتى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەپسانىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىر ئاز ئاجىزلاپ، يازغۇچىلار بىۋاستە ھالدا ئەپسانىۋى ھېكايىلەرنى قوللىنىشتىن باش تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز دەۋرىنىڭ تۈرلۈك سىياسىي، پەلسەپىۋى مەسىلىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشتا ئالاھىدە سەھىپە ياراتتى. ئۇلار بۇ «رامكا» دىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار مەرىپەتچىلىك سىياسىي غايىسىنى ئىپادىلىدى ھەم تەشۋىق قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى رومانتىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي قوزغۇلىشى ۋە تەرەققىياتىدىمۇ يەنىلا خرىستىئان دىنىي ئەپسانىلىرىنىڭ ئوينىغان رولى كۈچلۈك بولدى. بۇ ۋاقىتتا، ئىپتىدائىي ئەپسانىلەرنىڭ ئورنىغا ئاساسەن خرىستىئان دىنىي ئەپسانىلىرى دەسسىتىلدى. بۇ ھال رومانتىزملىق ئەدەبىياتتا ئىلاھچىلىققا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىش رولىنى ئوينىدى. رومانتىزملىق، جىن ـ ئالۋاستى ئەپسانىلىرىنى ياراتتى. بۇ ئەپسانىلەردە ئىلاھچىلىققا قارشى قەھرىمانلار ھېكايە قىلىندى. چۈشكۈنلەشكەن پەرىشتىلەر ئوبرازىمۇ يارىتىلدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ ئۇسۇل 19 ـ ئەسىر رومانتىزملىق ئەدەبىياتىنى دەۋر رېئاللىقى، دەۋر تەلىپى بىلەن نەچچە ھەسسە يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى.

دېمەك، يۇقىرىقى پاكىتلار بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئەدەبىيات بىلەن ئەپسانىنىڭ ئۆزئارا تەسىر مۇناسىۋىتىگە مەيلى تارىخىي نۇقتىدىن بولسۇن، مەيلى بۈگۈننىڭ رېئاللىقىدىن بولسۇن ئىلمىي مۇئامىلىدە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. قانداقتۇر بۇ خىل تارىخىي مۇناسىۋەتلەرگە بىر تەرەپلىمە ئېسىلىۋېلىپ ئۇلارنى بىر نەرسىگە (ھېچ بولمىغاندا تەڭ قىلىپ قويۇشقا) ئايلاندۇرۇپ قويۇش، ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان ئاڭ ـ چۈشەنچىلەرنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىپ بۈگۈنكى

ئەدەبىياتقا تەدبىقلاپ چۈشەندۈرۈش ئوخشاشلا يارىماس ئىللەتتۇر.

ئەدەبىيات بىلەن ئەپسانە (ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر) ئوخشىمىغان ماھىيەتكە، ئوخشىمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى. شۇنداق ئىكەن «ھايات ئىمكانىيىتىدىن ھالقىغان بىرەر شەخس ياكى ۋەقە» نى ئەدەبىياتتا تېما ئېھتىياجىدىن گەۋدىلەندۈرۈشكە يول قويۇلسىمۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئەدەبىياتنى ئاشۇ ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر ئىسكىلاتىغا مەھكۇم قىلىۋېتىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. «بىرەر كارامەتلىك شەخس ياكى ۋەقە» نىڭ بولۇشى بىلەن ئەدەبىياتنى ئەپسانە دەپ قاراش چېكىدىن ئاشقان بىلىمسىزلىكتۇر! بۇ نۇقتىدا كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئايخانغا ئېيتىدىغان سۆزلىرىم» ئوبزورىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر مۇلاھىزىلەر ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇن ئىدى. لېكىن، يولداش ئابدۇرۇسۇل قادىرى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1990 - يىلى 3 - سانىدا ئېلان قىلغان «ئايخان ئەپسانە ئەمەس» ناملىق ئوبزورىدا، مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ «سۆزلىرىم»①دىن «ئايخان» نى «ئەپسانە دېدى» دېگەنگە ئوخشاش قىلچە ئەمەلىيەتكە سىغمايدىغان ھۆكۈمنى چىقىرىپ، بىر مۇنچە ئورۇنسىز تەنقىدلەش ئېلىپ بارغان. «سۆزلىرىم» دە تەكرار تىلغا ئېلىنغان «ھازىرقى زامان ئەپسانىسى» نىڭ «تەبىئەت كۈچلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلغان»، ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان «كونا ئەپسانە» لەرنى ئەمەس، بەلكى «كونا ئەپسانە» لەرنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە مۇناسىپ تاشقى قاتلام قىلغان زامانىۋى ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى قىلچە ئاڭقىرالمىغان.

ئايخاننىڭ بۇ دۇنيادا كۈتكىنى مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز

---

① «سۆزلىرىم» — «ئايخانغا ئېيتىدىغان سۆزلىرىم» بۇ يەردە قىسقارتىپ ئېلىندى.

ھالەتتە بولسۇن پەقەتلا قاۋۇل، قاۋۇلنىڭ كۈتكىنىمۇ پەقەت ئايخان، ئايخاننىڭ بۇ دۇنيادا قاۋۇلدىن باشقا بىرەرسى بىلەن قوشۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس، قاۋۇلنىڭمۇ ھەم شۇنداق. سېلىم موزدوزنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ئۇلارنى بۇ مەقسەت ئۈچۈن «كۆرەش» كە چاقىرىش بولدى. ئەمدى ئايخان «لويلا كوكات بېسىپ كەتكەن سۇرلۇك ماكان» دا ئۆزى يالغۇز قېلىشقا رازىكى، ھېچقانداق يات جىنىسنى ئەتراپىغا دەسسەتكۈزمىدى، ھەتتا يات جىنىستىكىلەرگە چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچلۈك نەزىرى بىلەن قارايدىغانمۇ بولىۋالدى. چۈنكى، قاۋۇلغا (ئايخان بۇنى ئېنىق ھېس قىلالمىسىمۇ) كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ توساق ئاشۇ ئادەملەر، بولۇپمۇ يات جىنىستىكىلەر ئىدى. ناۋادا ئايخان يەنە بىر يات جىنىسنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتسە، قاۋۇل ئۈچۈن يەنە قانچىلىك ۋاقىت ياشىشى كېرەك؟ ئەگەر سېلىم موزدوز قىلغان باشقىلارنىڭ ئامانىتى سۈپىتىدىكى مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەي قالسىچۇ؟

ئايخان كۆل بويىدا قاۋۇل بىلەن ئۇچراشتى. ئايخان بىلەن قاۋۇل ياشاۋاتقان ھايات ئىمكانىيىتى ئۈچۈن بۇ بىر تاسادىپىيلىق. ئەمما، ئايخاننىڭ روھى جەھەتتىن بىنورمال بولۇپ قېلىش «ۋەقە» سى ئۈچۈن ئېيتقاندا، زۆرۈرى مۇقەررەرلىكتۇر. ئايخان ئۆزىنىڭ بولغۇسى جۈپتىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇ بولسىمۇ دەل قاۋۇل ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇن ئېڭىدا سېزەتتى. شۇڭا، ھېچقانداق يات جىنىستىكىلەرنى ھويلىغا دەسسەتمەيدىغان، ئۇلارغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچلۈك نەزىرى بىلەن قارايدىغان ئايخان كۆل بويىدا قاۋۇلنى تۇنجى كۆرۈشى بىلەنلا كۈلۈمسىرەيدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ، ھەتتا قاۋۇلنىڭ ھەر قانداق ھەرىكىتىگە رازىمەنلىك بىلەن يول قويىدۇ. بۇ جەريانلار ئايخاننىڭ مەنىۋى قاتلىمىدا يەتتە ياش ۋاقتىدىلا قاۋۇلغا باغلانغان سېزىمىنىڭ نەتىجىسى، ئەسەرگە قاراپ باقايلى «ئايخاننىڭ چاپ-

لىرى ئەمدى چىرايلىق تارتىلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ كۆڭلى
تارتقان ئۆيلەرگە كىرىپ يىپ ـ يىڭنە، تارغاق، سوپۇن دېگەندەك
لازىملىقلارنى سورايتتى. كـوچىغا ئـۆزىنى تـۈزەشتۈرۈپ چىـ
قاتتى» ، «ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ئېگىلىپ سالام قىلاتتى» .
مانا بۇ يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغىنى ئايخاننىڭ يەتتە ياش ۋاقتىدا
توختاپ قالغان ئېڭىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى ۋە بۇنىڭغا تۈرتكە
بولىۋاتقان روھىي قانائەت.

«ئايخان» ئەپسانىۋى روھ سىڭدۇرۇلگەن ئەسەر، ئەمما بۇ
روھ ئەسەرنىڭ تۈپكى روھىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئەپسانىۋى
روھ سىڭدۇرۇپ، ئالاھىدە «ئەپسانىۋى مۇھىت» تىكى ئادەملەر
مۇناسىۋىتى، ئادەملەر بىلەن مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىـ
تىپ بېرىش «ئايخان» غا ئوخشاش ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم بىر
ئالاھىدىلىكى. ئايخـاننىڭ روھىي جـەھـەتتىن بىنـورمال بو-
لۇپ قېلىپ ئىگە ـ چاقىسىز يۈرىشى، قاۋۇلنىڭ نامەلۇم ئۆلتۈ-
رۈلىشى، ئاخىرىدا ھەر ئىككىسىنىڭ بىر كېچىدە غايىپ بولۇشى
«ئايخان» غا خاس بولغان ئەپسانىۋى مۇھىتتۇر. بۇ مۇھىتتا بىز
ئادەملەرنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىنىمۇ، ئېسىل پەزىلەتنى، گۈزەل-
لىكنى ئاياغ ئاستى قىلغۇچى يامان تەبىئىتىنىمۇ كۆرۈۋالىمىز.

ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتى پەلسەپە، پسىخولوگىيە،
ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ بەزى
تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئىلگىرىكى ۋەقەلىك ئاساسىي ئورۇندا
تۇرىدىغان تۇرمۇشنى ھېكايىلەشتۈرۈش، پېرسوناژلارنى تىپلاش-
تۇرۇش باسقۇچىدىن ھالقىپ ئادەمنى يارىتىشنى، ئادەملەرنىڭ
روھىي دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى،
ئالاھىدە شارائىتتىكى ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى كۆرسىتىپ بې-
رىشنى مەقسەت قىلىدىغان بولدى. يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە
ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر ۋە يەرلىك ئەپسانىلەردىن ماتېرىيال ئې-
لىش ئارقىلىقلا بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىمكاند-

يېتىگە ئېرىشمەكچى بولۇشتى. ھەقىقەتتىمۇ گارسىيا ماركوزغا ئوخشاش يازغۇچىلار ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىندىئانلارنىڭ ئەپسانە — رىۋايەتلىرىدىن ماتېرىيال ئېلىپ دەسلەپكى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

پروزىچىلىقىمىزدىكى نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋاقىتىمىزدا نەزەرىيە تەتقىقاتى ساھەيىمىزدە ئانچە ئىلگىرىلەشنىڭ بولمايۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. «ئايخان» نىڭ بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشۈپ قېلىشىمۇ، بىر مەنىدىن ئالغاندا، ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولدى. نەزەرىيە ساھەيىمىزدە ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتى نەزەرىيە تەتقىقاتىغا نەزەر ئاغدۇرۇش، ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۇرۇشتە ئوخشاشلا مۇھىم ئىدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى نەتىجىلەرنى ۋاقتىدا بايقىشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى. ئەپسۇسكى، ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۇرۇش مەقسىتى ئاساسىدىكى «نەزەرىيە ئاغدۇرۇشلار» بەزىلەرچە قانداقتۇر «غەيرىي سەنئەت قارىشى» دېيىلىپ چەتكە قېقىلىش مۇراجىئەت قىلىنماقتا. بۇ ھەم كۆلكىلىك ھەم ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش، خالاس.

# زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت يولى

زوردۇن سابىر بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى بىر تىپىك يازغۇچى.

زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن پىششىق تونۇش بولغان ھەر بىر كىتابخانغا ئايانكى، يېزا تۇرمۇشى يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق تېما. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئۆزگىچە دېھقانچىلىق ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بولسا، يازغۇچىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت يولى ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى ئىچىدە «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە»، «كومبايىن» قاتارلىق ھېكايىلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلەر سانىلىدۇ. «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە» ھېكايىسىدە مالچى سەيپىنىڭ قار - شىۋىرغاننىڭ ھۇجۇمىنى، ئاچ بۆرىنىڭ تەھدىتلىرىنى يېڭىپ، ماللىرىنى تاغ ئارقىسىدىكى يايلاققا يەتكۈزۈپ كېلىش جەريانى تەسىرلىك، ئىنچىكە، جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

سەيپى تاغ ئارقىسىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھەيۋەتلىك مىڭمارال چوققىلىرى بىلەن ئالدىدىكى يېيىلىپ ياتقان يايلاق شۇنچە گۈزەل ۋە شۇنچە رەڭدار قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ.

ئۇ ھەر يىلى كېلىپ مال بېقىۋاتقان بۇ يايلاققا، تىك چوققىغا ئۆزىمۇ سەزمىگەندەك زوقلىنىپ قارايدۇ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايدۇ. يازغۇچى سەيپى ئوبرازىنى ياراتقاندا، ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە تايىنىش يولى بىلەن ئىش قىلغان. سەي-

پىنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى، ھېس - پائالىيەتلى-
رى، ئوي - خىياللىرى، ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشلىرى مۇنا-
سىۋەتلەر ئاساسىدا ئېچىپ بېرىلگەن. شۇڭا، كوللېكتىپنىڭ
قويلىرىنى قەتئىي قوغداشنى ئۈستىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەجبۇ-
رىيەت ئاستىدىكى سەيپىگە قارىغاندا، تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ بىردە
يىراقتىكى تىك چوققىلارغا، بىردە ئالدىدىكى يايلاقتا قاراپ،
تەبىئەتنىڭ بۇ تەڭداشسىز گۈزەللىكىدىن زوقلىنىپ پىچىرلاۋات-
قان سەيپى بىزگە تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ چىن تۇيۇلىدۇ. بىز
سەيپىنى پەقەت مۇشۇنداق دەقىقىدىلا تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ
مۇكەممەل چۈشىنىمىز.

دۇنيادا ئىنسان پسىخىكىسىغا يېتىدىغان ئۆزىگە خاس نا-
زۇكلۇق ۋە مۇرەككەپلىك يوق. يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆز
ئىجادىيەت يولىدا بۇ ھالەتكە ناھايىتى سادىق بولدى. بىز يەنە
«ئاۋرال شاماللىرى» دىكى ھېكمەتنى، «دولان ياشلىرى» دىكى
كەنجىنى، «ئېھ، توپىلىق يول» دىكى گۈلئايشەمنى، «سۇبھى»
دىكى ئەسئەتنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى. يازغۇچى ئۇلارنىڭ
ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىچكىرىلەپ
گىرەلەشكەن، ئۇلارنىڭ ھەم باي، ھەم نازۇك، مۇرەككەپ رو-
ھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرەلىگەن. بىز ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدى-
كى روشەنلىك بىلەن گۇڭگىلىقتىن، مۇرەككەپلىك بىلەن ئاددىي-
لىقتىن دەل تۇرمۇشىمىزدا ياشاۋاتقان تىرىك ئادەملەرنى ھېس
قىلىمىزۇ، ئەمما ئۇلارنى رېئاللىقتىن تاپالمايمىز. يازغۇچىنىڭ
«ئېھ، توپىلىق يول» ھېكايىسى بىزنى بەختىنىڭ ئۆلچىمى زادى
نەدە؟ دېگەن تۇيغۇغا ئېلىپ كېلىدۇ. يازغۇچى خەلقىمىزنىڭ
بەخت تۇيغۇسىنى ئاۋۋال ئۇلار ياشاپ كەلگەن ناچار تەبىئىي
شارائىتتىن ئايرىپ قارىمىغان. تەبىئىي شارائىتلارنىڭ بۇ خەلقتە
ياراتقان كەڭ قورساقلىق، مېھرىبانلىق، پاكلىق، قانائەت، ئاق
كۆڭۈللۈك، ۋاپادارلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت مەنىۋىيەتلەرنى

بولسا، بۇ خەلقنىڭ ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلدۇرالايدىغان قىممەتلىك نەرسىسى دەپ كۆرسەتكەن. ھېكايىدە روزەك بەز گۈلئايشەمنى ئەڭ باياشات تۇرمۇشتىن بەھرىمەن قىلىدۇ. لېكىن، گۈلئايشەم پەقەت روزەك بەزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋاپادارلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىقنى كۆرۈپ يەتكەندىلا ئاندىن ئۆزىنى ھەقىقىي بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەندەك ھېس قىلىدۇ.

گۈلئايشەم توپىلىق يولغا قەدەم قويغاندا، ھەممەيلەننى قايىل قىلىدىغان يەنە بىر تۇيغۇ نامايان بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ ھەقىقىي سۆيىدىغىنىمىزمۇ، ھەقىقىي ھۇزۇرلىنالايدىغانلىقىمىزمۇ ئاشۇ جاپالىق تۇرمۇشىمىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بولغان تۇيغۇدۇر.

زوردۇن سابىر 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ياشلارنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى ۋە بىلىم - ئەخلاق بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلەش قارىشى ئەكس ئەتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يازغان. «سۇبھى»، «ئارچا ياپرىقى»، «خىيال ۋە سايە» ئەسەرلىرى بۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

«سۇبھى» پوۋېستى يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى ئەسئەتنىڭ مەلۇم يېزىدا بۇغداينىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىنچىكە، جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلانغان بولۇپ، زامانىمىز ياشلىرىنىڭ ئىگىلىك يارىتىش روھىغا مەدھىيە ئوقۇغان. «ئارچا ياپرىقى» دا ئەلى، كامىل، خانقىز قاتارلىق تېتىك، جۇشقۇن ياشلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، تۇغرا كىشىلىك قاراشلارغا مەدھىيە ئوقۇغان.

«خىيال ۋە سايە» ھېكايىسىدە دىلدارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا پاختىنىڭ يېڭى سورتىنى كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇش يولىدىكى بىر قاتار كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن. يېزىلىرىمىز-

نىڭ زامانىۋىلىشىش قەدەمىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر يورۇتۇلغان.

زوردۇن سابىر بۇ ئوبرازلارنى يارىتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە باي مەنىۋى دۇنياسىنى، بارلىقىنى ئەلنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلىيالىشىدەك جەسۇر ئىرادىسىنى، تۇرمۇشنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىرىدا پىشىپ يېتىلگەن قەتئىي خاراكتېرىنى، شۇنداقلا يەنە ئۆز تۇرمۇشى بەخش ئەتكەن خۇشاللىقلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئازابلىرىنىمۇ، ھەتتا بەزى سەۋەنلىكلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىر ھەقىقىي ئادەمگە خاس سىماسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل ئوبراز يارىتىش يولى 80 ـ يىللاردىكى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور دەرىجىدىكى يېڭىلاش بولغانىدى. كىتابخانلار زوردۇن سابىرنىڭ قەلىمى ئارقىلىق بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئوبرازلارنى مۇكەممەل، نۇقسانسىز، كامالەتكە يەتكەن قىلىپ پەردازلايدىغان كونا رامكىلىرىمىزنىڭ بۇزۇپ تاشلانغانلىقىنى تۇنجى بولۇپ كۆرگەنىدى.

زوردۇن سابىر ياراتقان پېرسوناژلار كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە بىر تەرەپتىن ئىچكى دۇنياسىنىڭ موللىقى، ئارزۇ ـ غايىلەرگە بايلىقى، جەلپ قىلارلىقى بىلەن ياقسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى ياراتقان، ئۆز ئىلكىدە بولغان بارلىق نەرسىلەردىن ھۇزۇر، خۇشاللىق تاپالايدىغان، كىشىگە جەسۇرلۇق، يۈكسەكلىك ئېڭى ئاتا قىلالايدىغان تەرىپى بىلەنمۇ ياقىدۇ. سىز ئەسئەت، دىلدارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇنداق تەرەپلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى كۆرەلەيسىز. ئۇلار جاپالىق ۋە قىيىن شارائىتلاردا ئىشلىسىمۇ، يەنىلا قىلچە زارلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل قەيسەر ئىرادىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۆز تۇرمۇشىدىن نەتىجە يارىتىشتەك روھى يازغۇچىنىڭ پىشقان روھى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن.

زوردۇن سابىرنىڭ يېزىلاردىكى رېئال ئىجتىمائىي مەسىلە-لەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان نەمۇنىلىك ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىرسى «ئۇنۇتمايمەن گۈلسارە» ھېكايىسىدۇر. بۇ ئەسەردە ئەڭ گەۋدىلىك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تەرەپ پېرسوناژلار-نىڭ روھىي ھالەت تەسۋىرىدۇر.

زىيالىي يىگىت نىجات ئۆز يۇرتىغا دەم ئېلىشقا كېلىپ بېيىغان دادىسىنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرىدۇ. ئەمما نىجاتقا تەسىر قىلغىنى، ئۇنى ئويلاندۇرغىنى دادىسىنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىغا قارىمۇقارشى بولغان نامرات دېھقانلارنىڭ يوقسۇل، كۆنىېرى نامراتلىشىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇشى بولدى. ئەسەرنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى يازغۇچىدىن پەقەت پېرسوناژلارنىڭ پسى-خىك ۋە روھىي ھالەت تەسۋىرىگە تايىنىپلا مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقالايدىغان يولىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

يازغۇچى ئەسەردە ناھايىتى كۆپ پسىخىك تەسۋىرلەرنى يې-زىش ئارقىلىقلا ئەسەردىكى مەنزىرە بىلەن ھېسسىيات، ھەرىكەت بىلەن مۇھاكىمە، تەسۋىر بىلەن كەيپىياتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرە-لىگەن، مۇشۇ بىرلىشىش ئىچىدە نىجاتنىڭ تۇيغۇسى ئىچىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ئالاھىدە بىر خىل سەنئەتلىك جانلىنىش ئىچىدە نامايان بولغان. ئالايلى، نىجات دادىسىنىڭ ھارۋىكەش يىللىقچىسى ئەمەتجان بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. يېزا تۇرمۇشى-نىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ بېيىشى بىلەن ئۆلچەپ كەلگەن بۇ ئاق كۆڭۈل ياش، بۇ ساددا دېھقاننىڭ يوقسۇزلۇق مۇڭى قاپلىغان، كۆرۈمسىز ئۆيىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. «جۇل - جۇل، مەينەت يوتقان - كۆرپىلەر ئارتىلغان، پاكار كومىلاچ تام»، «ئېيىق ئۆڭكۈرىدەك كۆرۈنىدىغان قاراڭغۇ زەي ئۆي، يالىڭاچ، ئۇستۇبشى مەينەت بەش بالا»، «ئېتىكى جۇل - جۇل، دولىسىغا ياماق چۈشكەن ئەسكى كۆڭلەككە ئورالغان ئورۇق ۋە رەڭسىز ئايال»… ئۆيدىكى بۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرە

نجاتنىڭ قەلبىنى ئازابقا سالىدۇ. يازغۇچى نجاتنىڭ مۇشۇ چاغ-
دىكى ئېچىنىش ـ ئازاب تۇيغۇلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:
«ئېھ، قانائەتچان دېھقان، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى بىرلا خاتىر-
جەملىك، دەپ قارايدىغان ساددا ئادەم! بۇ دۇنيادا ئىنسان بەھرى-
مان بولۇشقا تېگىشلىك راھەت ـ پاراغەتنىڭ تۈرلىرى نەچچە
مىڭ، نەچچە مىڭ! سېنىڭ مۇڭلىنىپ تۇرغان، مۇنۇ پاكار
جىگدىلەر ئارقىسىدا مۇساپىر مومايدەك تۇرغان پاكار قاراڭغۇ
ئۆيۈڭگە نېمە ئۈچۈن نەچچە مىڭ خىلنىڭ بىرەرسى يولاپ قويماي-
دۇ؟ باشقىلارنىڭ بالىلىرى پاكىزە ـ توق، ئۇلار كىچىك تۇرۇپلا
چەت ئەل تىلى، ئىلىم ـ بىلىم ئىگىلەپ كەلمەكتە. جەم-
ئىيەت ـ تەبىئەت سىرىنى بىلىشكە قىزىقماقتا. سېنىڭ مۇنۇ
توپىغا مىلەنگەن يالىڭاچ بالىلىرىڭ بولسا نان غېمىدە. ئۇلارنىڭ
مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى مايلىق، ئىسسىق تاماققا ئىنتىزار.
ئۇلار ياخشى كىيىنىشنى، ساياھەت قىلىشنى، ئويۇن كۆرۈشنى
ئارزۇ قىلمايدۇ. بەخت مانا شۇلارغا تازا زۆرۈر ئىدى. لېكىن،
قېرىنشقاندەك بەخت بۇلارغا «بۇتنىۋالغان» . مانا بۇ پارچىدە تەس-
ۋىرمۇ، ھېسسىياتمۇ، كۆرۈنۈشمۇ، مۇلاھىزىمۇ بار. پېرسوناژ-
نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي كەيپىياتى ناھايىتى جانلىق، ئې-
نىق، تەسىرلىك ئەكس ئەتكەن. نەتىجىدە بىزنىڭ كۆز ئالدى-
مىزدا پېرسوناژنىڭ ئىدىيىۋى ـ خاراكتېرى يېڭى روشەنلىككە
ئېرىشىدۇ.

يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدە دىئالوگ تەسۋىرىمۇ
كىشىنى قايىل قىلىدىغان، قىزىقتۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىك ھې-
سابلىنىدۇ. يازغۇچى قايسى يەرنىڭ ئادەملىرى، تۇرمۇشىنى
تەسۋىرلىسە، شۇ يۇرت، شۇ ئادەملەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى
ئۆز ئەسىرىگە چوڭقۇر سىڭدۈرىدۇ. ئەسەرلەرنىڭ ھەم چىنلىق
دەرىجىسىنى، ھەم يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئاشۇرۇشقا
كۈچ سەرپ قىلىدۇ. يازغۇچى پېرسوناژلىرىنىڭ دىئالوگلىرىدا

ئىندىۋىدۇئال بولۇش، ئوبرازلىق بولۇش، جانلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغاننىڭ سىرتىدا، پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى تەبىئىي ھالدا ماسلىشىپ بارىدىغان قىلغان. يازغۇچىنىڭ «ئېھ، توپىلىق يول» ھېكايىسىدىكى روزەك بەزنىڭ گۈلئايشەم بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا ئۆز ئەھۋال، مىجەزى توغرىسىدا قىلچە ياساپ ئولتۇرمايلا شۇنچىلىك تۈز، شۇنچىلىك ئوچۇق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى بىزگە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاشۇ سۇسىز، ئۇنۇمسىز تۇپرىقىدا جاپالىق ئىشلەپ، تىرىشىپ ئىگىلىك يارىتىپ، ھايات كەچۈرۈۋاتقان بىر دېھقاننىڭ نەق ئۆزىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. روزەك بەزدىن گۈلئايشەمنىڭ «خەق سىلىنى بەز دەيدىكەن، ماڭىمۇ بەزلىك قىلالىمۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، قىلچە ئەجەبلەنمەي، ھار ئالماي تۇرۇپ، سەممىيلىك بىلەن «پۇل تاپىدىغان خەق بەز بولمىسا بېيىمايدۇ خېنىم» دەپ تولىمۇ يۇمشاق نەزەر بىلەن جاۋاب بېرىشلىرى دېھقاننىڭ خاراكتېرىنىڭ جەنۇب دېھقانلىرىغا ماس تەرەپلىرىنى ناھايىتى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەمدى بىز: «ئىدىقۇت چالمىسى» پوۋېستىدىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوغلىنىڭ ئىشىكىنى جالاقلىتىپ قېقىپ «قوپە، ھورۇن ئىت» دەپ ۋارقىرايدىغان تەرسا ھەمدۇل بوۋاينى ئۇچرىتىمىز. ھەمدۇل بوۋاينىڭ مىجەزى، تىل ـ ھەرىكەتلىرىگىچە ئۇنىڭ تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ سىماسى ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ!...

دېمەك، يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار ئۆزى قانداق بولسا، شۇنداق ياشاپ، شۇنداق سۆزلەيدىغانلىقى بىزنى قايىل قىلىدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ جايىدا بېرىلگەن ھەرىكەت تەسۋىرىمۇ خۇددى تىل تەسۋىرىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. زوردۇن سابىر ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىدا پېرسوناژلار يەنە ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ماس ھەرىكەتلىرى بىلەنمۇ گەۋدىلىنىپ تۇرد-

دۇ. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ھاشىرنىڭ ئەلاغا مۇشت ئېتىشى، «سۇبھى» پوۋېستىدا ئەسئەتنىڭ ئۆز ۋىجدانىغا مۇخالىپ ئىش سادىر قىلىپ قويۇشى، «ئېھ، توپىلىق يول» ھېكايىسىدىكى گۈلئايشەمنىڭ روزەك بەزنىڭ قويچىسى سەمەتنىڭ قېشىغا تۈن نىسبىدە چىقىشى... مانا بۇ تەپسىلاتلاردا بېرىلگەن ھەرىكەت تەسۋىرىدە جانلىقلىق، تەبىئىيلىك بولغانلىقى سىرتىدا، شۇ پېرسوناژنىڭ ھەرىكەت ۋە ھېسسىياتىنىڭ ئەينى ئەھۋالدىكى مۇقەررەر ھالىتى چىقىش قىلىنغان، يورۇتۇلغان. يازغۇچى مۇشۇنداق ھەرىكەت تەسۋىرىنى ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن، پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى بىلەن، ھېسسىياتى بىلەن ئەڭ زور بەدىئىي يۇكسەكلىكتە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارغان. پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىدىن مۇھىت، قىياپەت، ھېسسىيات چىقىپ تۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، يازغۇچىنىڭ پېرسوناژلىرى سىزگە خۇددى بىرلا قېتىم يارىتىلغاندەك، قايتا مەيدانغا كەلمەيدىغاندەك سېغىنىشلىق بىلىنىدۇ.

زوردۇن سابىر 90 - يىللاردىن بۇيان يىرىك ئەسىرى «زېمىن سۆيگۈسى» نى تاماملاشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھېكايىچىلىقتا ئىلگىرىكىدەك مېۋە بېرەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا «ئىنساپ» ، «قەشقەر كوچىلىرى» قاتارلىق سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى ھېكايىلەرنى يازدى. بۇ ئەسەرلىرىدە ئاساسەن ئاچكۆزلۈك، ساختىلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قامچىلاش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

زوردۇن سابىر بىر مىللەت ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىكى ساغلاملىق ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ ياۋروپا ۋە ئەرەب ئەللىرىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىنى ساياھەت قىلىش جەريانىدا بۇنداق كۆز قاراشنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ جەمئىيەتنى ئەخلاق جەھەتتىن ئەللاشتۇرۇش، ئەخلاقىي جەھەتتىن ئىسلاھ

قىلىشىنىڭ گۈزەل ھايات بەرپا قىلىشتىكى ئالدىنقى مەسىلە ئىكەنلىكىدەك تېمىغا يۈزلەندى. «ئىنساپ» ھېكايىسىدە ئىبراھىم ھاجىم ئىنساپ – دىيانەتنى ئۇنتۇپ، دوستى ياقۇپ ھاجىمغا خىيانەت قىلىدۇ. يازغۇچى بۇ كىچىككىنە ۋەقەنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنى ھايات تىپىكلىكى بولمىغان ئۆتكۈنچى خاراكتېردىكى ۋەقە – ھادىسىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ قارىغان. بىر مىللەت، بىر خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇھىم ئىش دەپ تونىغان. ئەگەر روھىي جەھەتتىن پاكلىقنى، ۋاپادارلىقنى يوقاتسا، بۇنداق خەلق ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق بولىدۇ. مانا بۇ تراگېدىيىلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ تراگېدىيىدۇر.

يازغۇچىنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىدە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش خاھىشى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋاپادارلىق، راستچىللىق، توغرىلىق دېگەنلەرنى يازغۇچى ئىلگىرى ياشلار تۇرمۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىگەنىدى. بۇنىڭدا يازغۇچى ياشلارنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشىنى ۋاستە قىلاتتى. يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، بۇنداق تېما ھاجىملار ياكى چوڭلار تۇرمۇشىغا يۆتكىلىپ ئىپادىلەندى. مال – دۇنيا مۇناسىۋىتى ۋاستە قىلىندى.

زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىدە مەيلى دېھقانلارنى يازسۇن ياكى ياشلارنىڭ تۇرمۇشىنى يازسۇن ۋە ياكى ھاجىملار، چوڭلار توغرىسىدىكى تېمىلارنى يازسۇن، ئومۇمەن تۇرمۇشنىڭ قاتلام – قاتلاملىرىغىچە ئىچكىرىلەپ ئوقۇرمەنلەرگە ھەم بەدىئىي زوقمۇ بېرەلەيدىغان، ھەم ئۇلارنى ئويلاندۇرالايدىغان تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاللاشقا، ئەكس ئەتتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ ماھارەت نۆۋىتىدە يازغۇچى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېڭىدا شولۇخوفقىمۇ ئوخشايدىغان، چىڭگىز ئايتماتوفقىمۇ ئوخشايدىغان، زۇنۇن قادىرغىمۇ ئوخشايدىغان ئادەمگە ئوخشاش قىلىپ قويغانىدى. زوردۇن سابىرنىڭ كېيىنكى بىر مەزگىللىك

ئىجادىيەتلىرىدە مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلىكى ۋۇجۇدىنى قاپلى-
ۋالغان قۇۋ، ھېيلىگەر، مەككار پېرسوناژلار كۆپ تەسۋىرلىنىپ
باردى. بۇنداق سالماق، ئوقۇرمەنلەر چۇشەنچىسىدە مەدەنىيەت
ئۇرۇقىنى چېچىش رولىنى ئوينىدى. دىققەت قىلساق، ئوقۇرمەن-
لەر نەزەرىدە ئەمدى تۇرمۇش تەجرىبىسى تېخىمۇ ئەتراپلىق، مول
بولغان، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە رېئال مەسىلىلەر ھەققىدىكى چۇ-
شەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان، مۇكەممەللىشىشكە قاراپ كې-
تىپ بارغان يەنە بىر زوردۇن سابىر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان-
دى...

زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتى تېز پىشىپ يېتىلگەن، تېز
تەرەققىي قىلغان ئىجادىيەتتۇر. يازغۇچىنىڭ ئەڭ دەسلەپ يازغان
ئەسەرلىرى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىگە
قاراپ باقساق ئانچە چوڭ پەرق يوق، ھەممىسىدىلا ئوبرازلار
ئىنتايىن جانلىق ۋە چىن. تىلى، خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى بى-
لەن، تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن، يەرلىك پۇراق بىلەن يۇقىرى
دەرىجىدە تويۇندۇرۇلغان.

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىلىم خاراكتېرى ئىنتا-
يىن كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تۇرمۇش بىر خىل پەلسە-
پىۋىيلەشكەن دەرىجىدىكى تۇرمۇشتۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ-
لىگەن ئىلىم ـ پەن، تارىخ، مەدەنىيەت، تەپەككۇر چۇشەنچىلى-
رى يالتىراپ تۇرىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە جانلىق تۇرمۇش كارتىنى-
سى ۋە بىلىم بۇلىقى بولۇپ تۇيۇلىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى-
دىن خەلق ناخشىلىرىنىڭ، خەلق قوشاقلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى،
ھېكمەتلىرى پۇراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خۇددى تۇرمۇش،
ئادەملەر ھەققىدە ئېيتىلغان گۈزەل ناخشىدەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىدە قىستۇرۇلغان قوشاقلار، ناخشىلار شۇ ئەسەرگە سى-
ڭىپ كەتكەن روھنىڭ جۇلالىنىشىدۇر. بۇ جۇلا ئۇيغۇر پروزىسىغا
تەسىر كۆرسىتىپ، تېخىمۇ روشەن يالتىرىغۇسى!...

# «كاككۇك گۈلى» ۋە كاككۇك كۈيى

شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن كۈچلۈك لىرىك ھېسسىياتقا ئىگە يەڭگىل شېئىرلىرى بىلەن تونۇلۇۋاتقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. يېقىندا شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «كاككۇك گۈلى» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا ئۇنىڭ كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

شائىر ئۆز لىرىكىلىرىدا بىردە خەلقنىڭ يېڭىچە مول ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ھەر خىل نۇقتىلاردىن قىزغىن مەدھىيىلىسە، بىردە ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا قونۇپ، ۋەتەنىنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى، چەكسىز ئورمانلىرىنى، مال ـ چارۋىلار قىيغىتىشىپ يۈرگەن بىپايان يايلاقلارنى سۈرەتلەپ، كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا «ھەممە جاي شادلىققا چۆمگەن گۈزەل بىر دەۋر» نى نامايان قىلىدۇ. بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ ئەنە شۇ ماھارىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر قىسىم لىرىكىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

«كاككۇك گۈلى» گە كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم لىرىكىلاردىكى ئالاھىدىلىك، ئالدى بىلەن شائىر سۈرەتلىگەن مەنزىرە ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان قايناق ھېسسىياتنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ، سىڭىشىپ كەتكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، لىرىكا ـ ھېسسىيات دېمەكتۇر. لىرىك شېئىر چىن، قويۇق ھېسسىيات ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى كىشى قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، كىشىلەرنى ئۇلۇغۋار غايىگە ئۈندەيدۇ. لىرىك ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان

ئىدىيە، پىكىر شائىرنىڭ ساپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇ-
رۇلغان بولىدۇ. ساپ لىرىك ئەسەر بولغان تەبىئەت لىرىكىلىرى
ئۇچۇن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق.
شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن كەڭ يېزىلىرىمىزنىڭ ئەم-
گەك قايىنىغان ئاۋات مەنزىرىسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

شۇ باغلار، شۇ ئېسىل باغلىق مەھەللىلەر،
كەل دوستۇم، سەن ئۇچۇن ساھىبخاندۇر.
ھەر دەرەخ تۇۋىدە بىر تويىنىڭ پەيزى،
ھەر مېۋە تىل يارار باغ شارابىدۇر.

مېھماندوست قوللاردا كېلەر ئالدىڭغا،
ئالما، لاك، ئۈزۈملەر ئالتۇن لېگەندە.
تېنىڭگە تارايدۇ مىسلى بىر لەززەت،
ھەر مېۋە پوستىنى سويۇپ يېگەندە.
(«باغلىق مەھەللىلەر» دىن)

شائىرنىڭ لىرىكىلىرىدىكى يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىك،
ھېسسىيات ۋە خاراكتېرنىڭ ناھايىتى روشەن بولۇشىدۇر. ئۇنىڭ
لىرىكىلىرىدىن شائىرنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى، ئانا تۇپراققا
بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ھەم ئۇنىڭ ۋەتەنىنىڭ تاغ - دەريالى-
رى ئىشقىدا تىنماي سايراۋاتقان كاككۇك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

مەسىلەن:
بىر سايدىن گۈل ھىدىنى ئېلىپ چىقساڭ،
بىر گۈلزار كېلۇر دائىم بىللە ساڭا.
ئايلىناي، تاغ شامىلى ھوزۇرۇڭدىن،
مەيدەمنى شۇڭا تۇتتۇم كۇندە ساڭا.

تاغلارنىڭ تىنىقىدەك تۇيۇلىسەن،
مەڭزىمنى ھەر چوققىغا تۇتتۇم يېقىن.
........................
سەن بىلەن تاغ سۆيگۈسى نەدىكىنە؟
تاغلارنى شۇ سۆيگۈدە قۇچاقلىدىم.
سەھراغا يەتكۈز مېنىڭ ئاۋازىمنى،
مەن تاغدا بۇگۈن كۈلدۇم - قاقاقلىدىم.
........................

(«تاغ ناخشىلىرى» دىن)

شائىر مۇھەممەدجان راشىدىنىنىڭ يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن لىرىكىلىرى ۋە باشقا لىرىكىلىرى ئۆزىگە خاس دەۋرچانلىقىقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر مىسراسىدىن قويۇق دەۋر پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ «كۆكلەم كۈيلىرى» قاتارلىق بىر مۇنچە لىرىكىلىرى سوتسىيالىستىك يېزا ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىنكى يېزا - قىشلاقلاردىكى قايناق ھايات مەنزىرىسىنىڭ مەھسۇلى بولسا، «تىنچ كېچىلەر» ۋە «تاغ ناخشىلىرى» ، «ۋەتەن تاغلىرى» ناملىق لىرىكىلىرى 80 - يىللاردىكى تىنچ - ئىتتىپاق ۋە گۈزەل دەۋرىمىزنىڭ مەھسۇلىدۇر. مەسىلەن:

كېچىلەرنى كېزەلمەس ئەمدى،
ۋەھىمىنىڭ زەررە ئۇچقۇنى.
ئىشىكىڭنى قاقمايدۇ ئەسلا،
تېررورلۇقنىڭ قارا تۇتقۇنى.
........................
شۇنداق راھەت، تىنچ تۈنلەر بۇ،
ئەل بۆلەنگەن ئاسايىشلىققا.

ئامراق ئىكەن تىرىكلىك دائىم،
شۇنداق دەۋر، شۇنداق تىنچلىقتا.
(«تىنچ كېچىلەر» دىن)

شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن، لىرىكىلىرىدا سۆز ئىشلە-تىشكىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلغان. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىنىڭ تىلى يىغىنچاق، پىشقان، چۇشىنىشلىك، ھېسسىي تۇسكە ئىگە ۋە راۋاندۇر. بۇ، شائىر لىرىكىلىرىنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

بىز شائىر مۇھەممەدجان راشىدىنىنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە ھېسسى-يات قاينىمىدا توختىماي ھەرىكەت قىلىپ، يېڭىلىك قەلىمىنى تېخىمۇ داداللىق بىلەن ئىشقا سېلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك تەلىپىگە تېخىمۇ ماسلىشىپ، يەنىمۇ ياخشى لىرىكىلارنى ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# «جىن سودىسى» مىسالىدا

I

ئالدى بىلەن ئېيتىدىغىنىم تۇرسۇن قاسىمنىڭ «جىن سودىسى» ھېكايىسى ئەپسانىۋى قۇرۇلمىلىق ھېكايە. چۈنكى، ئەپسانىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى خۇدا، جىن ۋە ئادەملەر ئوبرازىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكى ھەم ئايلىنىشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمدىكى گەپ ئەپسانىلەرنىڭ بۇنداق قۇرۇلمىلىق بولۇپ قېلىشى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشىدىن بولغان بولسا، «جىن سودىسى» غا ئوخشاش ھېكايىلەرنىڭ ئاشۇنداق قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ قېلىشىنى زادى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدە. ھادىسە كۆرۈلگەنىكەن بۇ ھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش تامامەن زۆرۈر.

ھېكايە ئاۋۋال ئادەملەر تۇرمۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. ماخمۇت خۇشخۇي، قىزىقچى، يەنە بىر تەرەپتىن تېرىككەك مىجەزلىك ئادەم. ئۇ تاز بولمىسىمۇ ئادەملەر ئۇنىڭ چېچىغا تېگىپ «تاز» دېگەن لەقەمنى قويۇشقان. تۇرمۇشتىكى نامراتلىق ئۇنى قانداق قىلسا بىر ئاز بولسىمۇ پاراۋانلىققا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ياخشىراق ياشاش شارائىتىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ ئويلاشقا، ئىزدىنىشكە مەجبۇرلاپ تۇرىدۇ. ئوسمانجان، ئىسمائىل، نۇرمۇھەممەتلەردەك مەھەللىداشلىرىمۇ خاراكتېر، ئوي ۋە تەسەۋۋۇر جەھەتتىن ماخمۇتقا ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ تۇرمۇش شارائىتى ناچار، غەم - ئەندىشىسى

كۆپ، هادىسىلەرگە قارىتا چۈشەنچىسى كەمچىل، دېمەك بۇلار خۇددى ئەپسانىلەردىكى ئادەم ئوبرازلىرىدەك تۇرمۇش شارائىتى، ئوي، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى جەھەتتىن بىر - بىرىگە تولىمۇ يېقىن تۇرىدۇ. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن ئايرىۋالغۇدەك ئېنىق خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس. ھەممىسىلا بىر خىل شارائىت ئىچىدە ئوخشاش ئاڭ، ئوخشاش پائالىيەت ۋە ئوخشاش تەسەۋۋۇر بىلەن ياشاۋاتقانلاردەك كۆرۈنىدۇ. كۆزىمىزنى يۇمۇپ شۇنداقلا ئويلىساق جىن سېتىشتىن ئىبارەت بۇ بىر قاتار ئىشلار راستتىنلا ئەپسانىلاردىكى ئادەملەر بىلەن جىنلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالىمىز.

ئوسمانجان بىلەن نۇرمەھەممەتلەر ئۆگزىدە مېڭىپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدا تۇلۇق سۆرەپ گۇلدۇر - غالاپ ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك ۋەھىمە پەيدا قىلدى. مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىغا پوچاڭزا باغلاپ يېقىپ تۇرخۇندىن قويۇپ بېرىۋېدى، ئوچاق ئارقىلىق قاتتىق سادا قايتۇرۇپ، ئۆي ئىچىدىكى ماخمۇت بىلەن ھېكىم موللامنىڭ ئالدىغا چۈشتى. تالادا چاقماق چېقىپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى... بۇ تەسۋىرلەر كىتابخانىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدۇ، دېمەك بۇ كېچە ئادەم جىنغا ئايلانغان كېچە بولدى. ئەمما، بۇ يەردىكى ئايلىنىشنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. ئەپسانىلەردىكى بۇ خىل ئايلىنىشنى تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن بىلەلمەسلىك كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. بۇ ھېكايىدىكى ئايلىنىشنى بولسا، بۈگۈنكى ئادەملەرنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان ئاشۇ مۇناسىۋەتلەرگە يېڭىباشتىن مەنە بېرىش، قايتىش ئېڭى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

ھېكايىدىكى ھېكىم موللامۇ ئالاھىدە ئوبراز. ئۇ كارامەتلىك ئوبرازغا بىر ئاز يېقىن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ جىنلىرى بار. ئۇ بۇ جىنلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە تايىنىپ كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئاغرىق - سىلاقلىرىغا داۋا تېپىپ، يۇتۇپ كەتكەن نەرسىلىرىنى

تېپىپ بېرىپ خېلى ئابروي تاپقان. بارا ـ بارا ئۇنىڭ جىنلىرىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى كارامىتىنى كۆرسىتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ باشقىلاردىن كۈچلۈكرەك جىن سېتىۋېلىش ئويىدا بولدى. خۇدادىن ئۆزىگە مەدەت بېرىشنى ئۆتۈندى (ھېچ بولمىسا شۇنداق ئويلىدى). تاسادىپىي ماخمۇتنىڭ جىن ساتىدىغان بولۇپ چىققانلىقى ھېكىم موللام ئۈچۈن «خۇدانىڭ مەدىتى» بولغان بولسا، ئەسەرنىڭ ئەپسانىۋى قۇرۇلمىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇدانىڭ قىيىن شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىقىشى بولدى. شۇنداق قىلىپ، بىز ماخمۇتنىڭ ھېكىم موللامغا ئۆز جىنلىرىنى 1500 يۈەنگە سېتىپ بەرگەنلىكىدەك «ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋەقە» بىلەن تونۇشتۇق. نەتىجىدە يالغاندىن شۇنداق قىلىپ ھېكىم موللامنىڭ ئەدىپىنى بېرىۋاتقانلىقىدەك ئىككىنچى بىر خىل قۇرۇلما بىزنىڭ ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئېسىمىزدە قالغىنى جىن سېتىشتىن ئىبارەت ھەم غەلىتە ھەم ئاجايىپ ئەپسانىۋى ۋەقە بولدى.

## II

ئەدەبىياتتا ئادەملەردىكى نورمال دىنىي ئاڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى چۈشەنچىلەرنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرۇشى مەيلى ئىچكى ياكى تاشقى تەسىردىن بولسۇن، ئومۇمەن ساقلىنىش زۆرۈر بولمايدىغان ھادىسە. گارسىيا ماركوزنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» ئەسىرىدىمۇ ئۆلۈكلەر پائالىيىتى، جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ھەرىكەت تەسۋىرلىرى خېلى ئورۇن ئالغان، بۇنداق ئەھۋاللارنى ئىلگىرىكى ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرىمىز بويىچە بىزنىڭ ئىنكار قىلىشىمىز ئەمدى كىتابخانلىرىمىزنى ئىشەنمەس قىلىپ قويىدى. ئەكسىچە، كىتابخانلىرىمىزنى بىزدىن ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى، ئوي ـ پىكىرلىرىمىزنى يېڭىلا-

شنى تەلەپ قىلىدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭلىق بىلەن «جىن سودىسى» ھېكايىسىنى كۆككە كۆتۈرمەكچى ئەمەس. ھېكايە دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ نادان كىشىلەرنى ئالداپ قاقتى - سوقتى قىلغان ھېكىم موللامنى كېلىشتۈرۈپ مەسخىرە قىلغانلىقى بىلەن ئەسلىي ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكى يوق ئىدى. پەقەت ھېكايە ئاپتورىنىڭ مۇشۇنداق كونىدىن - كونا تېمىنى يېپيېڭى قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭىلىققا ئىنتىلىش تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى بىز ئۈچۈن قىممەتلىك بولدى.

بۈگۈنكى ئەدەبىياتتىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەرنى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن، توغرىراقى، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى دائىرىسى بىلەن چەكلەپ قاراش يېتەرسىزلىك قىلىدۇ. يېڭىچە ئەدەبىيات قاراشلىرى، چۈشەنچىلىرى مەيلى قايسى ئەل ئەدەبىياتىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشكە تىرىشقىنىمىز ياخشى. بۇ يەردە «باشقىلارنىڭ چاپىنىنى ئەكىلىپ كىيگۈزۈپ قويۇش» ھادىسىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى بىلەنمۇ باھا بەرگىلى بولىدىغان ئەسەرلىرىمىزنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقى ھەممەيلەننى خۇشال قىلماقتا. بىز تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى بېيىتىشنى مەقسەت قىلغانىكەنمىز، بىر ئاز دادىل بولۇشىمىز لازىم. «كاتەكنىڭ ئالدىدىكى دانىنى تېرىپ يەۋېلىپلا كىرىپ كېتىدىغان» ئۆلۈكلۈككە، ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇرلارنىڭ سۆزلىرىگىلا ئېسىلىۋالىدىغان، ئۇنى شەرھلەپ بېرىشنىلا مەزمۇن قىلىدىغان تەنقىدچىلىككە خاتىمە بېرىشىمىز زۆرۈر.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتىدا گەۋدىلىك بولۇۋاتقىنى مەخسۇسلاشتۇرۇشتۇر. ئىلگىرىكى تەنقىدچىلىرىمىز توغرىسىنى ئېيتقاندا ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا شۇنى قىلىپ

كەلگەنىدى. ئۇلاردا بىرەر ساھەدە مەخسۇس ھەم چوڭقۇر ئىزدە-
نىش يېتەرسىز ئىدى. كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇمكى، ھازىر بىر
قىسىم ياشلىرىمىز بۇنداق ئەھۋالنى بۇزۇپ تاشلاشقا تىرىشىۋاتى-
دۇ. ئۇلار ئاساسەن پروزا، شېئىرىيەت ۋە كىنو - تىياتىرچىلى-
قىمىزنىڭ بۇگۇنكى ئەھۋالى ئۇستىدە چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەنقى-
ۋات ئېلىپ بېرىشقا يۇرۇش قىلغاندەك تۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا،
ھەرقايسى ژانىرلىرىمىزدىكى تەرەققىيات، ئىلگىرىلەش ئەھۋاللى-
رىنىڭ ۋاقتىدا، خېلى مۇكەممەل، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنىشى-
غا زور پايدىسى بار.

«جىن سودىسى» ھېكايىسى پروزىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىيا-
تىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تەنقىدچىلەرگە م. ر. ئاناندىنىڭ
مۇنداق بىر ئورۇنلۇق سۆزىنى ئەسلىتىدۇ «ئانىلار بالىلىرىغا،
بالىلار بالىلىرىغا ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ چۆچەكلەرنىڭ شەكىللى-
رىگە ۋارىسلىق قىلغىنىمىزدىلا، ئاندىن ھازىرقى ھېكايىچىلىقى-
مىزنىڭ يېڭى تىپلىرىنى راۋاجلاندۇرالايمىز.»

مەن ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىلگىرىلەشلەرنى بۇگۇنكى تەنقىد-
چىلىك ئۇقۇملىرى بويىچە چۇشەندۇرۇپ بېقىشنى كۆپرەك تەشەب-
بۇس قىلغۇچىلاردىن، شۇڭا ھېكايىدىكى ئەنئەنىۋى تەنقىدچىلى-
كىمىز بويىچە چۇشەندۇرۇلىدىغان مەزمۇنلار ئۇستىدە كۆپ توخ-
تالمىدىم.

# ئۈمىد ئىزدىنىدىغان، تىرىشچان كىشىلەردە

«تىپ تاللاش» ناملىق ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

زىددىيەتنىڭ ئاشكارىلانغىنى ياخشى بولدى، «يېپىق قازان يېپىق بويىچە قېلىۋەرسۇن» دەيدىغان بولساق ئىلگىرىلەش يولىمىزنى توسۇپ قويغان بولىمىز، ئۇ چاغدا يەنىلا كونا مۇقامغا تۇۋلاپ، بىر ئىزدا پىرقىراپ يۆرمەكتىن باشقا يول قالمىغان بولاتتى. لېكىن، بىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ساداسىغا چۆمگەن بۈگۈنكى مۇھىتىمىز ئىگىلىك تىكلەش، جاپاغا چىداپ يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىگە بېسىلغان «تىپ تاللاش» دېگەن سەرلەۋھىلىك ھېكايە ناھايىتى دادىللىقتا ئىگە. ئۇنىڭ دادىللىقى نەدە؟ ئۇنىڭ دادىللىقى «يېپىق قازان» نى «ئاچقان» لىقىدا! يېقىندىن بۇيان مەتبۇئاتلاردا مۇشۇنداق ياخشى ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. «تىپ تاللاش» سەرلەۋھىلىك ھېكايە ئەنە شۇلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ھېكايىدا ئاپتور جۇرئەتتىن ئىبارەت بۇ «ئىدىيىدە تۇراقسىز» ياشنى «نېفىتلىك ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ 30 يىللىقى» غا بېغىشلاپ يازىدىغان ئوچېرىكىنىڭ تىپى قىلىپ تاللىۋالىدۇ. بۇنداق تاللىۋېلىش ھېكايىدا ئاشكارىلانغان زىددىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر زور پاجىئە ئېلىپ كەلگەنىدى. چۈنكى، سېخ مۇدىرى مەخسۇت ئۇچۇن پەقەت ھۇسىيىنگە ئوخشاشلار ئەڭ ياخشى ئىشچى بولالايتتى. گەرچە ئۇنىڭدا ئىزدىنىش، يېڭىلىق

يارىتىش روھى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندايدىغان، قۇلىقى يۇمشاق ئىشچى، شۇڭا ئۇنى «ئۈلگە» ياكى «تىپ» قىلىپ كۆرسىتىش تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان بولاتتى. ياش ئىشچى جۇرئەتچۇ؟ ئۇ ئىش تۈزۈمىگە رىئايە قىلغىنى، بېرىلىپ تېخنىكا ئىگىلەپ سېختا تېخنىكا يېڭىلاش ئېلىپ بارغىنى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا خەنزۇچە ئۆگىنىپ ئۆز بىلىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋاتقىنى بىلەن رەھبەرلىكنىڭ (سېخ مۇدىرىنىڭ) ئاغزىدىن چىققان بارلىق «مەجبۇرىيەت»لەرگە تولۇق «ئەمەل» قىلىپ كېتەلمەيدۇ، شۇڭا سېخ مۇدىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇ تىپ بولالمايدۇ، ۋەھاكازا.

دەرۋەقە سېخ مۇدىرىنىڭ مۇخبىرغا «تىپ» دەپ تونۇشتۇرغىنى ھېلىقى «قۇلىقى يۇمشاق»، «ئون ئېغىز گەپ قىلسىڭىز بىر ئېغىز جاۋاب قايتۇرىدۇ» غان، «كالىدەك يۇۋاش» ھۆسىيىن بولدى. يۇۋاش، ئېغىر بېسىقلىق ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز خاراكتېرى. ئۇنىڭ ئىش تۈزۈمىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندىشى بولسا بىر ئىشچىدا بولۇشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت. شۇنداق ئىكەن، ئىشچى ھۆسىيىننىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى «ئىلغار تىپ» قىلىپ كۆرسىتىشكە بولامدۇ؟ جۇرئەتنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا (ئەلۋەتتە دائىم ئەمەستە!) تانسا ئويناشتەك ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ قويۇشى ئۇنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ يەنە بىر تولۇقلىما تەرىپى، ئىش - ئەمگەككە، قانۇن - تۈزۈمگە توسقۇنلۇق ھەم خىلاپلىق قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق ساغلام مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۆز نۆۋىتىدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ بىر تولۇقلىمىسى، ھەرگىزمۇ ئىدىيىدە «تۇراقسىز» لىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ئەڭ قىممەتلىك يېرى، جۇرئەت سەنئەتنى،

ئىلىم - پەننى سۆيىدۇ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك پەزىلەتلىرى ھېكايىدا زىددىيەتنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن تايىنىلغان مۇھىم ئاساس. ھېكايە مۇشۇ ئاساستا تايىنىپلا ئۆزىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى كۈچەيتكەن.

«تىپ تاللاش» سەرلەۋھىلىك ھېكايە «زىددىيەتنى ئاشكارىلاش» ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئاشكارىلانغان زىددىيەتكە نىسبەتەن كىتابخاندا مۇلاھىزە قىلىش، ئۇنىڭ ئەتىمىزگە كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرى ھەققىدە ئويلاندۇرۇش قىممىتىگىمۇ ئىگە. سەلبىي شەيئى، سەلبىي ھادىسىلەر ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق، بۇ مەنىدىن ئالغاندا، «تىپ تاللاش» ناملىق ھېكايىدىكى ئاشكارىلانغان زىددىيەت بىزنى ئويغا سالىدۇ. ئايرىم كادىرلىرىمىزدا ئىلغارلارنى بايقاش ھەم پەرۋىش قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتە يەنىلا بەزى ناتوغرا قاراشلار، مەسىلىلەر مەۋجۇت، بۇنداق مەسىلىلەر تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالىسىلا چوقۇم ئوڭشىلىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

خۇلاسە شۇكى: ياش ئىشچى جۇرئەت ئاڭلىق شۇنداقلا رىتىملىق ھەرىكەت پىلانىغا ئىگە. بۇ خىل ھەرىكەت پىلانى چوقۇم ئۇنى ئۆز تۇرمۇشىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش يولىغا باشلايدۇ. ئۈمىد ئەنە شۇ جۇرئەتتەك ياشلاردا!

# بالىلار قەلبىنىڭ ئەينىكى

«سومكىدىكى جېدەل» ناملىق بالىلار ھېكايىلىرى
توپلىمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

بالىلار ئەدەبىياتى بالىلارنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم قورالى. بالىلار ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇرى، قىزىقىشى بىلەن بالىلار ئەدەبىياتىغا مەڭگۈ موھتاج. بالىلار ئەدەبىياتى يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بالىلارنىڭ تىلى، پىكىر قىلىش ئادەتلىرى، قىزىقىشى ۋە تەسىرلىنىش ئۆلچەملىرىنى توغرا ئىگىلەپ، مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل، ئاممىباب ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، بالىلارنى ئۆز تۇرمۇشىنى ۋە شەيئىلەرنى سەنئەت جەھەتتىن بىلىشكە يېتەكلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ خەلقنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيىدىغان، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولۇپ يېتىلىشكە يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «سومكىدىكى جېدەل» ناملىق بالىلار ھېكايىلىرى توپلىمى بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ياخشى ئوقۇشلۇق. بۇ توپلامغا، بالىلارنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش، تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، كوللېكتىپنى قىزغىن سۆيۈش جەھەتتىكى قەلب دۇنياسى ئىخچام ۋە جانلىق تەسۋىرلەنگەن نەمۇنىلىك ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن. «ئۆتكۈر ئۆزگەردى» توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ياخشى ھېكايە بولۇپ، ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئۆتكۈر دەسلەپتە چوڭلارنى ھۆرمەت قىلمايدۇ،

خان، مەكتەپكىمۇ ۋاقتىدا بارمايدىغان، مەنمەنچىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك بالا. ئۇ، دادىسى بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان كىرەم ئاكىنى مۆرىسى بىلەن قەستەن سوقۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن يانىدۇ. ئاپتور بۇ جەرياننى ئىنچىكە تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەچكە، ئۆتكۈرنىڭ يامان ئىللەتلەردىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئوقۇغۇچى بولغاندىن كېيىنكى ئوبرازى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن، كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرۈش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

بالىلار ھېكايىلىرىدە بالىلارنىڭ يامان ئىللەت، يامان قىلىقلارنى يوقىتۇرۇۋالغانلىقىنى تەنقىد قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئەخلاقسىزلىقىنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ھالەتكە ئۆزگىرىش جەريانىنى ياخشى تەسۋىرلەپ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىش بالىلار يازغۇچىسىدىن بەدىئىي دىت ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، يازغۇچى بالىلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بالىلارنىڭ خۇي - مىجەزىنى پۇختا ئىگىلىشى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىشى كېرەك. بىز توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «ئۆتكۈر ئۆزگەردى» ، «قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز» قاتارلىق ھېكايىلەردىن ئاپتورنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھېكايىدە ئۆتكۈرنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى بىلەن قۇندۇزنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى يازغۇچىنىڭ «بالىلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇش» روھى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن. «قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز» ھېكايىسىدە قۇندۇز ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ ئاغرىپ قالدىم دەپ مەكتەپكە بارمايدۇ. لېكىن، ھەقىقەتەن ئاغرىق تۇرۇپمۇ ئانىسىنىڭ توسۇشىغا قارىماي مەكتەپكە ماڭغان سىڭلىسى يۇلتۇزنى كۆرگەندە، سىڭلىسىنىڭ ئىلىم ئىگىلەشكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشتە تىرىشمايدىغان، ۋاقىتنى قەدىرلىمەيدىغان روھىي ھالىتى-

دىن قاتتىق نومۇس قىلىدۇ - دە، سىڭلىسى يۇلتۇز بىلەن
خۇشال ھالدا مەكتەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى ھې-
كايىدىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۆتكۈر بىلەن قۇندۇز-
نىڭ ئۆزگىرىشىدە ئاتا - ئانىنىڭ نەسىھىتى ئاساس قىلىنمىغان،
بەلكى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان ۋاستە ( ئامىل )
نىڭ تەسىرىدە، ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا چۈشىنىشىنىڭ
چوڭقۇرلىشىشى ئاساس قىلىنغان.
دېمەك، بالىلار ئوبرازىنى يارىتىشتا، بالىلارنىڭ ئىدىيە،
ھەرىكەت، كۆز قاراش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ھالەتلىرىنى، ئۇ-
نىڭ سەۋەبلىرىنى نوقۇل ھالدا ئاتا - ئانا ياكى «چوڭ پېرسوناژ-
لار» نىڭ پەندى - نەسىھەتىگىلا باغلاپ قويۇش بالىلارنى تەسىر-
لەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئەمەس. بۇنداق قىلىش بالىلار
ئەدەبىياتىنىڭ تەربىيىۋى رولىنى كۈچەيتىشكە ۋە بالىلار ئوبرازى-
نىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرەلمەيدۇ.
ھەرقانداق ئەسەردە بالىلارغا ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت تۇرمۇشىدىن
ئۆزلىرى تەربىيە ۋە ساۋاق ئالىدىغان مۇھىت يارىتىپ بېرىش
مۇھىم. شۇنداق قىلغاندا، خۇددى ماكسىم گوركى «ماۋزۇلار
توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا كۆرسەتكەندەك، بالىلار «ئۆز
ئەدەبىياتىدىن ئۆز قابىلىيىتىنى بىلىشنى ئۆگىنىدۇ» . يازغۇچى
ماخمۇت مۇھەممەت بۇ تەرەپلەرگە دىققەت قىلغاچقا، ئۇنىڭ
بالىلارغا تەقدىم قىلغان ئەسەرلىرى ئۆسمۈر كىتابخانلارنىڭ ئال-
قىشىغا ئېرىشمەكتە.
توپلامغا كىرگۈزۈلگەن بالىلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ كول-
لېكتىپنى سۆيۈش، ئاممىنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسراش، ئىقتى-
سادچىل بولۇش، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە ئات-
لىنىش روھىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلغان. «قار يەنە ياغسىدى»
، «بور ھەيئىتى» قاتارلىق ھېكايىلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدۇر.
ھېكايىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جۇرئەت قىشلىق

تەتىل مەزگىلىدە ساۋاقداشلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، مەكتەپ هويلىسىدىكى قېلىن قارنى تازىلايدۇ. قار يەنە ياغسا كوللېكتىپ ئۇچۇن يەنىمۇ كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىشنى ئويلايدۇ. ئەكبەر كىچىك ياغاچ ساندۇق ياساپ ئېشىپ قالغان قالدۇق بورلارنى شۇ ساندۇققا سېلىپ ساقلاپ، بورنىڭ ئىسراپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

بۇ ئوبرازلار بالىلارنىڭ هەرىكەت ئۇسۇلى ۋە كۆزىتىش، پىكىر قىلىش دائىرىسى، تۇرمۇش چۈشەنچىسى جەهەتلەردىن مەنتىقىگە ئۇيغۇن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار كىچىك دوستلار ئارىسىدا بار، ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرەلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى غايىۋى دوستلىرىغا ئايلىنالايدۇ.

# «بالىلار شېئىرلىرى» غا بىر قانچە سۆز

بالىلارغا بېغىشلانغان ھەر قانداق مۇھاكىمە بالىلار شېئىرلىرىنى «ئۆزىنىڭ بولماسلىق» تەك قىسمەتتىن ئازاد قىلالماي كەلدى. بالىلار ئۆز شېئىرلىرىدىن نەزەرىيىۋى تەھدىتلەرنىڭ رولىنى كۆرەلمىدى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا توساتتىن بالىلار شېئىرلىرىدا ئۆزىنى - ئۆزى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭىچەرەك بىر يولى بارلىققا كەلمەكتە. بۇنىڭدا قانداقتۇر، نەزەرىيە جەھەتتىكى «بالىلار ھەققىدە چوڭقۇر، ئەتراپلىق، پىشقان تۇرمۇش جۇغلانمىسى بولۇش» دېگەن پرىنسىپلار يوق. پەقەت ھېس - تۇيغۇ ۋە پىكىر جەھەتتىن بالىلارغا ئۆز شېئىرلىرىنى، قىلىقلىرىنى ئۆزلىرىگە مۇناسىپ قىلىپ بېرىشتەك ئىجادىيەت ئىستىلى ھالقىلىق رول ئويناۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ خىل ھالەتنى بالىلار شېئىرلىرىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىچكى جەھەتتىكى بىر قېتىملىق سەكرەش دېيىشكە بولىدۇ.

«ئىلىم دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 1 - ، 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «بالىلار شېئىرلىرى» سەرلەۋھەسى ئاستىدىكى بىر قانچە شېئىرلار بىزدە ھاياجان قوزغىدى. ئىجادىيەتتە پەقەت پىكىرنىڭلا يېڭى بولۇش مەسىلىسى ھازىر ئانچە تەسىرات قوزغىيالمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى ئاپتورلارغا مەلۇم. ئۇنداقتا بىزنى ھاياجانلاندۇرۇۋاتقان، پىكىر قىلىشقا ئالدىرىتىۋاتقان نەرسە زادى نېمە؟ بۇنىڭغا بىز: بۇ شېئىرلارنىڭ بالىلار قەلبى، ھېس - تۇيغۇسى بىلەن بالىلار شېئىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى مۇھىم بىلگەنلىكىدە، مۇشۇ يولدا ئىزدىنىپ باققانلىقىدا، دەپ جاۋاب بېرىمىز.

بالىلار شېئىرلىرى ئۈچۈن بالىلار تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى بويىچە يارىتىلغان نىسپىي ئىندىۋىدۇئال سىمۋول بولۇشى، شۇنىڭدەك بالىلار گراماتىكىسىمۇ ئۆز رولىنى ئىپادىلەۋاتقان بولۇشى لازىم. بىز يۇقىرىقى شېئىرلاردىن چولتا، ئۈزۈك، تولۇق بولمىغان گراماتىكىلىق شەكىللەرنى ئاي، كېچە، قۇياش، نۇر… دېگەنلەرنىڭ نىسپىي بولغان، شۇنىڭدەك يەنە بالىلارنىڭ تەپەككۇرىغىلا باپ بولغان سىمۋول ھالەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز.

بىز بالىلار شېئىرلىرىدىكى ھېسسىياتنى چوقۇم بالىلارنىڭ ھېسسىياتى دېيىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادىيەتچى پسىخىك جەھەتتىن، بالىلار تەپەككۇرى، ھېسسىياتىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن يول بەرمەيدىغان چەكلەش كۈچىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. يۇقىرىقى شېئىرلارنىڭ ئىجادچىلىرى — زاماندىن پاكزات بىلەن ئابلىكىم ھەسەنلەر بۇ چەكلەش كۈچىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار «بالىلار شېئىرلىرى» نى يازغان. ئۇلار بۇ «بالىلار شېئىرلىرى» نى بالىلارغا ئوقۇتتى. ھېس قىلىشىمىزچە، بالىلار ئۆز شېئىرلىرىنى ئۆزلىرى ئوقۇسا، تېخىمۇ «تەم» لىك بولىدىكەن. «مومامنىڭ چۆچىكى» (زاماندىن پاكزات) بىلەن «پاشىنىڭ سۆزى» (ئابلىكىم ھەسەن) بالىلار ئىجادىيىتىمىزدە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى يوشۇرۇنلۇقنى نامايان قىلىشتا بىر ئىلگىرىلەشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بالىلار موماي ئېيتقان چۆچەكنى ياقتۇرمىدى. چۈنكى، ئۇ سىرلىق ئوردا ھەققىدىكى قەدىمى چۆچەك ئىدى. ئۇنىڭ مۇھىتى ئۇنى تېخىمۇ يېگانە، تېخىمۇ يىراقتا قالدۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ خىل يېگانىلىقى بىلەن ئاللىقاچان تاشلىنىۋېتىلدى. شۇنداقكەن، بالىلارنىڭ يېڭى «ئوردا» ياساش، ياسىغاندىمۇ «موماينىڭ چۆچىكى» دىكىگە ئوخشىمايدىغان، «قۇشلار» ، «ھايۋاناتلار» ئەركىن كىرىپ چىقالايدىغان، بالىلار ئۆزلىرىمۇ كىرىپ

ئوينىيالايدىغان قىلىپ ياساش باللارنىڭ رېئاللىقىنىڭ ئىنكاسى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئارزۇغا تەبىئىيكى ئۆتكەن زامان بىلەن بۈگۈننى، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى ئاڭ جەھەتتىن ياراشتۇرۇش تەقەززالىقى سىڭگەن. بىزنىڭچە بۇ خىل ياراشتۇرۇش، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى چۆچەكتىكىدەك بۈگۈننى ئۆلچەم قىلىش ئاساسىدا، ئۆزئارا تۈزىتىش، يېڭىلاش يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلسا تېخىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ. باللارنىڭ ئۆزلىرى ياسىغان يېڭى «ئوردا» سىغا ئۆزلىرى ئىسىم قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقى بىر پاجىئە. بۇ باللارنىڭ باشباشتاقلىق قىلمىغانلىقىدىن بولدىمۇ؟ ياكى يېپىق ئەنئەنىنىڭ تەسىرىدىن بولدىمۇ؟...

پاشا ئەزەلدىن ئادەملەرنىڭ «دۈشمىنى» دەپ قارىلىپ كەلدى. ئادەملەر ئاڭ جەھەتتىن ئۇنى سازلىققا مەھكۇم قىلدى. ئۇ ئۆز تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىپ ئادەملەرگە «دوست» بولۇش نىيىتىنى ئىزھار قىلىسمۇ، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتىدۇ. دېمەك، يېڭى ھالەت، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلماسلىق، ئۇنى كونا چۈشەنچىلەر بىلەن ئۆلچەش خاھىشى «پاشىنىڭ سۆزى» دە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان ۋە تەنقىدلىنىۋاتقان مەسىلە. بۇنى باللارغا تونۇش بولغان پاشا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يامانلاپ كېتىش ھەرىكىتى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇش باللار تەپەككۇرىنىڭ چەكلەش كۈچى دائىرىسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

«تاغ» (زاماندىن پاكزات) ۋە «نەي چالىدۇ بىر بالا» (ئابلېكىم ھەسەن) باللارچە ھېس - تۇيغۇ ۋە تەسەۋۋۇرغا تېخىمۇ باي. بىزنىڭ تاغنى ئەيىبلىگىمىز كېلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى ئۈستىگە يۈكلىنىۋاتقان ئانىزملىق روھ ئۇنىڭ ھەر نېمە بولۇشىغا بىردىن - بىر سەۋەبچىدۇر. بۈگۈن ئۇ باللارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا «دورامچى» بولۇپ قالدى. تاغ بىلەن باللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاغرىنىش، رەنجىش ياتىدۇ. باللار تاغنىڭ ئۆزلىرىدىن چوڭ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى قانائەتلەندۈرە-

لىگۈدەك جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنماقتا. ئاددىيلاشتۇرۇ-
ۋېلىشمۇ بالىلار پسىخىكىسىدىكى بىر ئامىل. ئۇلار دۇنيانىڭ
كۆپلىگەن مۇرەككەپلىكلىرىنى ئەنە شۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋېلىش يولى
بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. بالىلار ئىجادىيىتىدە بۇ تەرەپكە سەل
قاراشقا بولمايدۇ. ئەمما، بۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋېلىش بالىلارغا مۇ-
رەككەپلىكلەردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش، ئىلمىيلىكتىن باش تار-
تىش تۇيغۇسىنى بېرىپ قويماسلىقى كېرەك. «نەي چالىدۇ بىر
بالا» بۇ جەھەتتىكى ياخشى ئۈلگە. «قۇياش» — ئۇ ساقاللىق
بوۋاي. بۇ ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ بوۋىسى بىلەن تەڭ
ياشلىق بولغانلىقىدىن، يەنى بالىلارنىڭ ئەجداد ھەققىدىكى كۆ-
پىنچە چۈشەنچىسى بوۋىسى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. قۇياشنىڭ پېتى-
شى ھەققىدىكى ئىلمىي ھەقىقەتنى ئۇلار ئاجايىپ گۈزەل ئېستې-
تىكا بىلەن يۇغۇرغان. قۇياشتىن ئىبارەت بۇ مېھرىبان بوۋاي،
ئالەمگە ئۆز نۇرىنى بېرىپ، ئاخىرىسىدا تاغ ئارقىسىدىكى كەپە-
سىگە كېتىدۇ. ئۇ يەردە نەۋرىسى مېھرىبانلىق، توغرىلىق،
ياخشىلىق ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، بوۋىسىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.
بۇلار، ئىپتىدائىي ئەپسانە — رىۋايەتلەردىكى «دۇنيانى بىلىش
جەھەتتىكى ساددا قاراش» ئەمەس، بەلكى بالىلارنىڭ تەپەككۇر
سەنئىتىدىكى بىر بەدىئىي يوشۇرۇنلۇق.

«ئالتۇن ئاي» (زامانىدىن پاكزات) ھەققىدە بىز مۇنۇلارنى
ئويلايمىز. تەبىئەتكە، شەيئى ـ ھادىسىلەرگە ئۆز تەپەككۇرى،
ھېسسىياتى بويىچە ياندىشىش بالىلار پسىخىكىسىنىڭ بىز بىلىدى-
غان يەنە بىر تەرىپى. بالىلار كۆپلىگەن ئۆزگىرىش، ھادىسىلەر-
نى شەكلەن كۆزىتىدۇ. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئىچىگە
ئېلىۋالماقچى بولۇشىدۇ. بىزنىڭ كۆپلىگەن بالىلار چۆچەكلىرى-
مىز، بالىلار ئويۇنلىرىمىز بار. ئىنچىكىرەك كۆزەتسەك، بۇلار-
دا بالىلاردا بولىدىغان «ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش» ھېسسىياتىغا ئارى-
لىشىپ بەزى تەبىئەت قاراشلىرى، شۇنىڭدەك ئادەم، تەبىئەت

ھەققىدىكى «بىردەكلىك» ئېڭىمۇ غىل ـ پال كۆرۈلۈپ قالىدۇ. بىزنىڭچە «ئالتۇن ئاي» نىڭ بالىلار ئۈچۈن قىممىتى مۇشۇ تەرەپتە كۆپرەك گەۋدىلىنىدۇ. بالىلار ئۆز ئويۇنلىرى ئۈچۈن ئايدىن نۇر تەلەپ قىلىدۇ. يېتىمقاش، ئەيمىنىش پوزىتسىيىسىدە ئەمەس، ئۆزئارا يېقىنلىق، بىردەكلىك پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. شۇڭا، ئاينىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ قالماسلىقىنى ئىزدەيدۇ. بۇ بالىلارنىڭ ھېسسىياتىدىكى بىزنى قىزىقتۇرىدىغان تەرەپلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالغۇسى.

ئاي بىلەن كۈن راستتىنلا ئۇرۇشۇپ قالغانمىدۇ؟ ئاي، كۈندىن قورقامدىغاندۇ؟ بالىلارنىڭ بۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ھەققىدىكى ساددا ئوي ـ خىيالى يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ. بىز ئىپتىدائىي ئادەملەرگە، ئۇلار ياراتقان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە بەزىدە مۇشۇنداق قىزىققانلىقىمىزنى ئەسلەپ باقايلى.

# «چىراغ ۋە پەرۋانە»نىڭ قىممىتى

ياش فوتوگراف ئابلىز غوجامنىياز ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئەسەر-
لىرىدە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتىگە تۇرلۇك نۇقتىلاردىن
ياندىشىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىستېتىك نۇقتىدىن ئەكس
ئەتتۇرۇشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇر بەدىئىي سۈرەت-
چىلىكىمىزدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرقايسى
گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان سۈرەتلىرى دەۋر روھىنىڭ
كۈچلۈكلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ قىزىقى-
شىنى قوزغىماقتا. ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان بالىلارغا تەقدىم قىلى-
غان بىر مۇنچە بەدىئىي سۈرەتلىرى تېما جەھەتتىكى خاسلىقى،
قىممەت جەھەتتىكى سالمىقى بىلەن بالىلار ئارىسىدىلا ئەمەس،
چوڭلار ئارىسىدىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ئاپتورنىڭ
«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ «گۈلشەن» بېتىگە بېسىلغان «چىراغ
ۋە پەرۋانە» ناملىق بەدىئىي سۈرىتى بۇ سۆزىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

سۈرەتتە ئىككى ئۆسمۈرنىڭ چىراغ يېنىدا ئولتۇرۇپ دەرس
تەكرارلاۋاتقانلىقى جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مە-
لۇمكى، بىرەر بەدىئىي ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئۇ-
نىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىقنىڭ تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە
بولغانلىقى بىلەنلا ئۆلچەنمەيدۇ، ئۇ يەنە ئاپتورنىڭ ئېستېتىك
قارىشى، غايىسى، ئىدىيىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇشى كېرەك.
مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا «چىراغ ۋە پەرۋانە» ناملىق بەدىئىي
سۈرەت ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئىلىم - پەننى ئىگىلەش، كېلە-
چەكتە ياراملىق ئىز باسارلاردىن بولۇش، گۈزەل تۇرمۇش يار-
تىش يولىدىكى ئىرادىسى، روھىغا ھەم ئۆسمۈر بالىلارنىڭ

ئىلىم ـ پەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

ئۆسمۈر بالىلار كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، ۋەتەننىڭ ئۈمىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشى، كىچىكىدىن تارتىپلا بىلىملىك، ئەخلاقلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە. ئۆسمۈر بالىلارمۇ ئىلىم ـ پەن ئىگىلەشنىڭ كەڭرى ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە. مانا بۇ شۇ بەدىئىي سۈرەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تىپىك چىنلىق. ئاپتور سۈرەتتە تاللانغان مۆھىتنى يەتمەكچى بولغان بەدىئىي غايە بىلەن يۇغۇرىۋەتكەن. نەتىجىدە بىر قاراش بىلەنلا كىشىگە كۆپ تەرەپلىمە تەسىر بېرىدىغان ئېستېتىك ھالەت شەكىللەندۈرۈلگەن. ئاپتور بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە سىمۋول بىلەن ئوخشىتىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئىلىم ـ پەن قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراغ، ئىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان ئۆسمۈر بالىلار بولسا گويا شۇ چىراغ ئەتراپىدىكى پەرۋانىلەردۇر. بۇ خىل ئارىلاش قوللىنىش ئۇسۇلى ئەسەرنى تېخىمۇ يۇقىرى ئېستېتىك ئۇنۇمگە، سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە قىلغان.

# «ئېلىشىش» ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

مەن «ئىلى گېزىتى» نىڭ 1987 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان ئابدۇرېشىت خېلىلنىڭ «ئېلىشىش» ناملىق رەسىمىنى كۆرۈپ، بىر خىل ھاياجان قەلبىمنى چۇلغىۋالدى.

رەسىمدە ئۈچ نەپەر سالچىنىڭ ئېگىز تاغ ئارىسىدىكى تار جىرالىقتىكى سۇدا سال ھەيدەپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رەسىمدە مۇنداق ئىككى تەرەپ روشەن گەۋدىلەنگەن ھەم زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. بىرى، ھەقىقىي چىنلىق. ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بۇيان تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى. بەزىدە تەبىئەت ئۇلارغا ھەيۋە قىلىپ چۆچۈتتى... لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە جاسارەتلىك يېڭى دەۋر كىشىلىرىمىز تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كەلمەكتە.

قاراڭ سالچىلارغا، ئۇلار سالنىڭ بېشىنى ئۇدۇل كەلگەن تاشتىن بىرلىكتە چەتكە بۇراۋاتامدۇ. توغرا، ئۇلار بىر نىيەت، بىر قەدەمدە ئالغا بېسىۋاتقانلار ـ دە. ئۇلارنىڭ يولىدا ئۇنداق «تاشلار» دىن يەنە قانچىسى تۇرىدىغاندۇ؟ ئۇلار ئەنە شۇنداق «تاشلار» دىن قانچىسىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئاخىرقى نىشانغا بارغىچە قانچىلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىدىغاندۇ ـ ھە؟! ياق، قاراڭ ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن دۆلەت، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىقتەك ئالىيجاناب روھ ۋە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرمامدۇ. مانا بۇ، رەسىمدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان يېڭى دەۋر كىشىلىرىمىزنىڭ يارقىن ئوبرازىغا سىڭىپ كەتكەن ھەقىقىي دەۋر چىنلىقىدۇر. يەنە بىرى، قويۇق يەرلىك

ئالاھىدىلىك. ئاپتور ئۆز مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەنزىرىسىنى سىزىپ كۆرسىتىشتە، ئالدى بىلەن ئۆزىدە ئالاھىدە مىللىي ئاڭ، يەرلىك سەنئەت قابىلىيىتى بولۇش كېرەك. بۇ تەرەپ قانچە يېتەرلىك بولسا، ئەسەردىكى يەرلىك ئالاھىدىلىك شۇنچە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئابدۇرېشىت خېلىل يېڭى دەۋر كىشىلىرىمىزنىڭ ھەرخىل توساقلار بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق غالىبلارچە ئىلگىرىلەۋاتقان روھىنى تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشتە پېرسوناژلىرىنى ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن ئوراپ، ئۇلارنى سالنىڭ ئۈستىگە قويغان. بۇ ھال رەسىمنى قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. مانا بۇ، رەسىمنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىك جەھەتتە تېخى ئېچىلمىغان رايونغا يۈرۈش قىلىپ قازانغان ئۇتۇقىدۇر.

# ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرى

ھازىرقى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە ئەدەبىي ئەسەر تەھ-
رىرلىرىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە مەجبۇرىيەتلەر يۈكلەنگەن. چۈن-
كى، ھەر خىل ئەدەبىي ھادىسىلەر ۋە ئەدەبىياتنىڭ يېڭىلىقلار-
نىڭ ۋاقتىدا يورۇقلۇققا چىقىشى ۋە ئومۇملىشىشىدا ئۇلارنىڭمۇ
رولى بولىدۇ. «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئەسەر-
لەردىمۇ ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرىنىڭ ئەمگىكى، ئېنىقراق قى-
لىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات قارىشى، نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلىرى
ياكى ئىجادىيەت قابىلىيىتى جەھەتتىكى بىر قىسىم ئارتۇقچىلىق-
لىرى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ سىڭگەن، دېگەن قاراشلار-
نىڭ كىشىلەرگە يات تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى، مەسى-
لىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالدى بىلەن بىز ھەر بىر تەھرىرنى ئالايلى، ئۇلاردا ئالدى
بىلەن ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش، توغرا
پوزىتسىيە تۇتۇش، ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشتەك تەھ-
رىرلىك كەسپىي ئېڭى ۋە ئەسەرلەرنى كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك
قىزىقىشىغا ماسلاشتۇرۇش، ئىجابىيلىقى كۈچلۈك، بەدىئىيلىكى
يۇقىرى ئەسەرلەرنى تاللاش، ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلى-
قىغا مەدەت بېرىش، ئۇلارنىڭ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش، يېڭى
ستون، يېڭى بەتلەرنى ئېچىش قاتارلىق پايدىلىق بولغان نۇرغۇن
تەرەپلىرى بولىدۇ.

دېمەك، كىتابخانلارنى تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى مەھسۇلاتلار
بىلەن تەمىنلەش، ياخشى ئەسەرلەر بىلەن يېڭىلىق يوق، بەدىئىي-
لىكى تۆۋەن ئەسەرلەرنى پەرقلەندۈرۈشتە، ئەدەبىي ئەسەر تەھ-

رىرلىرى ئەدەبىي تەنقىدچىگە ئوخشاشلا كۆچ سەرپ قىلىدۇ.

بىزدە ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرىنىڭ دائىرىسى ئومۇمەن ئەدەبىي ژۇرنال، نەشرىيات ئەدەبىي بۆلۈمى ۋە گېزىت ئەدەبىي بېتى بىلەن چەكلەنگەن. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مول قابىلىيەتكە، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە كىشىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ ئورۇنلارغا مەركەزلەشكەن. بۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەۋزەل شارائىت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرى بولۇشى بىلەن بىرگە، يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك رولىنى ئۆتەشتەك مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يەتسە ئىجادىيەت سۈپىتىمىزنىڭ ئۆسۈشىدە ئۈمىد تېخىمۇ زور بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەر كىتابخانلار تەرىپىدىن كۆچلۈك تەنقىدكە دۇچ كېلىپ، ئېتىبارسىز قارىلىۋاتىدۇ. ئىجادىيەت ساھەسىدە گەرچە بۇنداق ھادىسىلەردىن ساقلانغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ھادىسىلەرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلانغان ۋاقتىمىزدا ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھەقلىقمىز.

ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرىنىڭ رولى خېلى چوڭ. ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرى ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزغا تۇتقان پوزىتسىيە، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچە، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشلىرى جەھەتتە ئۆزلىرىنى داۋاملىق سىناپ تۇرۇشقا تىرىشسا، تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ باش قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىلىرىدە يەنىمۇ تېز ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكىلى بولاتتى.

# ئەدەبىي قوبۇل قىلىش چۈشەنچىسى ھەققىدە

ئەدەبىي قوبۇل قىلىش — ئەدەبىي پائالىيەتلەر جەريانىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھالقىدۇر. ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەر ئاپتور تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ئېستېتىكىلىق تېخى ئاشكارىلانمىغان، تېخى يوشۇرۇن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ. بىر پۈتۈن ئەدەبىي پائالىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا بۇ ئوتتۇرىدىكى ھالقا بولۇپ، كېيىنكى قەدەمدە ئۇ چوقۇم كىتابخانىنىڭ قوبۇل قىلىشىدىن ئىبارەت پائالىيەت جەريانىغا ئايلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇنلۇق ئاشكارىلىققا ئايلىنالايدۇ. ئەسەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى يازغۇچىغا نىسبەتەن ئەدەبىي پائالىيەتلەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. كىتابخانىنىڭ ئەدەبىي قوبۇل قىلىشى تاماملانغاندىلا، ئەدەبىي پائالىيەت ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزدا بىز ئىلگىرى ئەسەرنىڭ ئۆزىگىلا ئېسىلىۋالغانلىقىمىز، مەۋجۇتلۇقىنى ئەسلىي تېكىست ئىچىدىلا ئىزدىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، كىتابخانىنىڭ قوبۇل قىلىشى دېگەن بۇ چۈشەنچە، كۆپىنچە كىشىلەر دىققەت قىلمايدىغان ھەتتا تەنقىدچىلەر تىلغىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان مۇئامىلىگە ئۇچراپ كەلدى. كىتابخانىنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە ئەسەرگە قاتنىشىشى نەزەرگە ئېلىنمىدى. بۇ ھال ئەدەبىيات تەھلىل - تەتقىقات ئىشلىرىمىزدا، ئەدەبىي چۈشەنچىلەر تېيىز، مۇنازىرىلەر جانسىز، كۆز قاراشلار بىر تەرەپلىمە بولۇشقا سەۋەبچى بولۇپ كەلدى. شۇڭا، ئەدەبىي قوبۇل قىلىش چۈشەنچىسى بىلەن تونۇشۇش، ئۇنىڭ ئۆزىمىزگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش-

مىز، بۇگۈنكى كۈندە تېخىمۇ زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1

ئەدەبىي قوبۇل قىلىش چىقىش قىلىدىغان نۇقتىسىنىڭ ئوخ-شىماسلىقىغا قاراپ ئېستېتىكىسىز قوبۇل قىلىش ۋە ئېستېتىكى-لىق قوبۇل قىلىش، دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن. ئېستې-تىكىسىز قوبۇل قىلىش ئاساسەن تەتقىقات خاراكتېرىنى ئالغان ئوقۇش ۋە قوبۇل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلى، قوبۇل قىلغۇ-چى (كىتابخان) ئەدەبىيات تارىخچىسى، ئىزاھلىغۇچى ياكى تو-پلىغۇچى بولسۇن، ئۇ ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنىلا قوبۇل قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تىل، قۇرۇلما، ئوبرازلىرىدىن زوقلىنىپ ئولتۇرمايدۇ، ئەسەرنى ئۆز كەسپى، تەتقىقاتى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش، يىغىش مەقسىتىدىلا كۆرىدۇ ۋە ئوقۇيدۇ. بۇ خىل ئوقۇش تەبىئىيكى بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت. ئېستېتىكىلىق قوبۇل قىلىش — ئەسەردىن ھۇزۇرلىنىش، ئىجتىمائىي ئەھمە-يىتىنى تونۇش جەھەتتىكى پائالىيەت بولۇپ، ئادەتتە ئۇمۇ كىتاب-خاننىڭ ھۇزۇرلىنىش خاراكتېرىدىكى قوبۇل قىلىشى بىلەن تەن-قىدچىنىڭ تەنقىد خاراكتېرلىك قوبۇل قىلىشىدىن ئىبارەت ئىك-كى تۈرلۈك بولىدۇ. ھۇزۇرلىنىش خاراكتېرلىك قوبۇل قىلىش ھېسسىيات، ئىلھامنىڭ مەھسۇلى. تەنقىد خاراكتېرلىك قوبۇل قىلىشقا بولسا ئىدراكلىقمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ. لېكىن، ئېستې-تىكىلىق نۇقتىدىن ئۇلار يەنىلا بىر خىل جەريانغا مەنسۇپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېستېتىكىلىق قوبۇل قىلىش قوبۇل قىلىش شەرتى جەھەت-تىن، قوبۇل قىلغۇچى پسىخىك ئىقتىدارىنىڭ ئىختىيارى، ئەر-

كىن ھالەتتە بولۇشىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئېستېتىك قوبۇل قى-
لىش جەريانىدا كىتابخاننىڭ ھېسسىياتى، ئەقلى، ئىلھامى،
سەزگۈ ۋە تەسەۋۋۇرى، خاتىرە ۋە خىيالى قاتارلىق بارلىق پسى-
خىك قۇرۇلمىلىرى يۇقىرى دەرىجىدە جانلىنىش ھالىتىدە تۇرى-
دۇ. زوقلانغۇچى روھىي جەھەتتىن ئەنە شۇنداق چەكسىز ئىختى-
يارلىق ھالىتىگە كىرگەندىلا، بەدىئىي دۇنيادىن تولۇق ھۇزۇر-
لىنالايدۇ.

## 2

ئەدەبىي قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە، قوبۇل قىلىش ئوبيېك-
تى مۇھىم شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى ئىشلەپچىقىرىش
بولمىسا، ئىستېمالدىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكت بولمىغانغا ئوخ-
شاش، ئەسەر بولمىسا كىتابخاندىن ئىبارەت بۇ قوبۇل قىلىش
سۇبيېكتىمۇ بولمايدۇ. ئەلۋەتتە بارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى
قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىۋەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئە-
سەر ئاددىيسى ئاز ـ تولا بولسىمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە
بولۇشى كېرەك. ئوبراز، مەنا، كەيپىيات، تىل قاتارلىق جەھەت-
لەردىن ياخشى چىققان ئەسەرلەرلا كىتابخاننىڭ ئەدەبىي تۇيغۇسى-
نى ئويغىتىپ، ئۇلارنى ئەدەبىي قوبۇل قىلىش پائالىيىتىگە قات-
ناشتۇرالايدۇ.

بەزى يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمىدىكىلەر ئەدەبىي قوبۇل قى-
لىشنىڭ باشقا ھەممە تەرەپلىرىنى قايرىپ قويۇپ پەقەت ئەسەرنىڭ
ئۆزىنىلا ئەڭ ئالىي «خاتىرە مۇنارى» قىلىشۋالىدۇ. كىتابخان-
نىڭ قايتا ئىجاد قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىز ئەلۋەت-
تە بۇنداق قاراشقا قوشۇلمايمىز. چۈنكى، بۇ خىل قاراش ئەدەبىي
قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى باشقا تەرەپلەردىن ئايرىپ، ئەسەردىن
ئىبارەت بىرلا تەرەپنىڭ رول ئوينىشىنىڭ مەھسۇلى قىلىپ قويى-

دۇ. يەنە بەزى قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيىچىلىرى
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ رولىغا يەڭگىل پوزىتسىيە تۇتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا
سەل قارايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق پوزىتسىيە ۋە سەل قاراشنىمۇ
توغرا دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە چوقۇم، ھەر ئىككىلا
تەرەپكە تەڭ ئېتىۋار بېرىپ، ئاپتور يۈكلىگەن مەنا بىلەن كىتاب-
خان يۈكلىگەن مەنىنى ئوخشاش ھېسابقا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىي قوبۇل قىلىشتا يەنە مۇنداق ھالەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كىشى-
لەرنىڭ مىجەزى، خاراكتېرى، قىزىقىشى، ئەھمىيەت بېرىدىغان
تەرەپلىرىدە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھال، قوبۇل قىلغۇ-
چىنىڭ ئەسەرنى چۈشىنىشى، مەنىسىنى ھېس قىلىشىدىمۇ بەلگى-
لىك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەسەرنىڭ
تولۇق مەنىسى ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك مەنىسى بىلەن ئۆزگەرگەن مەنى-
سىنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ قالىدۇ. بىر پارچە ئەسەرگە نىسبەتەن
ئۇنىڭ قىممىتى بەزىدە تولۇق ئاشكارىلىنىپ كەتمىگەن، ۋاقىت-
نىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر خىل چەكسىزلىككە سوزۇلغان ئەھۋال-
لارمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر كىتاب-
خانلىرىنىڭ نەزىرىدە مەمتىمىن ھوشۇر بىلەن مۇھەممەت باغراش-
نىڭ ئەسەرلىرى «مەنىسى دەماللىققا تولۇق ئاشكارىلىنىپ كەت-
مىگەن» ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلانماقتا. يەنە بىر جەھەتتىن،
قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەربىيىلىنىپ تۇرۇشى سەۋەب-
لىك، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىدىمۇ كېڭىيىش ۋە ئۆزگى-
رىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ.

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ئاتىسى ھېسابلىنىدىغان سار-
تېر (1905 — 1980) كىتابخاننىڭ ئوقۇش پائالىيىتىنى بىر
خىل «يېتەكچىلىك ئاستىدىكى ئىجادىيەتتۇر» دەپ ئاتىغان. بۇ
يەردىكى يېتەكچىلىك قىلغۇچى، تەبىئىيكى ئەسەر بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ. قوبۇل قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئالغاندا ئەدەبىي ئەسەر

ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ «يېتەكچىلىك قىلغۇچى»نىڭ چەكلەپ تۇرۇش رولى بولمىسا، قوبۇل قىلىش مەنبەسىز، تەرتىپسىز پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. دېمەك، پۈتكۈل ئەدەبىي قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە ئەسەرنىڭ مەۋجۇتلىقى بىرىنچى ئامىل، كىتابخاننىڭ قوبۇل قىلىشى بولسا ئىككىنچى ئامىلدۇر. قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيىچىلىرى بۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ: «ئەدەبىي ئەسەر پەقەت قوبۇل قىلىش ئېھتىياجىنى يارىتىپلا قالماستىن، يەنە بۇ خىل ئىشتىياق ۋە تەلەپنى قاندۇرىدىغان شەكىلنىمۇ يارىتىدۇ» دەيدۇ. ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر ھەم ئاشكارىلىق ھەم يوشۇرۇنلۇققا ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىي قوبۇل قىلىش جەريانىدا يوشۇرۇنلۇقمۇ ئاشكارىلىققا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم رولLARنى ئوينايدۇ. ئادەتتە ئەسەردىكى يوشۇرۇنلۇق مەنە ۋە خاھىشتىكى يوشۇرۇنلۇقتىن باشقا تىلدىمۇ بولىدۇ. ئالايلى: «چىرايلىق بىر قىز ئۇنىڭغا قاراپ كېتىپ باراتتى» دېگەن جۈملىدە، كېتىۋاتقۇچىنىڭ ئايال ئەمەس، قىزلىقى، كىچىك بالا ئەمەسلىكى، چىرايلىقلىقى قاتارلىق ئوچۇق - ئاشكارە تەرەپلىرىمۇ، ئۇ قىز ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ؟ ئېگىزمۇ، پاكارمۇ؟ چىرايلىقلىقىنىڭ دەرىجىسى، ئۇنىڭغا قاراپ كېتىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى قاتارلىق بىزگە نامەلۇم، يوشۇرۇن تەرەپلەرمۇ بار. ئەسەرنىڭ ئۆزىدە بۇنداق يوشۇرۇنلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەدەبىي قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە، قوبۇل قىلغۇچىنى ئەسەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىپلا قالماستىن، مۇھىمى يەنە كىتابخاننى ئەسەرگە قاتنىشىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە قىلىدۇ.

## 3

گەرچە ئەدەبىي ئەسەر، قوبۇل قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا-

كى ئوبيېكت دەپ قارالسىمۇ، لېكىن قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيىچىلىرى ئەسەرنىڭ تېكىستى بىلەن كونكرېت بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئۆزىدە روشەن دەرىجىدە پەرقلەر بار، دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى، تېكىست تېخى باسما ماتېرىيال ياكى باسما بۇيۇمى ھالىتىدە بولغاچقا (گەرچە ئۇ يوشۇرۇن مەنا، قۇرۇلما، تىلغا ئىگە بولسىمۇ)، ئۇ تېخى رېئال گەۋدىگە ئايلانمىغان، كىتابخانىنىڭ ھېسسىياتىغا تېخى تەسىر قىلمىغان ھالەتتە بولغانلىقى سەۋەبلىك ھامان ئېستېتىك قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلانمىغان بولىدۇ. باسما ماتېرىيال ۋە باسما بۇيۇم ھالىتىدىكى ئەسلىي تېكىست، قوبۇل قىلىش سۇبيېكتى ھېسابلىنىدىغان كىتابخانىنىڭ ھۆزۈرلىنىش خاراكتېرلىك ئوقۇشى، ئىنكاس قايتۇرۇشى ۋە ئېستېتىك قوبۇل قىلىش ئارقىلىقلا ئىككىنچى تېكىست ياكى ئەدەبىي قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسىنىڭ نېگىزلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرسى، دىققەت نەزىرىنى كىتابخانغا بۇراش، كىتابخانىنىڭ ئىجاتكارلىق رولىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە كىتابخانلارنى «ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھەقىقىي ئاخىرلاشتۇرغۇچىسى» دەپ قاراشتىن ئىبارەتتۇر. ئېستېتىكىچى ياش كىتابخانىنىڭ رولى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يازغۇچى، ئەسەر ۋە كىتابخاندىن ئىبارەت ئۈچ بۇلۇڭلۇق مۇناسىۋەتتە، ئاخىرقىسى ھەرگىزمۇ جانسىز ئامىل ياكى خاس ئىنكاس قايتۇرغۇچىلار ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزى ئىجادىيەت تارىخىدىكى بىر خىل كۈچتۇر». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تارىختىكى تەقدىرىنى كىتابخان — قوبۇل قىلغۇچىنىڭ قاتنىشىشىسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ».

ھازىرقى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە، ئەسەرنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ ھەممىسىدە، ئومۇمەن قوبۇل قىلغۇچىنىڭ رولى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشمەكتە. كىتابخانىنىڭ

چۈشەنچىسىگە ھۆرمەت قىلىش، كىتابخاننى پائال تۈردە ئەسەرگە قاتناشتۇرۇش ئەمدىلا تىلغا ئېلىنىۋاتقان ۋە تەكىتلىنىۋاتقان نەرسە ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ ئەدەبىيات تارىخىدا بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ تەبىئىي مەۋجۇت ئىدى. فرانسىيە سىمۋۇلىستىك شېئىرىيەت ئېقىمىغا تەۋە بىر شائىرنىڭ «مېنىڭ شېئىرلىرىمغا ھەقىقىي مەنىنى كىتابخانلار بەرگەن» دېگەن سۆزىمۇ بىزنى بۇ ھەقتە بەلگىلىك چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 4

كىتابخانىنىڭ ئەسەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىش جەريانىدىكى رولىنى ھەقىقىي تۈردە مۆلچەرلەش، مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسىدە، مۇنداق بىر نەچچە تەرەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. (1) ئەسەرنىڭ مەۋجۇت ھالىتى بىلەن كىتابخانىنىڭ قوزغاتقۇچىلىق رولىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى. ئۇنداقتا، كونكرېت ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. بىرى، يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمىدىكىلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار يازغۇچى ئىجاد قىلغان تېكىستنى ئەسەرنىڭ ئۆزى دەپ تونۇپ، ئەسەر پەقەت تېكىست ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، كىتابخانىنىڭ تەسىرلىنىشى جەريانىدىن ئەسەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىزدىگىلى بولمايدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسىلىنى بۇنداق ئوتتۇرىغا قويىشىدا، كىتابخانلار تەربىيىلىنىشىنىڭ تەكشىسىزلىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ تەربىيىلىنىشى ياخشى كىتابخانلار ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا، ئۆزلىرى ئىلگىرى ھېس قىلمىغان تەسىرات، چۈشەنچىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. تەربىيىلىنىشى ياخشى بولمىغان كىتابخانلار بولسا، ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا ھېچقانچە ھاسىلاتلارغا ئېرىشەل-

مەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق «تەسىرلىنىش» جەريانى ئەلۋەتتە ئەسەرنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. يەنە بىرى، قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيىچىلىرىنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار يۇقىرىقىلارنىڭ قاراشلىرىدىن ساۋاق ئېلىش ئاساسىدا، ئەسەر بىلەن كىتابخاننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگىرىشچان تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئۇلار ئەسەر تېكىستى «يېپىق دۇنيا ئەمەس»، ھەر قانداق مەۋجۇت بىر ھالەت، پەقەت بىر خىل ماكان ۋە زامان شەرتى ئاستىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنداق ماكان ۋە زامان ئىچىدە دەل كىتابخانمۇ بار. ئۇ يازغۇچىنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى سۈپىتىدە ئەدەبىي ئەسەرنى تەڭ يارىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

(2) كىتابخاننىڭ يازغۇچىغا نىسبەتەن ھەمكارلىشىش رولى مەسىلىسى. كىتابخاننىڭ تېكىستنى ئوقۇش جەريانى، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن مەنە ۋە ئېنىقسىزلىقلارنى ئاشكارىلاش جەريانى بولۇپ، ئادەتتە بۇ جەريان «كونكرېتلاشتۇرۇش» جەريانى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلىي تېكىست مانا شۇ كونكرېتلاشتۇرۇشتىن ئۆتكەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ئەدەبىي ئەسەرگە ئايلىنىدۇ. يەنى ئېستېتىك ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، كونكرېتلاشتۇرۇش بولمىسا ئەدەبىي ئەسەر بولمايدۇ. ئوخشاشلا ئېستېتىك ئوبيېكتىمۇ بولمايدۇ. ئاخىرىدا ئەدەبىي قوبۇل قىلىشمۇ بولمايدۇ.

«كونكرېتلاشتۇرۇش» ئاتالغۇسى، يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئەسەرنى مۇستەقىل «يېپىق دۇنيا» قىلىۋېلىشى جەھەتتىكى بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى خېلىلا تولۇقلىدى. يەنى، بىر پارچە ئەسەر ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ مۇتلەقلىشىپ قېلىشى، پەقەت بىرلا تەرەپ بىلەن چەكلىنىپ قېلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ، ئەسەر مەزمۇنىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىلىشى ۋە خاراكتېر گۈزەللىكىگە نىسبەتەن نەزەرىيە جەھەتتىن كەڭ يول ئاچتى. بۇ يەردە يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، قوبۇل قىلغۇچىنىڭ رولى-

نى كۆپتۈرۈپ تەكىتلەشمۇ ئوخشاشلا بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن
خالىي بولالمايدۇ. قوبۇل قىلغۇچىنىڭ سۈبيېكتىپ شەرت ـ
شارائىتىنىڭ ھەرخىل، تەكشىسىز بولۇشى مەسىلىسىگە قانداق
پوزىتسىيىدە بولۇش، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئارىسىدا
خېلى غۇلغۇلىلارنى قوزغىدى. ئالايلى: بىز تىلغا ئېلىۋاتقان
«كونكرېتلاشتۇرۇش» تەلىماتى ھەر بىر كىتابخانىنىڭ ئەسەرگە
نىسبەتەن شۇ ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئۆز كۆز
قارىشى بويىچە ئىش كۆرۈشى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان. بۇنداق
بولغاندا، بىر پارچە ئەسەرنىڭ كونكرېتلىشىشىمۇ ھەر تۈرلۈك
بولۇپ كېتىشى ۋە بەزى كىتابخانلارنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇش جەر-
يانى ئەسلىي تېكىستنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قىلىنىشى، ھەتتا
پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق كېتىد-
ۋېرىدىغان بولسا، ھەر كىم ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدىغان
تەرتىپسىز، چۈشۈنىكسىز بىر ھالەتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشى
تۇرغان گەپ. بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسەرنىڭ كونكرېتلاش-
تۇرۇلىشى دەپ قاراۋېرىدىغان بولساق، بۇ ۋاقىتتا مۇقەررەركى
نەزەرىيە ساھەسىدە نىسپىيچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىمىز.
1993 ـ يىلى، يازغۇچى مەتتىمىن ھـوشۇرنىڭ «بـۇرۇت
مـاجىراسى» ھېكـايىسى ھـەققىدە ئېلىپ بېرىلغـان مـۇلاھىزى-
دىكى تالاش ـ تارتىشلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بىر پارچە
ئەسەرنى كونكرېتلاشتۇرغاندا كىتابخانىنىڭ ئەسەرنى قايتا ئىجاد
قىلىشى، مۇستەقىل تەھلىل قىلىشى بىلەن ئەسلىي ئەسەر ئەمە-
لىيىتىنىڭ چەكلەپ تۇرۇشىنى تەڭ ئېتىبارغا ئېلىشىمىز زۆرۈر-
دۇر. «مىڭ كىتابخانىنىڭ مىڭ ھاملېتى بار» دەيدىغان كۆز
قاراشمۇ دەل مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىنى تەڭ ئېتىۋارغا
ئېلىش ئاساسىدا چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈندۇر.
بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر يوشۇرۇن مەنىسىنىڭ سىرتقا نىس-
بەتەن بىر خىل تەسىر كۈچى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كىتابخانىنىڭ

قوبۇل قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىتابخاننى ئەسەرگە مۇنا-
سىۋەتسىز تەرەپلەردىن چەكلەپ، ئەسلىدىكى بار بولغان يوشۇرۇن
مەنە ئاساسىدا تەھلىل، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيدۇ.
بۇنداق شارائىتتا، كىتابخان ئەسەرگە نىسبەتەن ھەرگىزمۇ مۇت-
لەق ئەركىن، ئىختىيارى پوزىتسىيىدە بولمايدۇ. ئەسەر ئەمەلى-
يىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن
ئالغاندا، كىتابخان بىر خىل ئىجادىي كۈچ سۈپىتىدە تېكىستكە
تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇمىدى، خاھىشى، قىزىقىشى،
تەلىپى بويىچە تەھلىل - تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. نەتىجىدە
بۇ يەردە كونكرېتلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىككى خىل جەر-
يانى مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، تېكىستنىڭ تەسىر كۆرسى-
تىش جەريانى. يەنە بىرى، كىتابخان يەنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ
قايتا ئىجاد قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى جەريان،
ئىككى خىل كۈچنىڭ مەلۇم نۇقتىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشى
بىلەن بىر پۈتۈن ئەدەبىي قوبۇل قىلىش بارلىققا كېلىدۇ.

## 5

ئەدەبىي قوبۇل قىلىش بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك
ئىلمىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئەدەبىيات تەھلىل، تەتقىقات
ئىشلىرىدا ئالاھىدە مۇھىم تەسىرگە ئىگە نەزەرىيىۋى چۈشەنچە-
لەرنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ چۈشەنچىنىڭ ئاپتور،
تېكىست، كىتابخان ھەققىدىكى بايانلىرى يېڭى ۋە ئىلغار بولۇپ،
تونۇشۇپ قويۇشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئەدەبىيات تارىخىغا ئەدەبىي
قوبۇل قىلىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، كۈچلۈك -
ئاجىزلىقى بويىچە نەزەر سېلىش ئەدەبىياتنىڭ قىممىتىنى ھەقى-
قىي باھالاشتا بىزنى تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن
ئېتىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بىز كىتابخاننىڭ ھەمكارلىشىش

رولىغا تولىمۇ سەل قاراپ كەلدۇق. مەيلى تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە بولسۇن ۋە مەيلى ئىجادكارلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە بولسۇن، كىتابخاندىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئامىل نەزەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزەرىيە ئاساسى ئاجىز، بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن خالىي بولالمايدىغان ھالىتى شەكىللەندى. كلاسسىكلىرىمىزنى كىتابخاننى ئويلاشتى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى كىتابخان كۆپىنچە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بىلەن چەكلەندى. مانا شۇنىڭدىن داۋاملاشقان چۈشەنچىلەر ئۇزۇنغىچە ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىمىزدە ساقلىنىپ، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەدەبىياتىمىز ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا يەنىلا پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

# ئەدەبىي تەخەللۇس ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

ئەدەبىي تەخەللۇس مەلۇم ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرگە خاس بولغان بىر خىل ئەدەبىي ئۇقۇم. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئۇقۇم ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى، شەخس پسىخىكا دېگەنلەردىن ھالقىپ ئومۇمىي جەمئىيەت پسىخىكىسى، ئەدەبىيات قارىشى، ئەدەبىي تەسىر ... دېگەندەك تەرەپلەرگە چوڭقۇرلاپ بېرىشى، ئۇنى ئەدەبىياتشۇناسلىقتا دىققەت قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئەدەبىي تەتقىقاتچىلىق ساھەسى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بەزى مۇجمەل چۈشەنچىلەرنى شۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى قوللانغان ئەدەبىي تەخەللۇسنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىقمۇ كىتابخانلارغا مەلۇم دەرىجىدە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قاراشماقتا. بۇنداق قاراشنىڭ ھەقىقەتەن ئىلمىيلىكى بار.

ھازىر كۆپىنچە كىتابخانلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسىدە ئەدەبىي تەخەللۇس دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىدە ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ياكى ئۆز ئىسمى ئورنىغا قوللانغان «ئىمزا» دىن ئىبارەت، دەپ قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنى مەلۇم مەنىدە ئەدىبنىڭ ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ ئويلىنىپ، تەتقىق قىلىپ بېقىش ئىمكانىيىتى تىلغا ئېلىنمايۋاتىدۇ.

ئەدەبىي تەخەللۇسشۇناسلىق ئىلمىي نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىر ئەدەبىي تەخەللۇسنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى مۇنداق

ئىچكى - تاشقى ئامىلغا باغلىق بولىدۇ. بىرى، شۇ ئەدىبنىڭ قىزىقىشى، تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئەدىب ياشىغان دەۋردىكى ئەدەبىي مۇھىت مانا بۇلار تاشقى ئامىل سۈپىتىدە ئەدەبىي تەخەللۇسقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، شۇ ئەدىب تەۋە بولغان ئەدەبىياتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى، كلاسسىك ھەم زامانداش ئەدىبلەرنىڭ تەسىرى، چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى، مانا بۇلار ئىچكى ئامىل سۈپىتىدە ئەدەبىي تەخەللۇسقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز بىرەر ئەدىبىمىزنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىنى مانا شۇ تەرەپلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تەھلىل - تەتقىق قىلىپ كۆرەلىسەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەخەللۇسنىڭ ئورنى ۋە رولى ھەققىدە تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالاتتۇق.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىدىن ئالساق، مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىش بارغانچە كۆپىيىپ، بىر خىل قىزغىنلىقنى شەكىللەندۈرۈپمۇ قويدى. ل. مۇتەللىپ، ت. ئېلىيوف، ئا. ئۆتكۈر قاتارلىق شائىرلىرىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىش ئاساسەن ياشلاردا گەۋدىلىك. دىققەت قىلساق بۇ خىل تەخەللۇسلارنىڭ قوللىنىش مەقسىتى ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، يۇرت سۆيگۈسى نامايەن قىلىنغان تەخەللۇسلار: م. باغراش، ئا. ئابدۇمجىت دولانى، ئا. ئابدۇراخمان جاغىستاي، ن. قېيۇم كەلپىنى قاتارلىقلار. چوڭقۇر ھايات سۆيگۈسى ۋە غايىسى ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تەخەللۇسلار: م. تەشنائى، م. ساۋۇت ئۆركىشى، م. كامال خۇشخۇيى، ئا. داۋۇت شەھلائىي قاتارلىقلار. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل ئەدەبىي تەخەللۇسلاردا كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىشتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلمايمۇ بولمايدۇ، ھازىر ئوتتۇرىغا چىقى-

ۋاتقان ئەدەبىي تەخەللۇسلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەدەبىيلىك خاراكـ
تېرىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. ھېچقانداق
ئەدەبىي خاھىش ياكى پوزىتسىيە، غايە دېگەندىن بىشارەت بېرەلـ
مەيدىغان، ئېستېتىك زوق بېرىشىنىڭ ئورنىغا كىشىنى كۈلدۈردـ
دىغان ياكى بىزار قىلىدىغان «تەخەللۇس» لارمۇ پەيدا بولىۋاتىدـ
دۇ. بۇنداق «تەخەللۇس» لارنىڭ زادى نېمە مەقسەتتە قوللىنىلىدـ
ۋاتقانلىقىنى ئەدەبىي نۇقتىدىن ھەر قانچە ئىزدىنىپمۇ بىرەر نەتىـ
جىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇنداق «تەخەللۇس» لارنىڭ ئىچىدە
بىر ئادەمنىڭ غەلىتە ھەرىكەت ـ سۆزىگە قاراپ ئىككىنچى بىر
ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قويۇپ قويغان لەقىمىگە ئوخشاپ قالغانلىرىمۇ
ئۇچرايدۇ. ئەدەبىي تەخەللۇسشۇناسلىقتا گەرچە تەخەللۇستا شۇ
ئەدىبنىڭ شەخسىي پسىخىكىسى ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك دەپ
قارالسىمۇ، لېكىن يەنىلا «ئەدەبىيلىك» خاراكتېرىگە ئىگە بولۇـ
شى بىر ئۆلچەم سۈپىتىدە تەكىتلىنىدۇ. ئەدەبىياتىمىز ئەدەبىيـ
لىك خاراكتېرى يوق، مۇقامى تۆۋەن «تەخەللۇس» لاردىن قانچە
بىزار بولسا، ھەقىقىي ئەدەبىيلىك خاراكتېرى بار، مەلۇم مەنا
ھەم خاھىشقا ئىگە ئەدەبىي تەخەللۇسلارغا شۇنچە موھتاج بولىۋاـ
تىدۇ.

# ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىجادىي روھ

بىز تالاي يىللاردىن بېرى ئەدەبىي ئەسەرگە باھا بەرگەندە
ئۇنىڭغا قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغانلىقىغا ئالدى بىلەن
دىققەت قىلىپ كەلدۇق. بۇنداق بولۇشى يازغۇچىنىڭ قانداق
ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىشى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك دەيدىغان چۈشەنچىنىڭ كاللىمىزدا ئورناپ كەتكەن-
لىكىدىن بولغان. بىز ئىلگىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلىنىد-
ۋاتقان ھەر قانداق بىر تەرەپنىڭ بىزگە تونۇش، رېئال بولۇشىنى
— نەزەرىمىزدە بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئۇتۇقلۇق چىققان ياكى
چىقمىغانلىقىنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋالدۇق. دېمەكچىمىزكى، بىز
ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ تەييار پرىنسىپلىرىنى ئىجادكارلىرى-
مىزنىڭ ئىجادىيەت روھىنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىۋالدۇق. نەتىجى-
دە، بىزدە ئىجادىيەت روھى زور دەرىجىدە كەمسىتىشكە ئۇچراپ
كەلدى.

بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئۇتۇقىغا باھا بېرىشتە ئىجادىيەت ئۇسۇ-
لىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمىسىمۇ، ئەمما
ئۇنى ھەمىشە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋېلىشقا بولمايتتى. ئەسەرنىڭ
بارلىق تەرەپلىرىنى شۇ خىل تەرەپكىلا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە
تېخىمۇ بولمايتتى. ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئىجادىيەت روھىنى
شەرت قىلىپ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ئەستايىدىل ئويلىنالمى-
دۇق.

بىز تەنقىدچىلىكىمىزدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۈستىدە توخ-
تالغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنى ئالدىراپ بىرەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇ-
لىنىڭ مەھسۇلى قىلىۋېلىشقا ئەمدى قارشى تۇرىمىز. ئۆزىمىز

ياراتقان يېڭىلىقلارنى باشقىلارنىڭ ئەندىزىسى بىلەن ئۆلچىمەي، ئۆزىمىزنىڭ ئەندىزىمىز بىلەن ئۆلچىشىمىز، باھا بېرىشىمىز لازىم. چوڭقۇرلاپ قارايدىغان بولساق كلاسسىك نەمۇنىلىرىمىزنىڭ تەبىئەت، ئالەم، جەمئىيەت ھەققىدىكى پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئەخلاق قاراشلىرىمىز بىلەن پۈتكەن ئابىدىلەردۇر. بۇلار بىزنىڭ ئىجادكارلىق روھىمىز ئۈچۈن ئاساس بولالايدۇ.

ئەدەبىياتىمىزنى نەتىجىگە ئېرىشىۋاتىدۇ دەپ قارىساق، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادكارلىق روھىدىن باشقا ھازىرقى زامان چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى ئەلۋەتتە چەتكە قاقالمايمىز. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بارغانچە چوڭقۇرلاپ، ئىجاد قىلىش روھى بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىۋاتىدۇ. قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش، ئۆگىنىش ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىغا بولغان يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق روھتىن مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردە ئۇتۇقلىرى كۆپ تەرەپلىمە بولۇش بىلەن بىرگە، يېتەرسىزلىكلىرىمۇ ئەلۋەتتە كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. تەنقىدچىلىكىمىز بولسا ئەمدى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئۇتۇقىنىلا كۆپتۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىكى ئۇتۇقىنى چۆكتۈرىدىغان ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان كونا يولدا مېڭىۋەرمەي، ئەڭ مۇھىمى ئىجادكارلارنىڭ ئىجادىيەت روھىغا چوڭقۇرلايدىغان، ئۇتۇق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى شۇ خىل ئىجادىيەت روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يورۇتۇپ بېرىدىغان يېڭىچە يولدا مېڭىشى كېرەك.

# ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇلاھىزە

19 ـ ئەسىردىكى رۇس شائىرى پۇشكىن ئۆزىنىڭ «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن ماقالىسىدە: «ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە يېتەرسىزلىكىنى ئېچىپ بېرىدىغان پەندۇر» دېگەنىدى. پۇشكىنىنىڭ بۇ سۆزى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ئىخچام چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاشلا، ئېنىق خاھىشچانلىققا ئىگە. ئەدەبىي تەنقىد كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە باھا بېرىدىغان، يەكۈنلەيدىغان ئىلمىي پائالىيەت بولغىنى ئۈچۈن، تەنقىدچىنىڭ ئىلمىي مۇلاھىزىسىدە ھامان ئۆزىنىڭ پەلسەپە، سىياسىي، ئەخلاق ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان پەن. ئۇ بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشتە زوقلىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچەم جەھەتتىن ئىدىيىۋى ئۆلچەم ۋە بەدىئىي ئۆلچەمدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ

ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇللىرى ئۇستىدە توختالغاندا مۇنداق تەرەپلەرنى كۆرستىش مۇمكىن.

بىرىنچى، زوقلىنىش ئاساسىدا بەدىئىي ئوبرازدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىش، مانا بۇ ھەرقانداق تەنقىدنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدىكى بىرىنچى قەدەم ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئوبرازنى تەھلىل قىلىپ ئەسەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشىنى ئىگىلەش. بۇمۇ ئەدەبىي تەنقىد ئىشلىرىدىكى مۇھىم بولغان يەنە بىر ئۇسۇلدۇر. ئۇچىنچى، سېلىشتۇرۇپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش. بۇ ئۇسۇل ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنىڭ بىرسىدۇر. تۆتىنچى، يازغۇچىغا نىسبەتەن ئەتراپلىق باھا بېرىش. ئەدەبىي ئەسەر رېئال تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئەسەرگە باھا بەرگەندە يازغۇچىغا نىسبەتەن توغرا، ئىلمىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىش كېرەك.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 80 — 90 ـ يىللاردا زور كۆلەمدە گۈللەندى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھەممەت پولات، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، قاۋسىلقان قامىجان، ئابدۇۋەلى كېرەم، ھېزىم قاسىم، ئابدۇكېرىم راخمان، ئازاد سۇلتان، ئابلەت ئۆمەر، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، مۇھەممەت زۇنۇن... قاتارلىق ئوبزورچىلار كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنىمىزنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە مۇستەھكەملىدى. ئۇلارنىڭ كىتاب ـ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىماقتا، كېيىنكى ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈشتە ئۈلگىلىك رول ئوينىماقتا. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. تۆۋەندە تەنقىدچىلىك ساھەمىزدە مەيدانغا كەلگەن نەمۇنىلىك ئەسەرلەر ئۇستىدە توختۇلۇپ ئۆتىمەن.

«ياخشىراق يازايلى، قىسقاراق يازايلى» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» يېڭى دەۋر ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ ئىشىكىنى دەسلەپ ئاچقان ئىقتىدارلىق ئوبزورچى مۇھەممەت پولاتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىدىكى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىككى مۇھىم ئەسىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر پروزا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسىدۇر.

«ياخشىراق يازايلى، قىسقاراق يازايلى» ناملىق كىتاب ئاپتورنىڭ 1981 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۇنجى ئوبزورلار توپلىمى. يالغۇز ئاپتور ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى تۇنجى مېۋىدۇر. ئاپتور بۇ توپلىمىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي تەسىرچانلىق كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇش مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالدى بىلەن «ياخشىراق يېزىش، يازغاندىمۇ قىسقىراق يېزىش» تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئا. پ. چىخوۋنىڭ ئىجادىي ئەمەلىيىتىدىن مىسال كەلتۈرگەن. ئاپتور توپلامدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەرگەن. يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولغان پېشقەدەم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىيات سېپىمىزگە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن كىرىپ كەلگەن ئابلىمىت مەسئۇدى، ئەرشىدىن تاتلىق، قەييۇم تۇردى، ئەخەت تۇردى، زوردۇن سابىر… قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى تۆھپىلىرى قىزغىنلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا مالىك كېۋىر، مەمتىمىن ھوشۇر، قاھار جېلىل، ئەخەت ھاشىم، ماخمۇت مۇھەممەت… قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭمۇ پروزىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان بەلگىلىك تۆھپىلىرى تىلغا ئېلىنغان ھەم ئۇلارنىڭ ئىجادىي روھىغا ئىلھام بېرىلگەن.

ئاپتور پروزا ئەدەبىياتى ئۆستىدە توختىلىشى بىلەنلا چەكلەن-
مەستىن، «سەنئەتنىڭ ئالىي تۆرى» بولغان پوئىزىيىمىزنىڭ
يىقىندىن بۇيانقى ئەھۋالى ئۈستىدىمۇ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ،
پېشقەدەم شائىر ئەلقەم ئەختەم ۋە تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكې-
رىم خوجا، مۇھەممەت سادىق، ئوسمانجان ساۋۇت، تۇرسۇنئاي
ھۆسەيىن... قاتارلىق شائىرلىرىمىزنىڭ مول مەزمۇنغا ئىگە ئىجا-
دىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش-
تىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» — ئوبزورچى مۇھەممەت پولات-
نىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق
دادىل قەدىمىنىڭ مەھسۇلى. ئاپتور بۇ توپلامدا رېئالىزمنى ئۆزد-
گە ئىجادىيەت مېتودى قىلغان ئاساستا شەكىللەنگەن ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر پروزا ئەدەبىياتى ئۈستىدە توختىلىپ، كەڭ ۋە
ئىلمىي مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بارغان. ئوبزورچى ئۇيغۇر ھازىر-
قى زامان رېئالىستىك پروزىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئومۇملىقتىن
كونكرېتلىققا قاراپ تەھلىل ئېلىپ بارغان.

شۇندىن كېيىن، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە زور ئىلگىرد-
لەشلەر بولدى. يازغۇچى — شائىرلىرىمىزمۇ قولىغا قەلەم ئې-
لىپ بۇ ساھەگە ئاۋاز قوشتى. بۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ
تار دائىرىدىن كەڭلىككە، ئازلىقتىن كۆپلۈككە، بىر قەدەر مۇ-
كەممەل تەشكىللىك ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى
بىر قەدەر كلاسسىك خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلىك رول ئوينىغان مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە
ئۆلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى ئۈستىدە خېلى مۇكەممەل ئىل-
مىي تەھلىل ۋە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلىپ، كىتابخانلارنى
كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەنمۇ تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

«ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزىلەر» — ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن، 20 نەچچە يىللىق ئىلمىي ئەمگەك تەجرىبىسىگە ئىگە ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ئوبزورلار توپلىمىدۇر. توپلامدا ئاپتور ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئەدەبىياتىمىزدىكى تىل، چىنلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. توپلامدا ئاساسىي نۇقتا قىلىپ مۇلاھىزە قىلىنغىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى پوئېزىيە بولۇپ، پوئېزىيىمىزنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى ئۈستىدە توختالغان. توپلامدا يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەسىلە «ئەدەبىي مىراسلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش» مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش» — ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى تەجرىبىسىگە ئىگە يولداش ئابلەت ئۆمەرنىڭ 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئوبزورلار توپلىمىدۇر.

توپلامنىڭ ماۋزۇسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى «ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش» مەڭگۈ بىر ـ بىرىگە تەڭلىشەلمەيدىغان، «ۋە» ئارقىلىق ئايرىلىپ ھەم بىرىكىپ تۇرىدىغان، ئۆزئارا دىئالېكتىك مۇناسىۋەتتىكى ئىككى خىل كاتېگورىيە. بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش، ئەدەبىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەكلىكى، ناتۇرالىستىك ھالدا تۇرمۇشتا نېمە بولسا شۇنى ئۆز پېتىچە ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكمۇ؟ ياكى تىپ ۋە تىپىكلەشتۈرۈش ئاساسىدا يۈكسەك بەدىئىي چىنلىقتا كۆتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكمۇ؟ — مانا بۇلار ئاپتورنىڭ ئۆز مۇلاھىزىلىرىدە شەرھلىمەكچى ۋە ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغان تۈپ مەقسىتىدۇر.

ئابلەت ئۆمەرنىڭ «ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش» ناملىق ئوبزورلار توپلىمىنىڭ يۇقىرىقى توپلاملاردىن پەرقلىنىدىغان تەرىپى شۇكى، بۇ توپلامدا مۇلاھىزە كونكرېت ئەسەرلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىل-

ھاي، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان
ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان چىنلىق، ئوبرازچانلىق،
تىپ يارىتىش ۋە تىپىكلەشتۈرۈشكە ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەر
نەزەرىيىۋى ئاساستا شەرھلەنگەن. بۇنداق شەرھلەشنىڭ ئۈنۈم-
لۈك يېرى شۇكى، ئۇ كىتابخانىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە
يېزىقچىلىق بىلىمى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ كېڭىيىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆز ئېڭىدا شۇ نەزەرىيىلەر بويىچە ئەركىن
تەپەككۇر قىلىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

«ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش» نەشردىن چىقىپ بىر ئاي ئۆتكەن-
دىن كېيىن، بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ «‹ئەدەبىيات ۋە
تۇرمۇش› تىكى نۇرغۇن نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر مېنى ئەدەبىي
ئىجادىيەت ھەققىدە ناھايىتى چوڭقۇر ئويلارغا سالدى. بۇرۇن
ئوقۇغان ھېكايە، رومانلارنى ئەمدى يەنە قايتىدىن ئوقۇپ چىقىش
نىيىتىگە كېلىۋاتىمەن» دېگەن سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.
بۇ سۆز نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە بىر تەرەپتىن، ئاپ-
تورغا ئوقۇلغان يوشۇرۇن مەدھىيە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن،
ئۇيغۇر ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئى-
جادىيەت ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەققىدىكى سەۋىيىسىنىڭ يۇ-
قىرى كۆتۈرۈلۈشىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان-
لىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بەزى
تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالغان تەرەپلەرنى يەڭگىللىك
بىلەن «ساختا توقۇلما»، «ئاساسسىز» دەپ ئىنكار قىلغاندىن
كۆرە، ئۇنى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، تۇرمۇش چىنلىقى
بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتىدىن سىستېمىلىق ھالدا
يورۇتۇپ بېرىش بىزچە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. بۇنداق ئۇسۇلنىڭ بىر
تەرەپتىن، كىتابخانىنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان نەزەرىيىۋى كۆز
قارىشىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ياردىمى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن
قايىل قىلارلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئوبزورچىلىرىمىز بىرەر پارچە

ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارغاندا نەزەرىيىۋى چۈشەنچە، ئۇقۇملار بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا شەرھلىشى كېرەك.

«ئۈمىد» — ئوبزورچى قاۋسىلقان قامىجاننىڭ 1985 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى. بۇ توپلامدا ھازىرقى زامان پروزىمىز ۋە پوئېزىيىمىزدىكى يېڭىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلار مۇئەييەن-لەشتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ توپلامدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەدەبىي ئە-سەردىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى يېزىش بىلەن بىرگە، بۇ زىد-دىيەتلەرنىڭ تەبىئىي يوسۇندا ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا يېشىلىش مەسىلىسى بىزنىڭچە ناھايىتى ئورۇنلۇق پىكىر. مەلۇمكى، ئىج-تىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان زىددىيەتلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ زىددىيەت، مەسىلىلەرنى ئەدەبىي ئەسەردە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەپچىل چارىسىنى كۆرسىتىپ، خەلق-مىزنى ئالغا يېتەكلەش خۇددى ئاپتور ئېيتقاندەك نۆۋەتتە ئەدەبى-يات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم تەلەپلەر-نىڭ بىرىدۇر. ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ۋە زىددىيەتلەر ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىش ۋە راۋاجلىنىشى كېرەك. پېرسوناژلارنىڭ ھەرخىل خاراكتېرلىرىمۇ ئەنە شۇ ۋەقەلىكلەر، ئۆتكۈر زىددىيەتلەر تەرەققىياتى جەريانىدا ئىپادىلىنىپ تەبىئىي يوسۇندا ئېچىلىشى كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا ماركس، ئېنگېلسلار-مۇ لاسساللىنىڭ ئىدېئالىستىك تراگېدىيە كۆز قارىشى بويىچە يې-زىپ چىققان «فىرانزو. ۋون. زىجىنگىز» ناملىق دراممىسىنى با-ھالىغاندا «پېرسوناژلارنىڭ سىنىپىي خاھىشى ۋە دەۋر ئالاھىدى-لىكى ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك» دې-گەن تەلەپنى قويغانىدى.

«ئوبراز، ئۇسلۇب ۋە خاراكتېر» — ئوبزورچى مۇھەممەت

ژۇنىنىڭ 1986 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان توپلامدۇر. بۇ توپلامدا قانداق قىلغاندا ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى مەسىلىسىنى مەركەز قىلىپ ئەتراپلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. ئاپتور مۇلاھىزىلىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇھىم مەركىزىي مەسىلە بولغان ئوبراز، ئۇسلۇب ۋە خاراكتېر يارىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە ئىلمىي ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە بولغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئوبراز يارىتىش مەسىلىسى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ئۈستىدە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈشنىڭ يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە مۇھىم بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يۇقىرىقى توپلاملاردىن باشقا 90 - يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن نەشر قىلىنغان ئوبزورچى ھېزىم قاسىمنىڭ «دەرۋازا ئالدىدىكى خىياللار» توپلىمى، ياش ئوبزورچى كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ «يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى، ئابدۇۋەلى كېرىمنىڭ «تۇرمۇش ۋە ئىلھام» ناملىق ئوبزورلار توپلاملىرى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەمىزدە بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئوبزورچى ھېزىم قاسىمنىڭ «دەرۋازا ئالدىدىكى خىياللار» ناملىق توپلىمىدا ئاساسلىقى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە كەڭ مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئىلغار تەرەپلەر،

توغرا پرىنسىپلار يەكۈنلەنگەن. بەزى يېتەرسىز تەرەپلەر دەل، ئېنىق كۆرسىتىلىپ بېرىلگەن. ئاخبارات يېزىقچىلىقى بىزدە يېڭى شەكىل بولغاچقا، بۇ ھەقتىكى پىكىر مۇلاھىزىلەر تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

ياش ئوبزورچى كېرىمجان ئابدۇرېھىم ئۆزىنىڭ «يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى» ناملىق توپلىمىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر يېڭى مۇلاھىزىلەرنى، يېڭى پىكىرلىرىنى، يېڭىچە تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ توپلام ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى يېڭى تەرەققىياتقا باشلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇۋەلى كېرىمنىڭ «تۇرمۇش ۋە ئىلھام» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى ئاساسلىقى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئىزدىنىشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان توپلام. توپلامنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە ئوينايدىغان رولى ھەقىقەتەن چوڭ.

ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئازاد سۇلتاننىڭ «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە» ناملىق چوڭ ھەجىملىك تەتقىقات كىتابى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى بىر مۇھىم نامايەندە ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب ھەم يازغۇچىلارنىڭ كونكرېت ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش ھەم بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى خۇلاسىلەش جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە كىتابتۇر.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز يەنىلا بىر ئاجىز ھالقا. ئەدەبىياتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم.

# «يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمى» نىڭ راۋاج تاپالماسلىقىدىكى سەۋەب

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ فرانسىيە ۋە ئامې-
رىكا ئەدەبىياتىنى مەركەز قىلغان غەرب ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە
ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا تۈرلۈك نەزەرىيە-
ۋى قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، كەڭ تۈردە مۇھاكىمە قىلىنىشقا
باشلىدى. «يېڭى تەنقىدچىلىك» مۇشۇنداق مۇھاكىمىلەرگە ئە-
گىشىپ مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئېقىم.

بۇ خىل تەنقىدچىلىك، ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئەدەبىي
تەنقىد، ئاپتور ۋە كىتابخان بىلەن مۇناسىۋەتسىز، شۇڭا ئەدەبى-
يات تەتقىقاتىدا دىققەتنى ئەسەرنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىش كېرەك،
ئەدەبىي ئەسەرنى رېئال ھالەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ ئول-
تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەدەبىي ئەسەر مۇستەقىل مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدىغان يېزىق قۇرۇلمىسى، دەپ قارايدۇ. يېڭى تەنقىد-
چىلىك ئېقىمى مانا مۇشۇنداق قاراشلارنى ئاساس قىلىپ كىتابخا-
نىڭ زوقلىنىش، قوبۇل قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەدەبىي ئە-
سەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە رولىنى پۈتۈن-
لەي ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشتىكى بىردىنبىر شەكلى ئۇنىڭ يېزىق بىلەن پۈتكەن قۇ-
رۇلمىسىدىنلا ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كى-
تابخاننىڭ تەسىرلىنىشى، ئىنكاسى بىلەن ئەسەردىكى مەنە
ئايرىم - ئايرىم نەرسە. مەنە ئوبيېكتىپ بولۇپ، ئۇ تېكىستى
تىلى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇ خىل
تەنقىدچىلىك ئەدەبىي ئەسەرنى باھالىغاندا ئۇنىڭ تىلى، ئىجتىما-

ئىي ئەھمىيىتى، تارىخ، ئەنئەنە قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرماي، ئومۇمەن ئەسەرنىڭ شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئامىللار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمى تېكىستنىڭ رولىنى تەكىتلىگەن بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس، ھەم ئۇنداقمۇ قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇلاھىزە شەكلى شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش، ئانالىز قىلىش بولۇپ، مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق كىتابخانىنىڭ ئەسەر تىلى ۋە شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنى چۈشىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. باشقا خىلدىكى تەنقىدچىلىك ئېقىمىدىكىلەر ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ «بارلىق يېڭى تەنقىدچىلىك نەزەرىيىچىلىرى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ئۈچۈن ئەپچىل بولغان بىر خىل چۈشەندۈرۈش ماھارىتىنى تۇرغۇزۇۋالىدۇ» دەپ باھا بېرىشكەن. بۇ ھۆكۈم بىزگە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى شەكىل جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى دەل جايىدا دەلىللەپ بېرىدۇ.

يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىنىگە قارىماي، 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ تەسىرى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ «مۇستەقىل مەۋجۇتلۇقى» نىلا تەكىتلەپ، ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە سەل قارايدىغان قاراشلىرى نەزەرىيە ساھەسىدە ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراشقا باشلىدى. تەنقىدچىلىك ساھەسىدە بىر قەپەس مۇنازىرە كۆتۈرۈلۈپ، مەخسۇس يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمىنىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ۋە بۇ يېتەرسىزلىكلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان پاسسىپ ھالەتلەر كەسكىن مۇھاكىمە قىلىنىدى. بۇ

مۇھاكىمىگە ھەتتا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ قاتناشتى.
يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمىنىڭ پەيدىنپەي ئاجىزلىشىپ كې-
تىشىگە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلىنىلا چىقىش قىلىۋېلىشتەك قا-
رىشى ئاساسلىق سەۋەب بولدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى شۇ دەۋر-
لەردە تازا ئەۋج ئېلىۋاتقان لىرىك شېئىرىيەتنى چۈشەندۈرۈشتە
ئىنتايىن چوڭ چەكلىمىلىككە ئۇچرىدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە
ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شەخس ئېلىئوت (1888 — 1965)
ۋەكىللىكىدىكى سىمۋولىستىك شېئىرىيەت ئېقىمى تەرەپدارلىرى
ئالدى بىلەن بۇ تەنقىدچىلىك ئۇسۇلىدىن نارازى بولدى. ئۇلار
ئەدەبىياتنى ئۇ ئۆزى مەيدانغا كەلگەن كەڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي
ئارقا كۆرۈنۈشتىن ئايرىپ قاراش تەشەببۇسىغا بەكرەك قارشى
تۇردى. ئەدەبىياتنى ئۇنىڭ ئىجاد قىلىنىش، قوبۇل قىلىنىش
جەريانلىرى بىلەن قوشۇپ تەتقىق ـ تەھلىل قىلىشنى تەشەببۇس
قىلىدىغان يولغا يېتەكلىدى.
ئەمما، يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمى بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات
سەھنىسىدىن بىراقلا يوقىلىپ كەتكىنى يوق. ئۇ ئۆز دەۋرىدە
كىشىلەر قوبۇل قىلالايدىغان كۆپلىگەن ئىلغار قاراشلارنى ئوتتۇ-
رىغا قويغان. مەسىلەن، بۇ ئېقىمنىڭ ساپ ئەسەر پوزىتسىيىسى
يازغۇچىلارنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، شەكىل جەھەتتە يېڭى-
لىق يارىتىشىغا ھەيدەكچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئېقىم
بۈگۈنكى كۈندە گەرچە يېتەكچى ئورنىنى يوقاتقان بولسىمۇ،
غەرب ئەللىرى ئەدەبىياتىدا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ.
بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزگە نەزەر سالىدى-
غان بولساق، نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئەدەبىي ئەسەرنى پەقەت
جەمئىيەت، تاشقى رېئاللىق بىلەنلا باغلاپ تەھلىل قىلىشنى ئۆل-
چەم قىلغان تەنقىدچىلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلدۇق. ھەتتا
بۇ ئۇسۇل بۈگۈنكى تەنقىدچىلىكىمىزگىمۇ ئاساس بولىۋاتىدۇ.
ئەلۋەتتە بۇنداق قاراشنى چەتكە قاققىلى بولمىسىمۇ، يېڭى ئەدە-

بىي شەكىلنىڭ رولى، قىممىتى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىش لازىم. ئەدەبىياتتا نېمىنى ئىپادىلىگەنلىكىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە قانداق ئىپادىلىگەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلىش زۆرۈر.

دېمەك، يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمىنىڭ راۋاج تاپالماسلىقىدىكى سەۋەب، ئاساسلىقى ئۇنىڭ بىرلا خىل ئۆلچەمنى چىقىش قىلىۋېلىشتەك تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىدا بولدى.

# بايرام، مۇراسىملار بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە بولغان تونۇشى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش، ئەمگەك ھارغىنلىقىنى يېڭىپ، ھايات شادلىقىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن، تۇرلۇك بەزمە ـ مەشرەپ، مۇراسىم قاتارلىق فولكلور پائالىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۇرگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۇرىدىغان مۇراسىم، مەشرەپلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار.

بايرام، مۇراسىملار بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق.

بىرىنچى. بايرام، مۇراسىملار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىپ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇقەددەس بۆشۈكتۇر. ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى كىم، قاچان، قەيەردە ئىجاد قىلغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ پائالىيەتلىرى بولغان مەشرەپ، مۇراسىملاردا ئىجاد قىلىنىدۇ. ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش ئارقىلىق مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن تولۇقلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ، ئاخىرىدا كوللېكتىپ ئىجادىيىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. خەلق ئاممىسى مەيلى نورۇز بايرىمى، قارلىق ئويۇنى ياكى سەيلە ئويۇنلىرى ۋە مەشرەپ پائالىيەتلىرىدە بولسۇن شۇ خىل پائالىيەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ ناخشا، قوشاق ئىجاد قىلىدۇ، تېپىشماقلارنى ئېيتىدۇ. ھېكايە، قىسسىلەرنى سۆزلەيدۇ. ھەر

بىر كىشى ئۆز قابىلىيىتى، ئۆز قىزىقىشىغا ئاساسەن ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرىنى يارىتىدۇ. مەسىلەن، «نورۇز» بايرىمىدا كىشىلەر يۇرت، مەھەللە بويىچە بىرەر ئورۇنغا يىغىلىپ، ئويۇن - تاماشا قىلىشىدۇ. نەزمە - بېيىت، ناخشا - قوشاق ئېيتىپ، نەغمە - ناۋا قىلىپ ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ماھارەت كۆرسىتىپ، بايرام خۇشاللىقىنى نامايان قىلىشىدۇ. بۇ بايرامدا كىشىلەر قىش - زىمىستاننى قوغلاش، يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش، يېڭى يىلنىڭ يېڭىچە خۇشاللىق ئەكىلىشىنى تىلەش، يېشىللىققا پۈركەنگەن تەبىئەتنى كۈيلەش، كىشىلەرنى ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندەش، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇشقا ئۈندەش، ئادىل، باراۋەر بولۇشنى كۆزلەش قاتارلىق ئىلغار ئىدىيەلەرنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلارنى ئىجاد قىلىشىدۇ. ئالايلى:

نورۇز كەلدى جاھانغا،
جاھان بولدى ئەرزانلىق.
ياغدىلەر ئابى نىسان،
بۇغدايلار بولۇر دانلىق.
ئاچ، ئورۇق ھەم كەمبەغەل،
بارچىسى بولۇر جانلىق.
نانغا تويۇپ ھەر گاداي،
ئۆيىدە قىلار خانلىق.
توخۇلار تۇخۇم بېسىپ،
چۈجىلەر كۆپتۇر بۈگۈن.
يېشىلەر كۆڭۈللەردىن،
ھەر قاچان قايغۇ - تۈگۈن...

قارلىق ئويۇنى بولسا تۇنجى قار ياغقاندا كىشىلەر خۇشاللى-

قىنىڭ ئىنكاسى سۇپىتىدە تاكى بۇگۇنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلى-
ۋاتقان مۇراسىملىرىمىزنىڭ بىرى. ئەگەر قارلىق تاشلانغۇچى
قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋالالمىسا، ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە بەز-
مە ياكى مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. «قارلىق خېتى» دىكى
بېيىت مۇنداق باشلىنىدۇ:

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
يامغۇردا ياغلىق.
تاپالىساڭ گۇل كەلتۇر،
تاپالمىساڭ بىر باش پىياز...

مەشرەپ — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى. مەشرەپ
كۆرۈنۈشتە ئۇيغۇر خەلق تۇرمۇشىدىكى ئىشتىن سىرتقى كۆڭۈل
ئېچىش پائالىيەتلىرىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىدىغان، تەرەققىي قىلـ-
دۇرىدىغان بىر ئالىي بىلىم يۇرتىدۇر. مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ
تۇرلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئەمما ھەممىسىدىلا ناخشا - قوشاق-
سىز كۆرۈنۈشنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. مەيلى «چاي تۇتۇش
ئويۇنى»، «پوتا ئويۇنى» ياكى باشقا ئويۇنلاردا بولسۇن، مەشرەپ
ئەھلى كۆپچىلىككە ناخشا - قوشاق ئېيتىپ بېرىش شەكلى بىلەن
ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ.

«چاي تۇتۇش ئويۇنى» دا چاي تۇتقۇچى چاينى بېيىت بىلەن
بىللە تۇتىدۇ، چاينى ئالغۇچىمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن بېيىت بىلەن
چاينى قايتۇرىدۇ. ئەمما، چاي تۇتۇش جەريانىدا ئېيتىلىدىغان
بېيىتلار مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىگە ماس كېلىشى شەرت
قىلىنىدۇ.

يىگىت:

خېنىم، خېنىم، جانان خېنىم،
بىيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ خېنىم.
ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ خېنىم،
ئاشىقمەن خۇما خېنىم.
قىز:
يىگىت، يىگىت، جانان يىگىت،
بىيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ يىگىت.
خەلقىئالەم گۇۋاھ يىگىت،
مەنمۇ كۆيەي خۇما يىگىت.

«چىنىگۈل ئويۇنى» دا ئۆينى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى قولىغا گۈللۈك سىركاينى ئېلىپ، ئۈچ قېتىم «چىنىگۈل» دەپ توۋلايدۇ. يېنىدا ئولتۇرغان ئادەم دەرھال بىر گۈلنىڭ نامىنى ئاتاپ جاۋاب بېرىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە كىمدە - كىم توختاپ قالسا ياكى ئېيتىپ بولغان گۈلنىڭ نامىنى قايتا تەكرارلىسا شۇ كىشى يېڭىلگەن بولىدۇ - دە، بىر نومۇر ئورۇنلاپ بېرىدۇ.

«پوتا ئويۇنى» دا مۇنداق: مەشرەپتە ئۇسۇللۇق ناخشا باشلانغان چاغدا بىرەيلەن پوتىنى چىرايلىق گۈل قىلىپ چىگىپ، خالىغان بىرسىگە تازىم بىلەن سۇنىدۇ. پوتىنى ئالغۇچى پوتا تۇتقۇچىغا تازىم بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ، ئۇسۇلغا چۈشىدۇ. ناخشا، بىيىت بىلەن يەنە بىرەيلەنگە سۇنىدۇ. ئويۇن مانا مۇشۇنداق داۋام ئېتىدۇ. نۆۋەتتە شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نىڭ سىستېمىلىشىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. مەشرەپلەرنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل پائالىيەت بولۇپ قېلىشىدا، ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ كەلدى. رايونىمىزدا مەش-

-رەپ ئوينىمايدىغان شەھەر، يېزا (بازار) يوق بولسا كېرەك. خەلق ئاممىسى بېيىت، قوشاق، يۇمۇر، لەتىپە، چاقچاق، قىسسە، ھېكايىلەرنى ئاشۇ مەشرەپ سورۇنلىرىدا بىر ئېغىز، بىر ئېغىزدىن ئىجاد قىلىپ، يەنە شۇ مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىپ كەلدى، مەشرەپلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى، مەشرەپلەرگە بىر خىل قويۇق ئەدەبىيات سالونى تۈسىنى بەردى. خەلق ئارىسىدىكى مەدداھلار، ئەل نەغمىچىلەر، قوشاقچى، بېيىتچىلار مەشرەپلەرنى مەركەز قىلىپ، ئىجادىيەت ئېلىپ باردى. ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن مۇراسىملىرىمۇ ئەلۋەتتە ناخشا - قوشاقسىز ئۆتمەيدۇ. بۇ مۇراسىملاردا شۇ خىل مۇراسىملارغا خاس بولغان بىر يۈرۈش ناخشا - قوشاقلاردا توي - تۆكۈنلىرىمىزنىڭ تەرتىپلىرى، قائىدىلىرى، مىللىي تۇرمۇش ئەنئەنىلىرىمىز ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. «ھاي، ھاي يۆلەن»، «قىز كۆچۈرۈش قوشىقى»، «چۈنچۈن سالاۋات» قوشىقى قاتارلىقلار پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ماتەم - ھازا مۇراسىملىرىمۇ ناخشا - قوشاقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەلگەن بولىدۇ. ھازىدارلار ئۆلگۈچىگە بولغان ھۆرمەت، مۇھەببەت ۋە قايغۇ - ھېسسىياتلىرىنى بىلدۈرۈپ ناخشا - قوشاق توقۇپ يىغلايدۇ. بۇ خىل ھازا قوشاقلىرى نەق مەيداندا، ئىش ئۈستىدە ھېچقانداق تەييارلىقسىز تەبئىي ئىجاد قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى. بايرام، مۇراسىملار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ساقلاپ قالغۇچى مەدەنىيەت ئىسكىلاتىدۇر. كىشىلەر بايرام، مۇراسىملار ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئەۋلادلىرىغا ئەدەب - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن، تەرتىپ - ئىنتىزام، ئۆزئارا ياردەم، مېھرىبانلىق، كەمبەغەللەرگە، يېتىم - يېسىرلارغا خالىسانە ياردەم بېرىشنى ئۆگىنىشتەك مۇددىئاسىنى ناخشا - قوشاقلارغا سىڭدۈرۈپ ئېلىپ بارىدۇ، تەشۋىق قىلىدۇ. مۇشۇنداق مۇناسى-

ۋەت بۇ ئىككى تەرەپنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان. خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى بولسا بايرام، مۇراسىملارنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇ-
رۇپ، جەلپ قىلىش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، مەزمۇنىنى
تېخىمۇ بېيىتىدۇ، قىزىقارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئەگەر تۇرمۇشى-
مىزدا بايرام، مۇراسىملار بولمىغان بولسا، بىزنىڭ كۆپلىگەن
ناخشا، قوشاقلىرىمىز يوقۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. ئىلى مەشرىپى،
قۇمۇل مەشرىپى، قەشقەر سەنىمى، دولان مەشرىپى قاتارلىق
چوڭ - چوڭ خەلق مەشرەپلىرى ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى
ساقلاپ قېلىشتا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى. بىز خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ساقلىنىش ئامىلىرىنى ياخشى قوغدايدىغان بول-
ساق، تېخىمۇ كۆپ ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى قېزىپ چىقا-
لايمىز.

ئۈچىنچى. بايرام، مۇراسىملار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى
كۆرەك قىلىدىغان سەھنە، ئۇنى تارقىتىدىغان، ئومۇملاشتۇرىدى-
غان مەكتەپتۇر. شۇنداقلا، ئۇنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى-
دىكى تەبىئىي شەكلى، كۆرگەزمە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كۆرەكتە
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ناخشا - قوشاق، ئەپسانە،
رىۋايەت، چۆچەك، ئېيپوس، داستان، ماقال - تەمسىل، تېپىش-
ماق، چاقچاق قاتارلىق تۈرلىرى كەڭ جارى قىلدۇرۇلۇپلا قال-
ماستىن، يەنە لەتىپىلەر، مەدداھلىق، سۆز ئويۇنى تۈرلىرىمۇ
تەنتەنە قىلىنىدۇ. بايرام، مۇراسىملاردا ناخشا - ئۇسۇللاردىن
تاشقىرى يەنە شۇ مۇراسىملارغا كىرىشتۇرۇلىدىغان خىلمۇخىل
ئويۇنلار بولىدۇ. دېمەك، كىشىلەر بايرام، مۇراسىملاردىن خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن بە-
ھىر ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا،
بايرام، مۇراسىملار ئېغىز ئەدەبىيات ژانىرلىرىنى تارقىتىدۇ ۋە
ئومۇملاشتۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىنىڭ
ئاپتورسىزلىق خۇسۇسىيىتىمۇ ئۇنىڭ بايرام، مۇراسىملاردا كى-

شىلەرنىڭ قەلبىگە تېزلا سىڭىپ، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيە-
تىدەك بولۇپ كېتەلىشىدىكى بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، بايرام، مۇراسىملار بىلەن ئۇيغۇر
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق. خەلق
بايراملىرى، مۇراسىملىرى ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى، جەلپ قىلىش
كۈچىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرى ئارقىلىق ئاشۇرىدۇ.
ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرى ئارىلاشمىغان بايرام، مۇراسىملارنى
تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى مۇستەقىل
پەن سۈپىتىدە مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەرەققىياتى،
تارقىلىشى ۋە ئىجاد قىلىنىشى خەلقنىڭ بايرام - مۇراسىملىرى-
دىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ. بەزىدە شۇ خىل بايرام، مۇراسىملار
شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى بىر مىللەت فولكلورىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# شېئىردىكى مۇھىت تەسۋىرى

بىز ئادەتتە مۇھىت تەسۋىرى دېگەندە، شېئىردا تەسۋىرلىنىد-
ۋاتقان شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان ماكان (مۇ-
ھىت) نى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. دەرۋەقە، شېئىر مۇشۇ
كونكرېت ماكان، زامان ئىچىدىكى رېئال شەيئى — ھادىسىلەرنى
جانلىق، كونكرېت، ئىخچام تەسۋىرلەيدۇ. بىراق، شېئىردىكى
مۇھىت تەسۋىرى دېگەن ئۇقۇمنى پەقەت بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەپ
قويۇشقا بولمايدۇ.

رېئال تۇرمۇش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشكە قادىر شائىر ئالا-
ھىدە ئەھۋال ئاستىدا رېئال مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ،
سۇبيېكتنى ئەركىن ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيمۇ قا-
لىدۇ، بۇ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا دائىم دۇچ كېلىدىغان
ئەھۋال. شائىر مانا شۇ چاغدا رېئال مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىدىن
قۇتۇلۇپ، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ بىر خىل يېڭى مۇھىت يارىتىدۇ.
بۇ خىل مۇھىت شېئىرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، شې-
ئىردىكى ئېستېتىك بوشلۇقنى كېڭەيتىدۇ. دېمەك، بۇ خىل
مۇھىت شائىر تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق يارىتىلغانلىقتىن ئۇنى خىيا-
لىي مۇھىت، دەپ ئاتاش مۇمكىن.

خىيالىي مۇھىت تەسۋىرى رېئال مۇھىت تەسۋىرىگە قارىغان-
دا، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ خىل ئالاھىدىلىك
ماكان، زاماننىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلماي، ماكان، زامان-
دىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تۇرمۇش مەنتىقىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن
ئازاد بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، شائىر مەلۇم بىر شە-
ھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشتە رېئال مۇھىت تەس-

ۋىرىنى قوللىنىپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتارلىشىپ يېتىپ تۇرغۇن چىراغلار ۋە ئېگىز بىنالاردىن پارلاۋاتقان ئېلېكتر نۇرلىرى بىلەن خۇددى كۆندۈزدەك يورۇپ كەتكەنلىكىنى كونكرېت تەسۋىرلەپلا قويسا، ئۇ كىتابخانلارغا ئانچە زوق بېغىشلىمايدۇ. شۇڭا، شائىر مول تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ خىيالىي مۇھىت يارىتىپ، شەھەرنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان كېچىلىك مەنزىرىسىنى:

«قۇياش چۈشۈپ سىپىپتۇ،
نۇرلىرىنى پارچىلاپ.
ئايمۇ كېلىپ قوشۇلغان،
كوچىلارنى قۇچاقلاپ»

دەپ تەسۋىرلىسە، تەبىئىيكى كىتابخان تەسەۋۋۇرى ئۇچقۇن بوشلۇق قالدۇرۇلغان بولىدۇ ـ دە، كىتابخان تەسەۋۋۇر ياردىمىدە خۇددى يىراقتىن تاماشا قىلىۋاتقاندەك زوق ئالىدۇ.

رېئال مۇھىت تەسۋىرى بىلەن خىيالىي مۇھىت تەسۋىرى شېئىرىيەتتىكى مۇھىت تەسۋىرىنىڭ ئايرىلماس ئىككى تەرىپى. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ھەم مۇستەقىل ھەم گىرەلەشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىپ، شېئىرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ كىتابخاننىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاش رولى ئوخشاش بولمايدۇ. رېئال مۇھىت تەسۋىرى كىتابخاننىڭ دىققىتىنى كۆپرەك كونكرېت ماكان، زامان ئىچىدىكى رېئال شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتىپ، تۇرمۇش گۈزەللىكى ۋە تۇرمۇش چىنلىقىدىن ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. خىيالىي مۇھىت تەسۋىرى بولسا كىتابخاننىڭ دىققىتىنى كۆپرەك ماكان، زاماندىن ھالقىغان ئاجايىپ رەڭدار فانتازىيىلىك مەنزىرىلەرگە قارىتىپ، كىتابخاننىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا شېئىر گۈزەللىكىدىن

ھۆزۈرلاندۇرىدۇ. مەسىلەن، شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ تۆ-
ۋەندىكى شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

تۇرىمەن ئېگىز چوققىدا،
ئاسماندا قولۇم.
سوزسام
يېتىدۇ يۇلتۇزغا،
ئايغا،
ئالتۇن قۇياشقا.
ئالدىمدا ھەسەن ـ ھۈسەن،
ئالدىمدا كىندىك قانلىرىم
تۆكۈلگەن تۇپراق؛
مەن ئۆسكەن ۋادا
مەن ئۆسكەن جەننەت!

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، شېئىردا تولۇق خىيالىي مۇھىت يارىتىل-
غان. شائىرنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىغا
بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى پەقەت شائىر تەسەۋۋۇرى بىلەن يارى-
تىلغان خىيالىي مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىقلا ئەڭ جانلىق، ئەڭ
كۈچلۈك، ئەڭ روشەن ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ قولى ئاسمان
گۈمبىزىگە تۇتاشقان، ئايىنى، يۇلتۇزنى، قۇياشنى يۇلۇپ ئالالاي-
دۇ. ئۇنداقتا شائىر نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بۇ خىل يۇكسەك
ئورنىدىن مەغرۇرلىنىپ، قاقاقلاپ كۈلمەيدۇ؟ چۈنكى، شائىر
ئۈچۈن بۇ ئېگىزلىك پەقەت جىسمىنىڭ ئېگىزلىكىدىنلا ئىبارەت.
ئۇنىڭ روھىي قونالغۇسى يەنىلا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئاشۇ
تۇپراق، ئاشۇ ۋادا. شائىر ئۈچۈن بۇ ۋادا ئالدىدا مەغرۇر گىدى-
يىش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. مۇھەببەت، ساداقەت بىلەن ياشاش
بولسا مەڭگۈلۈكتۇر. دېمەك، شېئىردا يارىتىلغان يۇقىرىقىدەك

خىيالىي مۇھىت تەسۋىرى شائىر قەلبىدىكى ئەنە شۇنداق مۇھەببەت، ھېسسىياتلارنى ھەر بىر پەللىلەرگىچە تولۇق، مۇستەقىل ئىپادىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، شېئىرىيەتتە خىيالىي مۇھىت يارىتىشنىڭ ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش قانداقتۇر «شېئىرىيەتنى غايىۋىلەشتۇرۇشكە ئاغقانلىق» دېيىلسە توغرا بولمايدۇ. شېئىردا يارىتىلىۋاتقان خىيالىي مۇھىت تەسۋىرى قانداقتۇر رېئاللىقتا زادىلا مەۋجۇت بولمايدىغان ياكى بولمىسا رېئاللىق بىلەن زادىلا سىغىشالمايدىغان ساپ فانتازىيىلىك سەزگۈ ياكى تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئۇ شائىرنىڭ رېئال شەيئى، ھادىسە ھەققىدىكى ھاياجانلىق تەسىرلىنىشىنىڭ توغرىدىن - توغرا بولمىغان، ماكان، زامان تەسىرىدىن خالىي ھالدىكى گۈزەل ئېستېتىك يۈكسەكلىكىدىكى ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا ھاياجان، تەسىرلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئابستراكت ھالقا يەنىلا ئۇنى مۇھىت بىلەن باغلاپ تۇرغانلىق بولىدۇ.

شېئىرىيەتتە ئېستېتىك بوشلۇقنىڭ كەڭ - تار بولۇشى شېئىرنىڭ بەدىئىي ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەسىلە. شېئىرىيەتتە ئېستېتىك بوشلۇق يارىتىش ۋە بۇ بوشلۇق ئارقىلىق كىتابخانلارنى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئېستېتىك خۇشاللىق بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ھەممىلا شائىرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. پەقەت كۈچلۈك ئېستېتىك ئىزدىنىش روھىغا ئىگە شائىرلا بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. شېئىردا يارىتىلغان خىيالىي مۇھىت شائىرنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىشىنىڭ كونكرېت ئىجادىيەتتىكى بىر مۇھىم ئىپادىسىدىن ئىبارەت بولغاچقا، شائىرنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىشىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، خىيالىي مۇھىتنىڭ تەسىرچانلىقى ھەم جەڭگىۋارلىقى شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ. ئېستېتىك ئىزدىنىش ئۈستىگە قويۇلمىغان خىيالىي مۇھىت تەسۋىرى ھامان قۇرۇق،

چۇشىنىكسىز، غەلىتە بولۇپ قالىدۇ، «گۇڭگا» شېئىرلارنىڭ كۆپىنى كىتابخانلار سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا مەيلى «قۇياشنى قۇچاقلىدىم» دېيىلسۇن ياكى «كۆككە يىقىلدىم» دېيىلسۇن، يەنىلا رېئال مۇھىت بىلەن باغلانغان ئېستېتىك ئىزدىنىش روھى چاقناپ تۇرىدۇ.

ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا خىيالىي مۇھىت يارىتىشنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بىر پارچە شېئىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر خىيالىي مۇھىت بىلەن يېزىلىشى ياكى خىيالىي مۇھىت شۇ شېئىرنىڭ مەلۇم قىسمىنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن. بەزىدە خىيالىي مۇھىت بىر پارچە شېئىرنىڭ باش قىسمىدا يارىتىلىشى، ئوتتۇرا قىسمىدا يارىتىلىشى ياكى ئاخىرىدا يارىتىلىشى مۇمكىن. يەنە بەزىدە رېئال مۇھىت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشى مۇمكىن. ئومۇمەن بۇنداق ئەھۋالنى شائىرنىڭ تەسىراتى ۋە هاياجانلىنىشلىرىنىڭ رېئال مۇھىت تەرىپىدىن پارچىلىنىشى ۋە قايتىدىن بىرىكىشى بەلگىلىگەن بولىدۇ.

# شېئىردىكى يىراق ـ يېقىن تەرەپلەر

شېئىردا ھەجىم قورۇلمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى شېئىرىيەت تارىخىدىكى بىر خىل ئاكسىيوما، شېئىردا تەسۋىرلىنىۋاتقان كونكرېت شەيئى ـ ھادىسىلەر بىر ـ بىرىگە ھېسسىيات ئارقىلىق باغلىنىپ، ھەر خىل كەسىپ ھالەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ ـ دە، مۇشۇ كېسىشكەن يەرنى «مەركەز» قىلىپ مەلۇم كەڭلىك ھاسىل قىلىدۇ. دېمەك، شېئىر تۇيغۇ ئالىمىدىن ئۆز كەڭلىكى بويىچە رېئال ئالەمگە كۆچۈرۈلسە، بۇنداق شېئىرنىڭ كىتابخانلارنى جەلپ قىلىش كۈچى تېخىمۇ زور بولىدۇ.

شېئىردا شائىرنىڭ ھېسسىياتى، خاھىشى، ئالغا سۈرگەن پىكرى ھەر قاچان بىر نۇقتىغا (شەيئى ـ ھادىسىگە) مەركەزلىشىشكە ئىنتىلىدۇ. باشقا تەسۋىرى نۇقتىلار پەقەت ھېسسىيات ئارقىلىق شۇ نۇقتا بىلەن باغلىنىپ خاھىشنى يەنىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئارتتۇرىدۇ. ئۇنداقتا ھېسسىيات كېسىشىپ خاھىش چاقناۋاتقان نۇقتا (شەيئى) «مەركەز» ھېسابلىنىدۇ. كەڭلىك ئىچىدە ياتقان باشقا شەيئى ـ ھادىسىلەر مەركەز بىلەن بولغان ماكان جەھەتتىكى ئارىلىق پەرقىگە ئاساسلىنىپ يىراق تەرەپ ۋە يېقىن تەرەپ دەپ ئايرىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى ياش شائىرلىرىمىز ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە بۇ تەرەپكە تولىمۇ سەل قاراش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئاي، يۇلتۇز، كۆك، جەننەت، قارچۇق، چۇش، ئۇپۇق، قۇياش، نەم ئورمان... دېگەن نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. كىتابخانغا بۇ تەسۋىرلەر ئىچىدە زادى قايسىسىنىڭ «مەركەز» ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش تولىمۇ قىيىن،

ھەتتا مۇمكىن بولماي قالدى. كىتابخانىنىڭ «مەركەز» نى ھېس قىلالمىغانلىقىنىڭ ئۇستىگە يۇقىرىقىدەك يىراق - يېقىن تەرەپ-لەرمۇ بۇ كەڭلىك ئىچىدە ئۆز مۇقىملىقىنى مەقسەتلىك يوقى-تىپ، ئارىلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن «گۇڭگالىق»، «قاراڭ-غۇلۇق» قا ئايلىنىپ كەتتى. شائىر ئاي، يۇلتۇز، چۇش، قەبرە دەمدۇ ياكى باشقا نەرسە دەمدۇ بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. مۇھىم مەسىلە شېئىردا ئاساسىي خاھىش ھېسسىيات ئېقىۋاتقان تەرەپتىن «مەركەز» دىن بىشارەت بېرىشنى بىلىشى كېرەك. شائىر ئۆزىمۇ بىر ھالەتكە، بىر نىشانغا قاراپ ھېسسىيات جەھەتتىكى سىلجىش-نى بارلىققا كەلتۈرۈشى لازىم. ئابدۇقادىر جالالىدىن، پەرھات ئېلياس، باتۇر روزى، ئادىلجان تۇنىياز قاتارلىق ياش شائىرلى-رىمىز ئەمدى يىراق - يېقىن تەرەپلەرنىڭ «مەركەز» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى زادى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇستىدە قايتا ئويلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇ يىللاردا يېزىۋات-قان شېئىرلىرى كىتابخانلارغا ھەقىقىي يېقىنلىق تۇيغۇسى بېغىش-لاۋاتىدۇ. مەسىلەن:

بىر ئايال ۋە قۇيرۇقلۇق يولتۇز،
بىر سۇپۇرگە ۋە سامان يولى.

— ئادىلجان تۇنىياز «كوچا سۇپۇرگۇچى»

شېئىردا سامان يولى، يۇلتۇز، ئايال تەسۋىرلىرى بار. بۇلار شېئىرنىڭ ھەجىم قۇرۇلمىسى ھاسىل قىلغان كەڭلىكنىڭ تۇيغۇ ئالىمىدىن رېئال ئالەمگە كۆچۈرۈلگەندىكى كونكرېت نۇقتى-لار. بىز چوقۇم كوچا سۇپۇرگۇچى ئايالنى «مەركەز» دەپ ئاتايمىز. چۇنكى، تۇيغۇ ئالىمىمىزدە كۆكتىكى قۇيرۇقلۇق يۇل-تۇز يەردىكى كوچا سۇپۇرگۇچى ئاشۇ ئايالنىڭ ئىندىۋىدۇئال

سىماسى. قوىرۇقلۇق يۇلتۇز كېچە ئاسمىنىدا ئۆز ئىزىدىن يو-
رۇقلۇق يولى ھاسىل قىلىۋاتىدۇ. بىز بۇ يەردىكى ھېسسىياتنىڭ
ئېقىشىدىن كوچا سۈپۈرگۈچى ئايال ھەققىدىكى ناخشىغا پۈتۈن
ۋۇجۇدىمىز بىلەن بېرىلىمىز: ئۇ قەلبىمىزدىكى قۇيرۇقلۇق يۇل-
تۇز. ئۇ يەرنى ئەمەس دىلىمىزنى، تەپەككۇرىمىزنى، ئېڭىمىزنى
يورۇتقۇچى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز!

شېئىردىكى كوچا سۈپۈرگۈچى ئايالغا ئوقۇغان مەدھىيىنى
يىراق تەرەپ — يۇلتۇز، سامان يولى تەسۋىرلىرى تېخىمۇ يۇقى-
رى پەللىگە كۆتۈرۈپ ئوبرازلاشتۇرىدۇ. يېقىن تەرەپ —
سۈپۈرگە، يول، چاڭ - توزان. مانا بۇلار كۆز ئالدىمىزدا
تۇرلۇك سىمالار بولسىمۇ ئەمما بىر خىل ھېسسىيات بىلەن ئۆزئا-
را بىرلەشتۈرۈلگەن. سىز سامان يولى بىلەن ئايالنىڭ ئارقى-
سىغا سوزۇلغان ئۇزۇن چاڭ - توزاننى ئايرىۋېتەلەمسىز؟

شېئىرىيىتىمىزدە «ھېسسىياتنى چۆشەپ قويماسلىق» نى تە-
شەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە ھېسسىياتنىڭ رېتىملىق بولۇ-
شىغا، «مەركەز» بىلەن يىراق - يېقىن تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى-
گە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

# «ھايۋانات پسىخىكىسى ھېكايىلىرى» توغرىسىدا

نۆۋەتتىكى ئىجادىيىتىمىزدە مەيدانغا كېلىۋاتقان ھايۋاناتلارنى تەسۋىرلەش، ئۇلارنىڭ مۇقىم ئوبرازىنى يارىتىش ھادىسىسى كۆپلىگەن كىتابخانلارنى جەلپ قىلماقتا. كىتابخان ئۇ ھايۋاننىڭ زادى نېمە مەقسەتتە تەسۋىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئانچە ئاڭقىرالمىسىمۇ، ئەمما ئاپتور تەرىپىدىن ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنىۋاتقان، «خۇددى ئادەملەرنىڭكىدەك» پسىخىكىسىغا يەنىلا قىزىقماقتا.

بۇنداق ھايۋاناتلارغا كەڭ ئورۇن بەرگەن، ھايۋانلارنىڭ پسىخىكىسى كۇچەپ تەسۋىرلىنىدىغان ئەسەرلەر ئەڭ ئاۋۋال 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ھەم ئورتاق ھالدا «ھايۋانات پسىخىكىسى ھېكايىلىرى» دەپ ئاتالغانىدى. كېيىنچە بۇ خىلدىكى ھېكايىلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى، ئۇلارنىڭ يەرلىك ئاھالە — ئىندىئانلارنىڭ ئاق ـ چۈشەنچىلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئەنئەنە بىلەن ياۋروپا ـ ئامېرىكا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كىرىشتۇرۇپ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «ھايۋانات پسىخىكىسى رېئالىزمى» ئېقىمى بولۇپ شەكىللەندى.

ئەسلىدە يەرلىك ئاھالە — ئىندىئانلارنىڭ ئېڭى بويىچە، ئادەمدە چوقۇم ھايۋانلىق تەبىئەت مەۋجۇت. ئادەم بىلەن ھايۋان تەبىئەت جەھەتتە ئۆزئارا سىڭىشىش ھاسىل قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، تەبىئەت جەھەتتە ئالمىشىپمۇ تۇرالايدۇ. ياۋايى ھايۋان

چوقۇم مەلۇم ئادەم روھىنىڭ نامايەندىسى بولۇشى مۇمكىن.

مانا بۇ قاراش گەرچە ئىندىئانلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئەنئە-نىۋى ئەپسانە ئېڭى بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچىلارنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇسىنى، ئېزىش، خورلىنىشقا قارشى كۈرەش قىلىش روھى-نى ئەكس ئەتتۇرۇپ، روشەن سىياسىي خاھىشنى ئىپادىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. يازغۇچىلار مۇشۇ ئاڭ ئاساسىدا ھەر قايسى ئېقىملارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كەڭ قوبۇل قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سىمۋولىزم ئېقىمىنىڭ ئىپادىلەش ئۇ-سۇللىرى خېلى كەڭ قوللىنىلدى. يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى مۇستەملىكىچىلەر، قارا نىيەت كىشىلەرنىڭ سىمۋولى قىلدى. يەنە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىكى ۋەھشىيلىك، يىرتـ-قۇچلۇق، سۆرۈن، قورقۇنچلۇق تەبىئەتلەر ئارقىلىق ئۆز دەۋرى-دىكى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بىر قىسىم ھۆكۈمران كىشىلەرنىڭ ياۋۇزلىقىنى، رەھىمسىزلىكىنى، ئومۇمەن ئادەملىك تەبىئىتىنى يوقاتقان خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۇردى. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە، قارانىيەت كۆچلەرگە، ئۇلارنىڭ سىياسى-تىگە نىسبەتەن غەزىپى، نارازىلىقىنىڭ يېڭى بىر ئەدەبىي شەكىل بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇلىشى ئىدى. بۇ ئەسەرلەردە ھەتتا بەزى پېرسوناژلار پەقەت تاشقى جەھەتتىنلا ئادەم بولسىمۇ، ئەمما پىسى-خىك جەھەتتىن پۈتۈنلەي ھايۋان تەبىئەتلىك تۇسنى ئالغان.

ھايۋانات پسىخىكىسى ھېكايىلىرىنىڭ ئىجادچىسى گې-ۋاتىمالالىق يازغۇچى ئارېۋالۇمارتىنېز (1884 — 1975) (ARevalo MaRtinez) بولۇپ، ئۇنىڭ 1915 - يىلى ئېلان قىلغان «ئاتقا ئوخشاش ئەر»، «ئىسسىق بەلباغ يىرتقۇچ ھايۋان-لىرى» ناملىق ھېكايىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك. شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەر يەنە ھايۋانات پسىخىكىسى ھېكايىلىرى ئىچىدە تۇنجى مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردۇر. «ئىسسىق بەلباغ يىرتقۇچ ھايۋان-لىرى» — ئىستىبدات ھۆكۈمرانلارنى يولۋاس تەبىئەت قىلىپ

تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ ۋەھشى، رەھىمسىزلىكىنى راسا قامچىلىغانلىقى ئۈچۈن «سىياسىي ھەجۋىي ھېكايە» دەپمۇ ئاتالغان ۋە يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئالقىشقا ئېرىشكەن.

ھايۋاناتلار پسىخىكىسى ھېكايىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تازا گۈللەندى، بۇ دەۋردە ئادەملەر ئارىسىدىكى ھېلىگەرلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ۋىجدانسىزلىق، قارانىيەتلىك... قاتارلىق ئەخلاقىي تېمىلارمۇ مۇشۇ خىلدىكى ھېكايىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشكە باشلىدى. يارىتىلىدىغان ھايۋانات ئوبرازلىرى شىر، يولۋاسقا ئوخشاش ۋەھشىي تەبىئەتلىك بولۇش بىلەن چەكلەنمەي ئادەتتىكى قۇرتقا ئوخشاش ھايۋاننى تەسۋىرلەش ئارقىلىقمۇ بەلگىلىك ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولدى.

بۈگۈنكى دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، ئېكولوگىيىلىك كرىزىس، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىغا ئادەم بىلەن تەبىئەت، جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېمىسىنى قويماقتا. بۇ تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە خاس بولغان ھايۋاناتلار پسىخىكىسى ھېكايىلىرىمىز مەيدانغا كەلمەكتە. مەسىلەن، مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا» ئەسىرىدىكى بۇغا، غەيرەت ئاسىمنىڭ «ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك ئەمەس» ئەسىرىدىكى كالا ئوبرازلىرى. مانا بۇلارمۇ «خۇددى ئادەملەرنىڭكىدەك» پسىخىكىغا ئىگە. بۇغا بالىسى ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئىشقىيار تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغاندا، ئۇ ئۆز ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ ئازابلىنىدۇ. چۈشىدە، ئانىسى بىلەن بىللە بولۇپ، ئادەملەرنىڭ رەھىمسىزلىكى ئۈستىدىن داتلايدۇ ۋەھاكازالار. «ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك ئەمەس» ئەسىرىدە كالا ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ دەرۋازىۋەنىنى ھاراق ئىچتى دەپ مەلۇم قىلىپ قويىدۇ. دىققەت قىلساق، ئالدىنقى پوۋېستتا بۇغا بالىسى

پسىخىكىسى ئىنچىكە ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ جانلىق مەۋجۇداتلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئىلمىي بولمايۋاتقانلىقى تەنقىدلەنسە، كېيىنكى ھېكايىدا كالا پسىخىكىسى ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئېتىقاد، غورۇرى يوق، ئىككى يۈزلىمچى ھايۋان تەبىئەتلىك ئادەملەر سىمۋوللۇق ئاساستا پاش قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە روشەنكى، ھايۋاناتلار پسىخىكىسى ھېكايىلىرى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئومۇملىشىش، تەرەققىي قىلىش ئىستىقبالىغا ئىگە. بۇ ئۇسۇل — يول بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ.

# «شەخس ھېكايىلىرى» توغرىسىدا

شەخس ھېكايىلىرى ھازىرقى زامان شەرق ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بولغان ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ بىرسى. بۇ يەردىكى «شەخس» ئاتالغۇسى ماھىيەتتە «مەن» ئاتالغۇسى بىلەن ئوخشاش مەنەدە قارىلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىلدىكى ھېكايىلار بەزى مىللەتلەر تىلىغا يەنە «ئۆزى ھەققىدىكى ھېكايىلار» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

«شەخس ھېكايىلىرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپ ياپونىيىلىك ئەدىب جۇمىي جېڭشيۇڭ ئەپەندىنىڭ1924ـ ۋە1925ـ يىللار ئارىلىقىدا يازغان «شەخس ھېكايىلىرى ۋە كەيپىيات ھېكايىلىرى» ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئەمما ئىپادىلەش سەنئىتى، ئوبراز يارىتىش، ئەكس ئەتتۇرۇش مەقسىتى جەھەتلەردە مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىلدىكى ھېكايىلەر بارا ـ بارا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى «پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى قېزىش»، «روھىي ئالەمنى ئېچىپ بېرىش» قاتارلىق مەسىلىلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى. شەخس ھېكايىلىرىدە يارىتىلغان خاراكتېرنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت دەرىجىسىگە قاراپ، كەڭ مەنىدىكى شەخس ھېكايىلىرى ۋە تار مەنىدىكى شەخس ھېكايىلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. كەڭ مەنىدىكى شەخس ھېكايىلىرىدا ۋەقەلىك بىرىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىنىدۇ. ئىچكى تەسۋىر تاشقى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ئېنىقكى بۇ تىپتىكى ھېكايىلەرنىڭ تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولماقتا. تار مەنىدىكى شەخس ھېكايىلىرى بولسا يازغۇچىنىڭ

دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ھەم تاشقى ئىجتىمائىي مۇھىتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، ئۇنىڭ چەكلىمىلىكىنى ھېچقانداق قوبۇل قىلماي، پەقەت شۇ بىر شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى، ئۆزىگە خاس پسىخىك پائالىيەتلىرىنىلا تەسۋىرلەيدىغان ھېكايىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تىپتىكى ھېكايىلەردە ئاپتوردىن پەقەت بىرلا شەخسنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ناۋادا ئىككىنچى بىر پېرسوناژ تەسۋىرلىنىپ قالغاندىمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە بىز ھېچقانداق چۈشەنچە ھاسىل قىلالمايمىز. دېمەك، بۇ خىلدىكى ھېكايىلەرنىڭ ئالدىنقىسىغا قارىغاندا «شەخس» لىك خاراكتېرى ئالاھىدە گەۋدىلىك.

شەخس ھېكايىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى يەنىلا مۇرەككەپ دەۋر شارائىتى بىلەن باغلىقتۇر. «ئادەملەرنى رېئال تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك خاتىرجەمسىزلىكلەر، ئەنسىزلىكلەر ۋە ھاياتلىق كرىزىسلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش» مانا بۇ شەخس ھېكايىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم ئامىل. شۇڭلاشقا، شەخس ھېكايىلىرىدا بەدىئىي تەسۋىر جەھەتتىن بىرلا شەخسنىڭ روھىي ھالىتى، ئىچكى ئالىمى يېزىلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى «ھاياتلىق كرىزىسلىرى ۋە خاتىرجەمسىزلىك، ۋەيرانچىلىقلىرى» بىلەن بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇش يارىتىشقا دەۋەت قىلىش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئومۇمەن «شەخس ھېكايىلىرى» نىڭ بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى خاس شەخس ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنىلا تەسۋىرلەشكە بېرىلمەستىن، ئادەملەرنى كرىزىس ئىگىدىن قۇتۇلدۇرۇشتەك ئومۇمىي ئەھمىيەتلىك تېمىنى يورۇتۇپ بېرىۋاتقانلىقىدا.

# ئەدەبىياتتىكى كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش

كۆپ نۇقتىدىن (كۆپ تەرەپتىن) بايان قىلىش — ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ، ئۈنۈمى يۇقىرى ئۇسۇللارنىڭ بىرى. بۇ ئۇسۇل 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەزى غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە «ئەنئەنىگە قارشى» (گەرچە توغرا بولمىسىمۇ) بايرىقى ئاستىدا ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ، كېيىن باشقا ئېقىملارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى ھەم قوللىنىلدى. بولۇپمۇ، ئاڭ ئېقىمى ئەسەرلىرىدە بۇ ئۇسۇلنىڭ تەسىرى ۋە قوللىنىلىشى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى.

كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ۋەقەلىك بايان قىلغۇچىنىڭ (ئاپتورنىڭ) «ھەممىگە قادىرلىقىغا» ياكى باش قەھرىمان «مەن» نىڭ پۈتۈن جەرياننى ھېكايە قىلىشىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ. ۋەقەلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت مەيدانى، ياشاش شارائىتى بىر - بىرىدىگە ئاساسەن ئوخشىمايدۇ. دېمەك، ئوخشىمىغان مۇھىت، ئوخشىمىغان ئورۇن، مەيداندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پېرسوناژلار ئورۇن جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن «قارشى نۇقتىلىق قۇرۇلما» ياكى قارشى نۇقتا مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ - دە، ئۆزلىرىنىڭ ھايات - پائالىيەتلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرىنى ئۆز ئورنىدىن ئۆز ئېغى بىلەن بايان قىلىدۇ. كىتابخان بۇنداق ئەسەرنى ئوقۇغاندا، ئۆزىنى قالايمىقان ۋەقەلەر ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىسىمۇ، ئەمما ئەسەر

ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىش، پېرسوناژلار بىلەن ياخشى تونۇشۇش جەريانىدا يۇقىرىقىدەك تۇيغۇدىن خالىي بولىدۇ، ئەكسىچە تېخى كىتابخاندا بىر خىل يېڭى ۋە ئەينەنلىك تۇيغۇسى بارغانچە كۈچە-يىپ بارىدۇ. دېمەك، كىتابخاننىڭ تونۇش دەرىجىسى (بەدىئىي ۋە مەزمۇن جەھەتتىن) ئەسەردىكى ۋەقەلىك ئورنىنىڭ ئۆزگە-رىپ، ئالمىشىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ روشەنلىشىپ بارى-دۇ.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا بىر تەرەپتىن، كىتابخاننى ئېستېتىك يېڭىلاش ئىچىدە يېتەكلەپ، ئەسەرنىڭ قوبۇل قىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پېرسوناژلارنى تېخىمۇ جانلىق، ھەقىقىي ئادەمدەك قىلىپ يارىتىش، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىپ كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ قولايلىق ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇ-رىدۇ.

كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش ئەسەردىكى ھەر قايسى نۇقتى-لارنى ئۆز ئورنى، ئۆز ئېقىمىدىن چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئادەتتىكىچە بايان قىلدۇ-رۇپ قويۇش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئالدى بىلەن بايان نۇقتىلىرى ياكى «قارشى نۇقتىلىق قۇرۇلما» ئىچىدىكى بىر نۇقتا (تەرەپ) نى ئاساس ياكى «مەركەز» قىلىدۇ، قالغان نۇقتىلار ۋە بۇ نۇقتىلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ ھەر خىل كەچۈرمىشلىرى ئەسەردىكى مۇشۇ «مەركەز» ئەتراپىغا ئۇيۇش-قان، ۋاستىلىك باغلانغان بولىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا «مەر-كەز» بىلەن باشقا نۇقتىلار بىر ۋەقەلىككە (تېمىغا) مەركەزلە-شىپ، باش تېما ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ ھەم ئەسەرنىڭ قاتلاملىقىنى، ستېرېئولۇقىنى، ئەينەنلىكىنى كۈچەيتىدۇ.

ئامېرىكا «جەنۇب ئەدەبىياتى» نىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچى ۋىليام فولكنېر ئۆزى-نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «سۈرەن ۋە ئەنسىزلىك» رومانىنى مۇشۇ

ئۇسۇل بىلەن يازغان. روماندا ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى تېما قىلىنغان. روماندا ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ۋە نېگىر قىز مالىينىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. روماندا، كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئالدى بىلەن ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ ئۈچ پەرزەنتىنىڭ هالاكەتلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ئورنى، ئۆز تىلىدىن بايان قىلدۇرۇلغان. نېگىر قىز مالىي تەرىپىدىن ۋەقەلىك خۇلاسىلەنگەن. نەتىجىدە، ئەسەر ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ يىمىرىلىشى ئارقىلىق جەنۇبتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق قائىدىسى ۋە ئەنئەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ كۈنسېرى بىتچىت بولىۋاتقانلىقىنى ناهايىتى روشەن، كۈچلۈك تەسىرچانلىققا ئىگە قىلىپ ئىپادىلەپ، ئەدەبىيات ساهەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان.

كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» (1 - قىسمى) رومانىدىمۇ قوللىنىلغان. روماندا ئەلا، هاشىر، گۈزەلئايلار ئوخشىمىغان مۇهىت، ئورۇن، شارائىتتا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ (قىسمەن بىللە بولۇشلارنى هېسابقا ئالمىغاندا). ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ئوخشاش بولمىغان ئورۇن، شارائىتتا بېشىدىن كەچۈرگەن هەم كەچۈرۈۋاتقان ئوخشاش بولمىغان هەرىكەت پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ئورنى، ئۆز ئېڭى نۇقتىسىدىن ئۆزلىرىگە بايان قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ بايانلارنى بىز ئۇلارنىڭ ئەلاغا يازغان خەتلىرى ئارقىلىق ئاڭلايمىز ۋە ئوقۇيمىز. رومانىدىكى بۇ بىر قانچە نۇقتا ئەلانى «مەركەز» قىلىپ ئۇيۇشىدۇ. نەتىجىدە، رومانىنىڭ ئېلىمىزدە ئۇزۇن مۇددەت هۆكۈم سۈرگەن «سول» ئىدىيىۋى لۇشيەننى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭ زىيالىيلىرىمىزغا كەلتۈرگەن دەهشەتلىك بالايى - ئاپەتلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا سۈرەتلەپ بېرىشتەك باش تېما ئىدىيىسى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەينەنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە روشەن ئېچىپ بېرىلگەن.

# ئىجادىيەتتىكى روھىي بېشارەت
# ئامىللىرى توغرىسىدا

روھىي بېشارەت — ھازىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقا-
تىدىكى مۇھىم تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىرى. ئۇ ئىنساندىكى سەز-
گۈ، پەرەز، خاتىرە شۇنىڭدەك يوشۇرۇن تۇيغۇ ئامىللىرىنىڭ
بىرلىشىپ كېلىشىنى مەنبە قىلغان. بۇ ئامىلنىڭ ئەدەبىياتتا
قوللىنىشى ئىنسان روھىنى تاشقى ۋەقەلىكلەر ۋە ۋاقىت چەكلى-
مىلىرىدىن ئازاد قىلىپ، سۇژېتنى ئەركىن قانات يايدۇرۇشتا
مۇھىم رول ئوينىماقتا. ھېكايىچىلىقىمىزدا بۇ خىل ئامىل مۇن-
داق ئىككى خىل شەكىلدە قوللىنىلماقتا.

1. بەلگىلىك بېشارەت شەكلى، بۇ خىل بېشارەت چۈش
ئارقىلىق بېشارەت بېرىش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق
بېشارەت بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، زۇلپىيە كۆل-
تىگىننىڭ «تەقدىر» پوۋېستىدا چۈش ئارقىلىق بېشارەت بېرىش
شەكلى ئۇچرايدۇ. پوۋېستتا قىز چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە ئانىسى
«قىزىم، مېنى قۇتقۇزىۋال!» دەپ قولىنى قىزىغا تەڭلەيدۇ،
لېكىن قىز ئانىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي ئانىسى
چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ. قىز بۇ چۈشتىن چۆچۈپ ئويغى-
نىپ تۇرۇشىغا، رېئاللىقتا ئانىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خە-
ۋىرىنى ئاڭلايدۇ. چۆچەكلىرىمىزدە، داستانلىرىمىزدا مۇشۇنداق
چۈش ئارقىلىق بېشارەت بېرىشنىڭ ئامىللىرى مەۋجۇت.

ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىش، قاتتىق يامغۇر، دېڭىز،
دەريا سۇلىرىنىڭ ئۆركىشى، بوران، يالغۇز قۇش… مانا بۇلار
ئەسەرلىرىمىزدە پېرسوناژلارنىڭ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئۆز-
گىرىشلەرنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە تەسۋىرلىنىدىغان تەبى-

ئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق بېشارەت بېرىشتۇر. بۇ خىل ھالەت بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا خېلى قەدىمىي. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز-دا «ئىككى تېكىننىڭ رىۋايىتى» دە ئاق نىيەت تېكىن سەيلە ئۇستىدە ئاچ قالغان يولۋاسنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى يەم قىلىپ بېرىدۇ. دەل شۇ چاغدا ھاۋانى قارا بۇلۇت قاپلاپ، ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەيدۇ. ئارقىدىن تاغ يېرىلىپ، يەر يېرىلىدۇ. بۇ ھالدىن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بېشارەت ئېلىپ، ئاق نىيەت تېكىن كەتكەن جايغا كېلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرىدۇ... يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرىنىڭ باش قىسمىدىمۇ گۈللەنگەن قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، ھادىسە ۋە ئۆزگىرىشلەردىن بېشارەت بېرىش مەقسىتىدە تەبىئەت تەسۋىرىگە مۇراجىئەت قىلىش — چاغاتاي ئەدەبىياتى، سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتى، زەلىلى دەۋرى ئەدەبىياتى قاتارلىق دەۋرلەردە ئىز-چىل داۋاملىشىپ كەلگەن.

2. بەلگىسىز بېشارەت شەكلى. بۇنىڭدا ھېچقانداق تاشقى ئامىل (بەلگە) رول ئوينىمايدۇ. مەسىلەن، مەمتىمىن ھوشۇر-نىڭ «ئايخان» ھېكايىسىدا قاۋۇل باشقىلار تەرىپىدىن قوناقلىقتا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمما، ئايخان بۇ ئىش توغرىسىدا ھېچقىم خەۋەر يەتكۈزمەي تۇرۇپلا، قوناقلىققا كېلىپ، قاۋۇلنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ ھېكايىدا يەنە قاۋۇلنىڭ ئۆلۈكىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمۇ بەلگىسىز. بەلگىسىز روھىي بېشارەت ھازىرقى زامان ئالىڭ ئېقىمى ھېكايىلىرى شۇنىڭدەك سېھرىي رېئالىزم ئۇسلۇبىدىكى ئەسەرلەردە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ.

روھىي بېشارەت ئامىللىرى بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە مەيلى قانداق شەكىلدە قوللىنىلمىسۇن، ئۇ «ئەدەبىيات بىر خىل سەنئەت بۇيۇمى» دېيىلگەن قاراشقا قارشى ھالدا ئۇنى تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇشتا، تەسۋىرلىنىۋاتقان پېرسوناژ بىلەن رېئاللىقتىكى ئادەملەرنى تەبىئىي يېقىنلاشتۇرۇشتا ئۇنۇملۇك رول ئوينىماقتا.

# ئەدەبىياتتىكى ئۆز - ئۆزىنى سوتلاش ئېڭى

ئەدەبىياتچىلىرىمىزنىڭ نوقۇل ھالدىكى «ئەدەبىيات ئوبرازلىق تەپەككۇردۇر»، «ئەدەبىيات تىل سەنئىتى» دېگەن تار قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئەدەبىيات ھەقىقىي مەنىدىكى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى، دەپ قاراش ۋە تارىخشۇناسلىق تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قالغان، تارىخشۇناسلىق ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بولغان، ئەمما ئىنتايىن يۇقىرى ئىنسانشۇناسلىق ئەھمىيىتىگە ۋە قىممىتىگە ئىگە بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا ئۆتۈش ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدە باشقىچە بىر جانلىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلدى. كىتابخانىلار يېقىنقى يىللار ئىچىدە مەيدانغا كېلىۋاتقان بەزى ئەسەرلەردىن يازغۇچىلارنىڭ «ئېتىقاد ئۆزگىرىشى» نى كۆرمەكتە. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېما قىلىنغان ئەسەرلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. بۇ خىل ئەسەرلەردە تېما ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمىغان ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئېڭى ۋە ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن چىقىپ تىلغا ئېلىنىدى. يازغۇچىلارمۇ ئەنە شۇ خىل ئاڭ يۇكسەكلىكىدە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن شەرتلىك باغلانغان تۈرلۈك شەيئىلەر، جانلىق مەۋجۇداتلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇش، ئويلىنىشنى ئۆز «ئېتىقاد» ىنىڭ «مەركىزى» قىلدى.

ئېلىمىز خەنزۇ ئەدەبىياتىغا نەزەر سالساق، خېلى بۇرۇنلا مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەردىن «ياۋايى ئادەم»، «ئورمان پادىشاھى» قاتارلىقلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بولسا يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا» پوۋېستى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. پوۋېست تېما جەھەتتىن دۇنياۋى ئەدەبىيات

بىلەن يانداشقان، ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى،جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىك ئەسەر. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىشقىيار ئىجتىمائىي نۇقتىدىن مىللەت، سىنىپقا تەۋە بولسىمۇ، ئەمما ئەسەردىكى ئورنى ئىچكى روھىي دۇنياسى، ئورتاق ئىپكى بىلەن سىنىپ، مىللەتتىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇنىڭدا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق دۇچ كېلىدىغان ھەم ھېس قىلىۋاتقان «كرىزىس ئېڭى» بار. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭدا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتكە، جانلىق مەۋجۇداتلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئىلمىي بولمىغانلىقىدىن، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىدىن، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە قارىغۇلارچە ئىش ئېلىپ بېرىشىدىن ئىزدەيدىغان ئۆز ـ ئۆزىنى سوتلاش ئېڭى بار. شۇڭا، ئىشقىيار ئەسەردە ئادەم، تەبىئەت، جانلىق مەۋجۇداتلار ھەققىدە كۆپ ئويلايدۇ. «ھەربىي نىزامغا خىلاپ» ھالدا بۇغا بالىسىنى باقماقچى بولىدۇ. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر تەبىئەتنى سۆيۈش، جانلىق مەۋجۇداتلارنى قوغداش، ئاسراش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ.

ئىشقىيار خاراكتېرىگە سىڭدۈرۈلگەن ئۆز ـ ئۆزىنى سوتلاش ئېڭى ئەسەردە ئىشقىيارنىڭ مۇنۇ مونولوگىدا روشەن گەۋدىلەنگەن: «ئۇلار (ئادەملەرنى دېمەكچى) مۇشۇ گۇناھسىز، بىچارە ھايۋاننى ئۆلتۈرمەكچى، يەنە كېلىپ تېخى ئۆزۈمگە، ماڭا ئۆلتۈرگۈزمەكچى؟! بىز ئادەممۇ؟… ئۇ ئەركىن ياشاشقا ھەقلىق … مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئەقىدىسىگە سادىق بولۇپ قالالايمەن. تەبىئەتكە، ئەجدادلىرىمنىڭ روھىغا، ئاتا ـ بوۋامغا يۈز كېلەلەيمەن… . ئۇ ئىنساننىڭ دوستى، ئانا تەبىئەتنىڭ بالىسى. ئۇ ھاياتقا گۈزەللىك، دوستلۇق بېرىدۇ… مۇشۇنداق بىباھا ھايۋاننى، ئىنسانىيەتنىڭ دوستىنى ھېچ سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرۈش —

مېنىڭچە بەكمۇ شەپقەتسىزلىك…»

ئەدەبىياتتا ئۆز ـ ئۆزىنى سوتلاش ئېڭىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرىنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان كرىزىس تۇيغۇسى ياكى ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بىر قىسىم غەرب ئەللىرىدە تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، ئۆزگەرتىش غايىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ ئۇزلۇكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە ئەگىشىپ بارغانچە ئېشىپ باردى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتكەن بۇ «تەلەپ، ئارزۇ» لارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە تەبىئەتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ ئىنسانىيەتكە «يوشۇرۇن ئاپەت» ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىلىم ـ پەن ئىسپاتلىماقتا. دېمەك، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش قەدىمىگە ماس كەلمەيدىغان بۇنداق «ئۆزگەرتىش» ئاخىرىدا «ئېكولوگىيىلىك كرىزىس» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كرىزىس تۇيغۇسى پەيدا قىلماقتا.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىر قىسىم غەرب مۇتەپەككۇرلىرى نەزەرىنى شەرققە ئاغدۇرۇپ، شەرقنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى تەبىئەتنى قوغداش، تەبىئەتنى ئاسراش، «تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ بىرلىكى» توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنى قوللىدى ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلاندى. دېمەك، مەيلى غەرب ياكى شەرق ئەدەبىياتىدا بولسۇن، ئومۇمەن، ئەدەبىياتتىكى ئۆز ـ ئۆزىنى سوتلاش ئېڭى مانا مۇشۇ ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى ئاساسىدا بەرپا قىلىپلا قالماي، يەنە ئىنسانىيەت تايىنىپ ياشايدىغان تەبىئەت مۇھىتى

ئاساسىدىمۇ بەرپا قىلغان. مانا بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېمىسى ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە زور جەلپ قىلىش كۈچى ھەم ئويلاندۇرۇش خاراكتې-رىگە ئىگە مۇھىم، ئاكتىۋال تېما. بۇ تېمىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى «كرىزىس ئېڭى» ۋە ئۆز - ئۆزىنى سوتلاش ئېڭى بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئەدەبىياتتا يېڭى سەھىپە ئاچقۇسى.

# «دىئالوگ ئەدەبىياتى» توغرىسىدا

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى گەرچە يېڭى تەتقىقات تۈرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بۇ ساھەگە يۈزلىنىشى بارغانچە گەۋدىلىك بولماقتا. نەتىجىدە ئۇ ئەدەبىياتشۇناسلار تەرىپىدىن نەتىجىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك، تەتقىقات شەكلى ئەڭ يېڭى، دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان تەتقىقات ساھەلىرىنىڭ بىرسى دەپ قارىلىدىغان بولدى.

بۇ خىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى، تەتقىقات ئەمەلىيىتى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى «دىئالوگ ئەدەبىياتى» دەپ ئاتاشقان. دەرۋەقە، بۇ خىل تەتقىقاتتا ئىككى خىل ئەدەبىيات ياكى بىر خىل ئەدەبىياتنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچ ياكى ھادىسىلىرى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلاتتى. بۇ خىل سېلىشتۇرۇشنى «دىئالوگلىشىش» دەپ ئاتىسا، ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىد تۈسى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولاتتى. تەتقىقاتچىلار مانا شۇ نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ «دىئالوگ ئەدەبىياتى» مۇنداق ئۈچ تەرەپنىڭ دىئالوگى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن:

بىرىنچى، شەرق ئەدەبىياتى بىلەن غەرب ئەدەبىياتىنىڭ دىئالوگى. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ چېقىش قىلىدىغىنى ئىككى خىل ئەدەبىياتنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئوخشىمىغان تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇپلا قويۇش ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ كەڭ بولغان دۇنياۋى ئەدەبىـ

يات ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتۇر. بۇ ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتلىرىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى مۇۋاپىق باھاغا ئىگە بولىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىيات بىلەن باشقا سەنئەت تۈرلىرىنىڭ دىئالوگى. بۇنىڭدا ئەدەبىياتنى «مەركەز ھەم چىقىش نۇقتىسى» قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇ خىل «دىئالوگ» نىڭ نەتىجىسى ئەدەبىياتنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى ھەم قىممىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتۇر.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات بىلەن مەدەنىيەتنىڭ دىئالوگى. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئۆزىدىن ھالقىغان مەدەنىيەت ھەققىدىكى تەتقىقاتتۇر. ئەدەبىيات بىلەن مەدەنىيەتنىڭ دىئالوگى دېگەندە، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ دۇنياۋىلىققا يۈزلىنىش ھادىسىلىرى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. «دىئالوگ ئەدەبىياتى» نىڭ ئۆزى ئەدەبىياتشۇناسلىققا مەنسۇپ. ئۇنىڭدا مەدەنىيەتشۇناسلىققا دائىر ئامىللارمۇ ھەم مەۋجۇتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزئارا بىر بىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە ئىنتايىن قىممەتلىك.

ئەدەبىياتتىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلەرنى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن، توغرىراقى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى دائىرىسى بىلەن چەكلەپ قويۇش ئىلغار تەتقىقات ئۇسۇلى ھېسابلانمايدۇ. ئەدەبىيات ھادىسىلىرى يېڭىلىنىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياۋى ئەدەبىيات ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا كەڭرى تەتقىق قىلىنىش ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىش، بۇ يولدا ئىرىشىش بىزنىڭ بۇرچىمىز.

# ھېكايىدىكى ئىككى خىل ۋاقىت چۈشەنچىسى

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژ ۋە ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر بارغانچە چوڭقۇرلاپ، ۋاقىتنى بەدىئىي نۇقتىدىن قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى پەيدا قىلدى. ئىلگىرى قوللىنىپ كەلگەن قۇياش ۋاقتى تەرتىپى بويىچە بايان قىلىش ئەمدى كۆپ تەرەپلەردىن ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئاشكارىلىدى. يازغۇچىلار قۇياش ۋاقتى تەرتىپى بويىچە بايان قىلىش ئۇسۇلىغا تايىنىپلا پېرسوناژلارنىڭ روھىي مۇرەككەپلىكىنى، ئاڭ چوڭقۇرلۇقىنى تولۇق ئېچىپ بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بارغانچە تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن «ۋاقىت چۈشەنچىسى» ھەققىدىكى تەتقىقات باشلىنىپ كەتتى. فرانسىيىلىك پەيلاسوپ پاگىسىن ئالدى بىلەن ئېينشتېيىننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ «پېسخىك ۋاقىت تەلىماتى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بۇ تەلىماتىدا ۋاقىتنى ئىككى خىلغا ئايرىدى. بىرى، «بوشلۇق ۋاقىت»، يەنە بىرى، «پېسخىك ۋاقىت».

بوشلۇق ۋاقىت — مۇقىم قائىدە بىلەن چۈشەندۈرۈلىدىغان ۋاقىت بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى مىنۇت، سېكۇنتلارنىڭ تەبىئىي ئۆزۈلۈپ بېرىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقىت ئىدى. دېمەك، بۇ خىل ۋاقىت سان ئۇقۇمىدۇر. بۇ بىز ئادەتتە ئېيتىپ كېلىۋاتقان قۇياش ۋاقتى ئىدى. ئەمدى پېسخىك ۋاقىت ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ خىل ۋاقىتنى ئەدەبىي ئەسەردە ئېھتىياج بويىچە خالىغانچە ئۇزارتىش، قىسقارتىش، تەرتىپسىزلەشتۈرۈش يوللىرى بىلەن قوللىنىشقا تامامەن بولىدۇ.

پسخىك ۋاقىت چۈشەنچىسىنىڭ ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىلى-
شى ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى بايان تەرتىپىگە نىسبەتەن زور يېڭى-
لاش ئېلىپ كەلدى. يازغۇچىلار ھېكايىچىلىقتىكى ۋەقە، پېرسو-
ناژ خاراكتېرى بېرىش، تېپىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا ئۆتۈش ئۇ-
سۇللىرىنى يۇرەكلىك بىلەن بۇزۇۋېتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇ-
قىم بولمىغان، تەرتىپسىز بولغان، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى-
نىڭ ئورنى تەرتىپى بۇزۇپ تاشلانغان، ئۇلار ئۆزئارا سىڭىشتۇ-
رۇلگەن يېڭىچە بىر خىل قۇرۇلمىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇنداق
ھېكايىلەر ئادەتتە «پسخىك ۋاقىت ھېكايىلىرى» دەپمۇ ئاتالدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچىلار ۋەقە، پېرسو-
ناژغىلا ئەمەس ۋاقىتقىمۇ زور دەرىجىدە ئېتىبار بېرىدىغان بول-
دى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە
توختالغاندا، ئۇنىڭ ۋاقىتنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى مەسى-
لىسىنى ئالاھىدە كۆزىتىدىغان بولدى. بىز بۇ ھەقتە بىر مىسال
كۆرۈپ باقايلى:

ئامېرىكىلىق يازغۇچى بودلېرمېس يازغان «جىننىڭ سۇرد-
تى» ئەسىرىدە 28 ياشلىق بىر نامرات رەسسام گۇگۇم ۋاقتىدا
باغچىدا ئويناپ يۈرگەن بىر كىچىك قىزغا ئۇچراپ قالىدۇ.
رەسسام بۇ قىزغا ئامراقلىقى كېلىپ ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىۋالى-
دۇ. قىز رەسسامغا «مەن سىزنى قوغلاپ يېتىمەن. سىز مېنى
ساقلاپ تۇرۇڭ» دەيدۇ. رەسسام بۇ سۆزدىن بەك ھەيران بولى-
دۇ. ئەمما راست دېگەندەك ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ رەسسام مۇز
مەيدانىدا ھېلىقى قىزنى قايتا ئۇچراتقان ۋاقتىدا قىز خۇددى
ئىككى - ئۈچ ياش چوڭىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. يېرىم يىل-
دىن كېيىن، قىز ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغىغىدەك
بويىغا يەتكەن قىزغا ئايلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت
پەيدا بولىدۇ...

بۇ يەردە ئەسەردىكى رەسسامغا ئوخشاش بىزمۇ ھەيران بولى-

مىز. قىزنىڭ تېزلا چوڭ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى بىزنىڭ ئەنئەنىـ
ۋى ۋاقىت قارىشىمىزغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە
بولسا بۇ دەل پىسخىك ۋاقىت چۈشەنچىسى ئىدى. قىزغا نىسبەتەن
ئاپتور پىسخىك ۋاقىتنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ تېزلىكىنى زور دەرىـ
جىدە ئاشۇردى. قىزنىڭ پىسخىك تەقەززالىقى ۋاقىتنى بەلگىلىـ
دى. رەسسامغا بولسا قوياش ۋاقتى قوللىنىلغاچقا، ئۇنىڭغا بىر
كۈن، بىر ھەپتە يەنىلا شۇ بىر كۈن، بىر ھەپتە بولۇپ تۇيۇلۇـ
ۋەردى.

بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا
زور تەسىر قوزغىغان. ئەسەر كېيىن كىنو فىلىمى قىلىپمۇ
ئىشلەنگەن. ئاپتورنىڭ شۆھرىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. دېـ
مەك، بۇ يەردىكى ئاساسىي مەسىلە ئاپتورنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلـ
لارغىلا بەنت بولماي، ۋاقىتنى بەدىئىي بىر تەرەپ قىلىشتا يېڭىـ
لىق ياراتقانلىقىدا.

ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا مەتىمىن ھوشۇرنىڭ «قىرلىق
ئىستاكان» ، «بۇرۇت ماجىراسى» ھېكايىلىرى، مۇھەممەت باغـ
راشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارچۇغىدا قېتىپ قالغان سۇـ
رەت» پوۋېستى، «تەنھا ماشىنا» ھېكايىسى پىسخىك ۋاقىت چۈـ
شەنچىسىنىڭ تەسىرى قويۇق ئەسەرلەردۇر. بۇنداق ئەسەرلەردە
پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەرـ
كىبى قىلىنىدۇ.

## ئەسەر سۇژېتىدىكى يېپىق ۋە ئوچۇق قۇرۇلما

يېپىق قۇرۇلما — ۋەقەلىكنى بايان قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان، باش - ئاخىرى ئېنىق ھەم ماسلاشقان، سەۋەب - نەتىجىلىكلىكى روشەن بولغان ئەسەرلەرگە قارىتىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەر ئەنە شۇنداق يېپىق قۇرۇلمىلىق ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا ئالدى بىلەن مۇھىم بولغان بىر ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىدۇ. پېرسوناژلار شۇ ۋەقەلىك جەريانىدا پەيدا بولۇپ يارىتىلىپ بارىدۇ. ۋەقەلىك ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسى بويىچە قانات يايدۇرۇلىدۇ. ئېنىقكى بۇنداق ئەسەرلەردە پەلسەپىۋىلىك ۋە ئېستېتىكىلىق يېتەرسىز بولىدۇ. ئوچۇق قۇرۇلما بولسا يۇقىرىقىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئىزچىل ۋەقەلىكنىڭ بولۇشىنى چەتكە قاقمىسىمۇ ئەمما پېرسوناژلارنىڭ خىيال، تەسەۋۋۇر، چۈشى، پەلسەپىۋى ئويلىنىشى قاتارلىقلارنى ئەركىن تەسۋىرلەشكە ئېتىبار بېرىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ چوڭقۇر روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق مەسىلىدە مەيلى ۋاقىت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى دائىرە جەھەتتىن بولسۇن، بارلىق چەكلىمىلىكلەرنى بۇزۇپ تاشلىيالايدۇ. تۇرمۇشنى تەرتىپسىز ۋە خىلمۇخىللىقى بويىچە ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر پېرسوناژنىڭ ئاڭ جەھەتتىكى تەپەككۇر تەرتىپىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان. ۋەقەلىك ۋە ۋاقىت تەرتىپى بولسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ «دېڭىز دولقۇنلىرى» ناملىق ھېكايىسى ئوچۇق قۇرۇلمىلىق ھېكايە. ھېكايىدىكى ۋاقىت پەقەت بىر نەچچە سائەتلا، باش پېرسوناژ پاراخوت ئۈستىدە

تۇرلۇك روھىي ئۆزگىرىشلەردە بولىدۇ. بېشى قايىدۇ، كۆڭلى ئاينىيدۇ، ئىچى سىقىلىدۇ، تۇرۇپ يەنە خىياللارغا پاتىدۇ. نەتىجىدە باش پېرسوناژنىڭ تەپەككۇر رىتىمىغا ئەگىشىپ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ھەر خىل كۆرۈنۈشلەر: دېڭىز بىلەن قىرغاق، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم، بۈگۈن بىلەن كېلەچەك گىرەلەشتۈرۈلگەن تەسۋىرلەر نامايان بولۇشقا باشلايدۇ. باش پېرسوناژنىڭ ھاياتلىق، ئالەم، كىشىلىك تۇرمۇش، تەبىئەت ھەققىدىكى پەلسەپۋى ئويلىنىشلىرى ھېچقانداق چەكلىمىسىز نامايان بولىدۇ، ھەتتا ئۆز ئالدىغا بىر رىتىم ھاسىل قىلىدۇ. قارىسىڭىز پىسخىك جەھەتتىكى قۇرۇلما ئەسەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى بولۇپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قىرلىق ئىستاكان»، «ئايخان»، «ئۇخلىماي كۆرگەن چۈش» ھېكايىلىرىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئوچۇق قۇرۇلما شەكلىدە يېزىلغان. ئەسەرلەردە «مەن» نىڭ خىيال ـ تەپەككۇرلىرى ۋەقەلىك مەنتىقىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن. باشتىن ـ ئاخىر تەسۋىرلىنىپ بارىدىغان پېرسوناژ ئوبرازى ئاساسەن يوق دېيەرلىك. كوچا ئاپتوبۇسىدا ئادەملەر ئالمىشىپ تۇرغانغا ئوخشاش بۇنداق قۇرۇلمىلىق ئەسەرلەردىمۇ پېرسوناژلار ھەم چۈشۈپ قېلىپ ھەم يېڭىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

# ئىككى خىل كىتابخانىنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئەسەر بىلەن كىتابخانىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش —
ھازىرقى زامان تەنقىدچىلىكى ئېتىبار بېرىۋاتقان تەرەپلەرنىڭ
بىرى. بەزى تەنقىدچىلەر كىتابخانغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشنىڭ
ئۆزى، ئەدەبىياتنىڭ ئىستىقبالىغا تۇتقان پوزىتسىيىدۇر، دەپ
قاراۋاتىدۇ. ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىغا كۆيۈنۈدىغان ھەر قانداق
بىر كىشى «كىتابخانلار مەسىلىسى» دىكى دائىرىدىن سىرتتا
قالمايدۇ. چۈنكى، ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر كىتابخان ھېساب-
لىنىدۇ.

كىتابخانلار زوقلىنىش، ئوقۇش قىزغىنلىقى قاتارلىق جە-
ھەتلەردە ئۆزئارا پەرقلىنىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، يې-
زىقچىلىق قابىلىيىتى، تەنقىد ئىقتىدارى جەھەتتە چوقۇم پەرق-
لىق بولىدۇ. مۇنداق پەرق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا
روشەن تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە مۇلاھىزە
قىلىش زۆرۈر. كىتابخانلار يۇقىرىقىدەك پەرقلەرگە ئاساسەن
ئاشكارا كىتابخانلار تىپى ۋە يوشۇرۇن كىتابخانلار تىپى، دەپ
ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

1. ئاشكارا كىتابخانلار تىپى. كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئە-
سەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش
تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا كىتابخانلاردىكى ئىجادچانلىق رولىنى
تەتقىق قىلىشتۇر. ئامېرىكىلىق مەشھۇر تەنقىدچى فىش: «ئاق
قەغەز، قارا خەت بىلەن پۈتكەن نەرسە ئەدەبىيات ئەمەس. ئەدەبى-
يات ئۇ، كىتابخانىنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى تەسىرات - چۈشەنچى-
سى، مەنامۇ ئەدەبىي ئەسەردىن مۇستەقىل ئايرىلىپ چىقىدىغان

نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ، كىتابخانىلارنىڭ ئەسەرنىڭ تېكىستىغا بولغان تونۇشىدۇر» دېگەنىدى. بۇ يەردە قىش ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىستىقبالىنى كىتابخانىلارنىڭ ئىنكاسى بىلەن باغلاپ قارىغان. تەنقىدچىلەرنىڭ شەخسىي باھاسىدىن كىتابخانىلارنىڭ تونۇشىنى ئۈستۈن قويغان.

دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تەسىرات ھاسىل قىلالايدىغان، ئۆز كۆز قارىشىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسەرگە بىر پۈتۈن باھا بېرەلەيدىغانلار ئاشكارا كىتابخانىلار تىپىدىگە كىرىدۇ. بۇ خىل كىتابخانىلار ئاساسەن، ئاز ـ تولا يېزىقچىلىق ھەۋەسى بارلار، بەلگىلىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلىمىگە ئىگە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردۇر. مانا بۇلارنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلار ئوقۇتۇش ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئىجادچانلىق رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنىڭ بىردىنلا ئۆرلەپ، بازار تېپىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىمۇ، كۆپىنچە مۇشۇنداق كىشىلەرگە باغلىق بولىدۇ.

2. يوشۇرۇن كىتابخانىلار تىپى. مۇنداق كىتابخانىلار تەھلىل ـ تەنقىد قابىلىيىتى جەھەتتە ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇش، زوقلىنىش جەھەتتىمۇ ئاشكارا كىتابخانىلار تىپىگە يەتمەيدۇ. ئادەتتە، ئۇلار ھېچقانداق ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇمايدىغاندەك، قىزىقمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرگە قۇلاق سالىدىغان، بىرەر پارچە ھېكايە ياكى شېئىر ئوقۇپ قويىدىغانلىرى بولىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ناتونۇش تەرىپىنى نەزەردە تۇتۇپ، «يوشۇرۇن كىتابخانىلار تىپى» دېدۇق. بىزدە مۇشۇنداق تىپقا ياتىدىغانلار كۆپرەك. مانا بۇلار بىرەر ئەسەرگە ئۆز تونۇش ـ چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا

قويالمايدۇ. ئەمما، ئىنكاس تەنقىدچىلىكى كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتىگە نىسبەتەن يېرىم ئىجادچانلىق رولىنى تەھلىل - تەتقىق قىلغاندا، يەنىلا مۇشۇ يوشۇرۇن كىتابخانلارنىمۇ ئېتىبارغا ئالماي قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

مەلۇمكى، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن، ئاكتىپلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدىغان، تەنقىد خاراكتېرلىك كىتاب ئوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغىمۇ باغلىق. ئومۇمەن، ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزدا ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرلۈك نۇقتىلاردىن چىقىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تەھلىل يۈرگۈزۈش، باھا بېرىش، ئاخىرىدا نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىكتە سىستېمىلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. كىتابخانلار بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

# «مەنىۋى مۇھىتنىڭ ئايلىنىشى» توغرىسىدا

مەنىۋى مۇھىت، بىزدە ئاپتورنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى رېئال مۇھىتتىن تەسىرلىنىش نەتىجىسىدە يارىتىلغان، كونكرېت ئەدەبىي ئەسەر ئارقىلىق گەۋدىلىنىدىغان «كۆرۈنۈش» دەپ قارىلىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئېستېتىكا ۋە پسىخولوگىيىلىك ماھىيەتكە ئىگە ئىچكى ھەرىكەت قۇرۇلمىلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش تولىمۇ يۈزە بولدى. تەتقىقاتىمىزدا مەنىۋى مۇھىتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي ئۈنۈمىنى بەلگىلەشتىكى ئاساسىي ئامىللىق رولى تېخى تولۇق چوڭقۇرلاشتۇرۇلمىدى.

مەنىۋى مۇھىت سەنئەتكارنىڭ پەقەت رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرى ئاساسىدا يارىتىلغان «كۆرۈنۈش سىرتىدىكى كۆرۈنۈش» بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، كىتابخان بىلەن ئاپتورنىڭ «ئورتاق ئىجاد قىلىش» مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇشتەك تۈپكى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ خىل «ئورتاق ئىجاد قىلىش» نىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىش جەريانى دەل مەنىۋى مۇھىتنىڭ ئايلىنىش جەريانىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساستۇر.

دەسلەپتە، مەنىۋى مۇھىت ئىككى بۆلەككە ئايرىلغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىرى، ئاپتور مەنىۋى مۇھىتى، يەنە بىرى، كىتابخان مەنىۋى مۇھىتى. ئاپتور مەنىۋى مۇھىتى كونكرېت ئەدەبىي ئەسەردە ئىپادىلىنىدىغان مۇھىت. كىتابخان مەنىۋى مۇھىتى بولسا، كىتابخاننىڭ شۇ كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىڭدىن زوقلانغان ۋاقىتتا پەيدا بولغان مۇھىت. بۇ خىل مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ كىتابخان

تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە زوقلىنىش تەلىپى بويىچە قايتا ئىشلەنگەن بولىدۇ. دېمەك، ئوخشىمىغان مەنىۋى جەھەتتە، ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەت ئالغان بۇ ئىككى خىل مەنىۋى مۇھىت بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ھەم پەرقلىق مۇناسىۋەتتە مەۋجۇت بولىدۇ.

ئاپتور مەنىۋى مۇھىتى ئىككى تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، كونكرېت ئەدەبىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن رېئال مۇھىت. مەسىلەن: تاغ، دەريا، ئورمان ۋە باشقىلار؛ يەنە بىرى، رېئال مۇھىت ئاساسىدا يارىتىلغان توقۇلما مۇھىت. بۇ ئاپتورنىڭ تېما ئېھتىياجى تۈپەيلى قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەن مۇھىت بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت ئەدەبىي ئەسەردە ئىگىلىگەن سالمىقى، ھەجمى بىر قەدەر زور بولىدۇ. مانا بۇ ئىككى تەركىب بىرلىشىپ «كۆرۈنۈش سىرتىدىكى كۆرۈنۈش» ياكى «مۇھىت سىرتىدىكى مۇھىت» نى ھاسىل قىلىدۇ. كىتابخان، ئاپتور مەنىۋى مۇھىتىدىن زوقلىنىش، تېخىمۇ كەڭ ئېستېتىك قوبۇل قىلىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۆزىگە خاس مۇستەقىل، يېڭى مەنىۋى مۇھىت ھاسىل قىلالايدۇ. مەنىۋى مۇھىتنىڭ ئايلىنىشى بولسا دەل كىتابخاندا ھاسىل بولغان مۇشۇ مەنىۋى مۇھىت بىلەن ئەسلىدىكى ئاپتور مەنىۋى مۇھىتىنىڭ ئېستېتىك بوشلۇقتا ئۆزئارا تەسىر قىلىشى، گىرەلىشىشى، تولۇقلىنىشى، ئالمىشىشى جەريانىدا، باشقىچە بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن يېڭى ئېستېتىك مۇھىتنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىدۇر. بۇ، ئەلۋەتتە ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم نازۇك ئېستېتىك ۋە پىسخىك جەرياندىن ئىبارەت.

ئومۇمەن، مەنىۋى مۇھىتنىڭ جىمجىتلىق ھالىتىدىن ھەرىكەت ھالىتىگە ئۆتۈشى، يوشۇرۇنلۇقتىن ئاشكارىلىققا ئۆتۈشى، ئاپتور مەنىۋى مۇھىتىدىن كىتابخان مەنىۋى مۇھىتىغا ئۆتۈشى ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئىككى خىل ئوخشىمىغان مەنىۋى مۇھىتنىڭ

بىرلىككە كېلىپ، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق يېڭى ئېستېتىك مۇھىتقا ئايلىنىش جەريانى مەنىۋى مۇھىتنىڭ بىر پۈتۈن ئايلىنىش مۇساپىسىنى ياكى تەرتىپىنى تەشكىل قىلىدىغان جەرياندۇر. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تارقىلىش، قوبۇل قىلىنىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىز بولۇشىمۇ مانا مۇشۇ مەنىۋى مۇھىت ئايلىنىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىش ياكى ئاشماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەنىۋى مۇھىتنىڭ ئايلىنىشى بولسا پەقەت قوبۇل قىلىنىشتىن ئىبارەت مۇشۇ جەريانغىلا خاس بولغان پائالىيەتتۇر.

مەنىۋى مۇھىتنىڭ ئايلىنىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىشىدا، ئاپتور مەنىۋى مۇھىتنىڭ ئەسەردىكى گۈزەللىكنى گەۋدىلەندۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشىمۇ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ. «ئىلى گېزىتى» نىڭ 1990 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى «ئىلى دەرياسى» بېتىدە ئابلەت ئابدۇرېھىمنىڭ «يۇرتۇمنى سېغىنغاندا...» ناملىق شېئىرى ئېلان قىلىندى.

... قۇچاقلاپ قاش سۈيىنىڭ دولقۇنىنى،
قويىندىن سۈزۈك تاشلار سۈزۈپ قويغىن.
بىز يۈرگەن ئاشۇ گۈزەل ئېرەنلىكتىن.
مىڭىنچۈن قىزىلگۈللەر ئۈزۈپ قويغىن.
كەلگەندۇر يۇرت ئاشىقى — ئاشۇ كاككۇك،
كۈيۈكنى كۈيلىرىگە قوشۇپ قويغىن.
شەلپەردەك قىزارغاندا قاش بويلىرى،
ساھىلدا لىرىكىلار ئوقۇپ قويغىن...

دولقۇنلۇق قاش سۈيى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى گۈللەر، باغ، مەھەللىلەر، كەچكى قۇياش نۇرىدا شەلپەردەك قىزارغان قىر.

دالا، ساھىللار، مەنىلىك ھەم قايناق ھايات پەيزى… مانا بۇلار شېئىردا گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئاپتور مەنۋى مۇھىتىنىڭ تومۇرىنى تەشكىل قىلىدۇ. شېئىردىكى مەنۋى مۇھىت كىشىدىكى ئېستېتىك مەقسەتدارلىقىقا تەسىر قىلىپ، تەسەۋۋۇر كۈچىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرىدۇ. نەتىجىدە كىشى ئۆزىدە ھاسىل بولغان يېڭى بىر مەنۋى مۇھىت ئىچىدە، شېئىردىن باشقىچە بىر يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ لەززەتلىنىدۇ.

ئاپتورلارنىڭ كونكرېت ئىجادىيەت جەريانىدا چوقۇم مەنۋى مۇھىتنىڭ ئايلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ پىسخىك جەرياننى مەقسەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# كۆپ نەرسە بىلىش ۋە كۆپ نەرسە يېزىش ھەققىدە

مەن كىتاب ئوقۇش جەريانىدا ھەمىشە مۇنداق بىر ئەھۋال توغرىسىدا ئويلىنىپ قالىمەن: بۈگۈنكى چەت ئەل ئەدىبلىرى ئىچىدە شائىر، يازغۇچى ياكى ئەدەبىي تەنقىدچى دەپ ئاتالغانلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن، ئۇلار ئەدەبىياتشۇناسلىق، ئېستېتىكا، پەلسەپە، تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق قاتارلىق كۆپ ساھەلەر بويىچە خېلى زور نەتىجىلەرنى ياراتقان بولىدىكەن، بۇ ساھەلەردە ئۇلارنىڭ قازانغان ئۇتۇقلىرى بىر - بىرىدىن قېلىشمىغاچقا «شائىر، يازغۇچى ھەم پەيلاسوپ»، «ئەدەبىياتشۇناس، تىلشۇناس، ئېستېتىكا ئالىمى» دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلىنىدىكەن. مەسىلەن، رانسوم (1888 — 1974) نى ئالساق، ئۇ ھازىرقى زامان ئامېرىكا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر تەنقىدچى بولۇپلا قالماي، ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى تەسىرى بار شائىرلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئامېرىكىدا ۋە چەت ئەللەردە ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. شۇڭا، رانسوم ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ۋە تەنقىدچىلىك تارىخىدىن ئوخشاشلا ئورۇن ئالغان. گ. خوپتىمان (1862 — 1946) مۇ گېرمانىيە ئەدەبىيات تارىخىدا دراماتورگ، يازغۇچى، شائىر دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن. بۇنداق مىساللار خېلى كۆپ.

ئۆزىمىزگە كەلسەك، بىز ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە ئەمدىلا ئىزدىنىشكە باشلىدۇق دېسەك بولىدۇ.

ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەتقىقات دائىرىسى خېلى كەڭ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن باشقا ئەدەبىي ئەسەر،

ئەدىب، ئەدەبىي ئېقىملار، ئەدەبىي نەشر ئەپكارلىرى، كىتابخان، ئەدەبىي تەربىيە، ئەدەبىيات ھەرىكىتى، ئەدەبىي بەس - مۇنازىرە، ئەدەبىي قاراش قاتارلىقلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىزدەنگۈچىلەرگە موھتاج. سىز بۇلارنىڭ بىرەرسى ئۈستىدە مەخسۇس ئىزدەنگەنىكەنسىز، تەبىئىي ھالدا ئىككىنچى بىر ساھەگىمۇ كىرىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ ساھەلەر بويىچە چوڭقۇرلاش جەريانىدا تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ئوبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېستېتىكا، ئېتىكا، پەلسەپە دېگەندەك باشقا ئىلىم ساھەلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقىش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەدەبىياتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يولى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. تەتقىقاتتىكى ئاجايىپ نەتىجىلەرمۇ ئەنە شۇنداق كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

بۈگۈنكى ياشلار ئۈچۈن ئۆگىنىش، ئىزدىنىش يولى تولىمۇ كەڭ. ياشلار ئىچىدە كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ۋە قابىلىيەت يېتىلدۈرۈۋاتقانلار، كۆپ تەرەپلەردە تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارمۇ بار. بىر ئادەمنى كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىۋالاي دەپ ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىدۇ دېگەندىن كۆرە، كونكرېت ئىجادىيەت، ئىزدىنىش جەريانى ئۇنىڭغا كۆپ خىل بىلىملەرنى ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتىدۇ، دېگەن تۈزۈك. كۆپ بىلىش بىلەن كۆپ يېزىشنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى دەۋر ۋە كىتابخانلار ئاپتورلىرىمىزدىن كۆپرەك بىلىشنىلا ئەمەس. كۆپرەك يېزىشنى، كۆپ ساھەلەر بويىچە قەلەم تەۋرىتىشنىمۇ تەلەپ قىلماقتا. لېكىن، بۇ جەھەتتە بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. بەزىلىرىمىز كۆپ نەرسە بىلىشنى تەشەببۇس قىلساقمۇ، كۆپ نەرسە يېزىشنى تازا قوللىمايمىز. مەلۇم بىر كىشىنى «شائىر ھەم پەيلاسوپ» دەپ ئاتاش بىزگە يات تۇيۇلىدۇ.

كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلەپ، نەزەرىيىۋى بىلىم سەۋىيىسىنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتقان ھەم ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىۋاتقان
ياشلىرىمىزغا «ھەممە ساھەگە كىرىۋېلىش پايدىسىز، يا شائىر،
يا يازغۇچى، يا تەنقىدچى، يا پەيلاسوپلا بولۇش كېرەك. بولمىسا
كېيىن ھېچقايسىسى بولالماي قالىسەن...» دەپ «نەسىھەت» قىل-
لىمىز. باشقا پەنلەر ھەققىدە ئاز - تولا بىر نەرسە بىلىش
ئەلۋەتتە شۇ پەنلەرنىڭ ئەھلى بولۇپ كەتكەنلىك ھېسابلانمايدۇ.
بۈگۈنكى ياش ئەدىبلىرىمىزنىڭ پەلسەپە، ئېستېتىكا ۋە باشقا
پەنلەرنى پىششىق ئىگىلەش قىزغىنلىقى يۇقىرى، لېكىن، بۇنىڭ
بىلەن ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتتىن يىراقلاپ كېتىش ئويى يوق، پېشقە-
دەملىرىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆز بىلىمى بىلەن ماختىنىش خىيالى
تېخىمۇ يوق، پەقەتلا باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئەدەبىياتىمىزنى
تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبالغا باشلاش ئارزۇسىلا بار، خالاس. مۇت-
لەق كۆپ ساندىكى پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ئەدىبلىرىمىز ياشلار-
دىكى بۇ خىل قىزغىنلىقنى ئالقىشلاۋاتىدۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ
نەزەرىيىۋى ئاساسىنى بېيىتىش يولىدىكى بۇ ئىزدىنىشنى زور
كۈچ بىلەن قوللاۋاتىدۇ، ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ
تەھرىر بۆلۈملىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. يېقىندا شائىر مۇ-
ھەممەتجان راشىدىن بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ
قالدىم، بۇ پېشقەدەم ئەدىبىمىزنىڭمۇ بۇ ھەقتە ياشلارغا نىسبەتەن
كۆپ ياخشى تىلەكلىرى بار ئىكەن.

ئەدەبىياتنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا تەتقىق قىلى-
ۋەرمەيلى، پەلسەپە، پسىخولوگىيە، ئېستېتىكا، مۇزىكىشۇناس-
لىق، ئېتىكا نۇقتىلىرىدىنمۇ تەتقىق قىلىش تامامەن مۇمكىن
ھەم زۆرۈر. ئەسەر بىلەن ئاپتورنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىد-
ىغان خاراكتېر تەنقىدچىلىكى بىزدە تېخى ئوتتۇرىغا چىققىنى
يوق. ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىن باشقا كاتېگورىيە-
لىرىمۇ تېخى يېتەرلىك تەتقىق قىلىنمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا

ئۈمىدسىزلىنىشىنىڭ ئورنىغا ئۈمىدۋار بولۇپ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىۋاتقانلار مەيلى قايسى ساھەدە بولسۇن قەدىرلىشىمىزگە، ئالقىشلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. كىتابخانلار ئۇلارنىڭ ئىلمىي ـ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ قايسى ساھەدە كۆپ ھەم گەۋدىلىك ئىكەنلىكىگە قاراپ ھامان تونۇۋالىدۇ. ئۇلارغا بىر ياكى بىر قانچە تەرەپتىكى ئەمگىكى ئۈچۈن مۇناسىپ نام ـ ئاتاق ئاتا قىلىدۇ. بۈگۈنكىلەر ئاتا قىلالمىسا، ئەتىكىلەر چوقۇم ئاتا قىلىدۇ. «ھېچقايسىسىدا بولماي قېلىش» ھادىسىسى ئەمدى مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بىزنىڭ پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىزنىڭ تولىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى ۋە باشقا تۈرلۈك ئامىللار تۈپەيلىدىن كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئېلىش، كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى. بەزىلىرى ھەتتا ياش ۋاقتىدا ئۆگەنگەن پەلسەپە، ئېستېتىكا، تىلشۇناسلىقتا ئائىت بىلىملىرىنى كېيىنكى قالايمىقانچىلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن يوقىتىپ قويدى ياكى بولمىسا شۇ ئاساستا نەتىجە قازىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى. ئۇنداق بولمىغاندا بىزنىڭ بۈگۈنكى خېلى كۆپ پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىزمۇ چەت ئەل ئەدىبلىرىدەك بىر قانچە ساھەدىن تەڭ ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان بولاتتى. نۆۋەتتە خېلى كۆپ ياشلار بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى كۆرۈپ يېتىۋاتىدۇ. ئۇلار پەلسەپە، ئېستېتىكا، تىلشۇناسلىق ساھەلىرى بويىچە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. دېمەك، بىرلا ساھە بىلەن ئۆزىنى چەكلەپ قويۇش ياخشى ئەمەس. ھازىرقى ئەدەبىيات مۇنبىرى شېئىر ـ غەزەل ئوقۇپ سىنىشىدىغان سورۇن ئەمەس، بەلكى بىلىم، ئەدەبىي قابىلىيەتنى كۆپ تەرەپلىمە جارى قىلدۇرىدىغان مەيدان، بۇنداق دۇنياۋى ئېقىمغا ئەگەشمەي تۇرۇۋېلىش، ئەگەشكەنلەرگە «شېئىرىڭنى يازساڭ بوپتىكەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن

سوغۇق سۇ سىپىش ئاقىلانىلىك ئەمەس!

ئۈمىدىمىز: بىزنىڭ ئارىمىزدىنمۇ ھەم شائىر، ھەم يازغۇچى، ھەم ئالىملار چىقسۇن. كۆپ ساھەلەر بويىچە ئىزدىنىپ، كۆپ نەرسىلەرنى يازالايدىغانلار چىقسۇن!

# ياشىسۇن تۇرمۇش

تۆھپە يارىتىش، مېھنەت بىلەن ياشاش، ئىجادكارلىق روھىنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامى قىلغان كىشىلەر شۈبھىسىزكى ھاياتنى، تۇرمۇشنى چىن مەنىسى بىلەن سۆيگۈچىلەردۇر. ھاياتنىڭ تەلىپى، دەۋرنىڭ ئۈمىدى دەل ئەنە شۇنداق توختىماي ئىزدىنىدىغان، تىرىشچان كىشىلەردە! مەكتەپ ئىچىپ زامانىۋىلىشىش ئۇرۇقىنى چېچىۋاتقان كېرەم ئىمىن، «8 - مارت» ئاياللار بازىرى ئىچىپ دىققىتىمىزگە سازاۋەر بولغان رابىيە قادىر، مەملىكەتلىك ئاتاقلىق ئون ناخشا چولپىنىنىڭ بىرسى بولغان ئىززەت ئېلياسلار دەۋرنىڭ تەلىپى، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئۆزىدە چاقناتقانلار. ئۇلارغا خەلقنىڭ، دەۋرنىڭ مېھنەت، ئىجادكارلىق، يول ئېچىش، تۆھپىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى سىڭگەنلىكى ئەلگە چۈشىنىشلىك. ئەمما ئىشەنچلىك قىلىپ شۇنى قەيت قىلىمىزكى، خەلقىمىزنىڭ تەسىرلەنگىنى، سۆيۈنگىنى، ھاياجانلانغىنى پەقەت ئۇلار ئېرىشكەن نام شۆھرەتلا ئەمەس، بەلكى سىناقلاردىن يېڭىپ چىققان ئىرادىسى، ئىشەنچىسى، زامانىۋى تەپەككۇرى ۋە زامانىۋى ئېڭىدۇر. ھاياتنى سۆيۈش، قەدىرلەشتىن ئىبارەت يۈكسەك پەزىلىتىدۇر.

جەمئىيىتىمىزدە ماددىي بايلىق ياراتقۇچىلار بىلەن مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىلار تەڭلا مەۋجۇت. ئۇلارنى خەلقىمىز، دەۋرىمىز ئوخشاشلا قەدىرلەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنى بۇ ھاياتقا تېخىمۇ كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن بېقىشقا، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتلارنى يارىتىشقا ئۈندەيدۇ. يازغۇچى غەيرەت ئاسىم ئەنە شۇنداق يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان، مول نەتىجىلەرنى يارىتى-

ۋاتقانلارنىڭ بىرى.

يازغۇچى ئۇچۇن كۆز ئالدىدىكى بۇ زېمىن گويا بىر سەھنە. بۇ سەھنىدە ياشاش ئېتىقادى، ئەخلاقى، قىممەت قارىشى ئوخشاشمايدىغان تۇرلۇك «پېرسوناژلار» رول ئالىدۇ، كىشىنى كۈلدۈرىدىغانمۇ، ئويلاندۇرىدىغانمۇ «ئويۇن» لار ئوينىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ سەھنە تېخىمۇ جانلىنىپ، ئۇنىڭدىكى «پېرسوناژلار» كىشىنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتىدىغان بولۇپ قالدى. دېمەك، بىزنىڭ بۇ يازغۇچىمىز كۆڭۈل قويۇپ ئاختۇرۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئېتىقاد ئۆلچىمى، قىممەت قارىشى دېگەنلەردىكى يېڭى چۈشەنچىلىرى بۇ يەردىن تېپىلاتتى. يازغۇچى مۇنداق بىر ھالەتنى بايقاپ قالدى: بىرى، تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۆزىگە خاس يول تاللىغان، ئەقىدە تىكلىگەن ۋە بۇ ئەقىدە يولىدا تىنماي كۈرەش قىلىۋاتقانلار. يەنە بىرى، تېگىشلىك تۇرمۇش قارىشى ھەم ئەقىدىسى تۇرغۇزۇلمىغانلار. ئەقىدىنىڭ ئارقىسىدىن ئەمەس، ئىشەنچىسىز روھنىڭ ئارقىسىدىن نىشانسىزلا چېپىپ، تۇرلۇك ئۆزگىرىش – تەۋرىنىشلەر ئىچىدە ھايات يولىنى داۋام قىلىۋاتقانلار. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەم دەۋر بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ھەم ھايات قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىقى بولغان ئۆتكۈر زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈش، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىدا بۇنداق ھالەتكە قارىتا جىددىي مۇئامىلىدە بولۇش، تېزدىن بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك چۈشەنچە ھەم كۆز قاراش تۇرغۇزۇشقا تىرىشىش ئىسلاھات ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. يازغۇچى بۇ «چۈش»لىرى ئاساسىدا نادىر ئەسىرى «ئويغانغانلار ۋە ئۇخلاۋاتقانلار» نى يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەر يازغۇچىنىڭ دەۋر روھى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ياخشى نەمۇنىسى ئىدى، بۇ ئەسىرى 1984 ـ يىلى شائىخەيدىكى «بىخ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، شۇ يىلى

«بىخ» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1985 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ 1958 - يىلى خوتەن كېرىيە ناھىيىسىدە بىر خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1973 - يىلى غۇلجىدا خەنزۇچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئىككى يىلدىن كېيىن سۇيدۇڭ ناھىيە كۇرە يېزىسىغا قايتا تەربىيىگە چۈشتى. ئۇ، بۇ يەردە باغۋەنچىلىك، ئۇرۇقچىلىق مەيدانلىرىدا دېھقانلار بىلەن بىللە ئىشلىدى. ھەر خىل زىرائەت تېرىش، مېۋە سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇللىرى، ئاسراش، پەرۋىش قىلىش، ئۆلاش ئىشلىرىغىچە ھەممىسىنى كۆزى بىلەن كۆردى، بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىدى. دېمەك، ئۇ ئۇستا تېخنىك ھەم ماھىر دېھقان بولدى. يازنىڭ بوران - چاپقۇن، يامغۇرلۇق كېچىلىرىدە دېھقانلار بىلەن ئېتىز بېشلىرىدا، ئۆستەڭ ياقىلىرىدا قىر ئېلىپ، توسما سوقۇپ، سۇ تۇتتى. ئۇ ئېتىز قىرلىرىدا بەزىدە سۇنىڭ كېلىشىنى كۈتكەچ دېھقانلاردىن لەتىپە چۆچەك ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەشۇ يىللار ماڭا ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئاددىي ئەمما ئەڭ ئۇلۇغ خىسلەت — ئەمگەكنى سۆيۈش، ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلەشنى ئۆگەتتى. ھاياتتا قەدىرلەش بولمىسا سۆيۈنۈش، ئىپتىخارمۇ بولمايدۇ. ئەمگەك مېنىڭ قابىلىيىتىمنى يېتىشتۈردى. مەن ئۇرۇقنى ئۆز قولۇم بىلەن تېرىدىم، پەرۋىش قىلدىم، يىغدىم، نان قىلىپ يېدىم، مۇشۇ جەريانلار ماڭا ئېسىل خىسلەتلەر، قابىلىيەتلەر ئاتا قىلدى. دۇنيانى ماڭا تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسەتتى» . غەيرەت ئاسىمنىڭ «نىياز ئۇنتۇمايدۇ» («يېڭى قاشتېشى» ۋە «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى») ، «ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك ئەمەس» («ئىلى دەرياسى» ۋە «غەربىي دىيار ئەدەبىياتى») ماۋزۇلۇق ھېكايىلىرىدا مانا بۇ خىل قاراشلار جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. مېھنەت ۋە مېھنەتنى قەدىرلەش

كۆچلۈك تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

«تۇرمۇشتا ئۆزلۈكسىز بىلىم ئېلىش، ئۆزلۈكسىز تەپەككۇر قىلىش — ئىجادىيەتچى ئۈچۈن چىقىش يولى. پەقەت بىلىملا بىزنى بىز ياشاۋاتقان تۇپراقنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇرالايدۇ. بىلىم — بىز نەپرەتلىنىدىغان ئىشلارنى، نەرسىلەرنى گۈزەل ئىشلارغا، ئېسىل نەرسىلەرگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، بىلىم بىپايان قاقاسلىقنى بىپايان بوستانلىققا ئايلاندۇرالايدۇ.» (يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاتىرىسىدىن) بۇ، غەيرەت ئاسىمنىڭ ئىككى يىللىق قايتا تەربىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئويلىغانلىرى، بۇ دەل 1977 - يىلى ئىدى. ئۇ ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن مۇشۇ يىلى «ئىلى گېزىتى» باسمىخانىسىغا ئىشچى بولۇپ كىردى. ئىككى يىللىق گۈزەل يېزا ھاياتى، قايىنام - تاشقىنلىق ئەمگەك، تىرىشچان، ئاقكۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ئۆزىدە بىر مۇنچە ھاياجان، لىرىك تۇيغۇلارنى قالدۇرغانلىقىنى ئۇ قولىغا قەلەم ئالغاندا تونجى رەت ھېس قىلدى. 1979 - يىلى «ئىلى گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە سانىغا بېسىلغان تونجى ئەسىرى «مۇساجان بوۋا» ماۋزۇلۇق ھېكايىسى ۋە «سېنى ئۇنتۇمايمەن»، «سېغىنىش» قاتارلىق بىر قانچە شېئىرلىرى، يازغۇچىنىڭ ئەشۇ يېزا ھاياتىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئوتلۇق تەپتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شۇندىن باشلاپ، ئۇ بىر تەرەپتىن بېرىلىپ ئۆگىنىش، نەزىرىيىۋى بىلىملەر بىلەن قوراللىنىش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا خەنزۇچە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا «سىگنال»، «ئۈچ يىگىت»، «مۆمىن ھەققىدە ھېكايە»، «پۇل خۇدا ئەمەس» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ئېلان قىلىپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. «پۇل خۇدا ئەمەس» ماۋزۇلۇق ھېكايىسى «ئىلى دەرياسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ خەنزۇچە جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىنى ئوقۇشى، ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى، ئوبراز يارىتىش ئۇسۇللىرى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلىرى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقى، بۇ يولدىكى تىرىشچانلىقلىرى ئەمدى يەنە بىر يېڭى «ۋەزىپە» بىلەن باغلاندى. ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ بۇرۇن خەنزۇچە مەكتەپنى ئوقۇغاچقا، ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىش، بىمالال ئىپادە قىلالايدىغان سەۋىيە يارىتىش، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەمدى «ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش» بولۇپ تۇيۇلغانىدى. جىددىي تۇتۇش قىلىش، ئىرىنمەي يېزىش، كۆپ ئوقۇش نەتىجىسىدە، ئۇ ئۆز ئانا يېزىقىنى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىگىلەپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇرچە يازالايدىغان سەۋىيە ياراتتى. بۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە راستتىنلا ئاجايىپ بىر جانلىنىش ھەم ئىلگىرىلەش ئېلىپ كەلدى. يازغانلىرى «تارىم» ۋە ئۇيغۇرچە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندا، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ چىرايىدا مەمنۇنلۇق كۈلكىسى جىلۋىلەندى. بۇنىڭدىن ئۇ ئىلھامغا كەلدى. ئىجادىيەت قىزغىنلىقى، ئىجتىھاتى ھەسسىلەپ ئاشقاندەك بولدى.

غەيرەت ئاسىم 1983 - يىلى «ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدىن ئىمتىھان بېرىپ، مالىيە مەكتىپىنىڭ بىر يىللىق تەرجىمانلار يېتىشتۈرۈش سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەرجىمە نەزەرىيىسى، تەرجىمە ئەمەلىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشتى. ئۇ 1984 - يىلى بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، «ئىلى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرجىمە گۇرۇپپىسىغا خىزمەتكە كىردى. 1985 - يىلى «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسى رەھبەرلىكى غەيرەت ئاسىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى

تالانتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى «مەركىزىي مىللەتلەر ئەدەبىياتى يېتىشتۈرۈش مەركىزى» گە بىر يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆز ئىسمىنى خېلىلا نام - شۆھرەتلىك يازغۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ هو- دۇقتى، هاياجانلاندى. بىر مۇنچە ئىجادىيەتچىلەر، شائىرلار، غەيرەت ئاسىمنى كۆرگەنلىكىدىن، تونۇشقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇشقانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. «ئويغانغانلار ۋە ئۇخلاۋات- قانلار» هېكايىسىنىڭ ئاپتورى دېيىشىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇشتى، ئىجادىيىتىگە ئۇتۇقلار تىلەشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ غەيرەت ئاسىمنىڭ كۆنلىرى بېرىلىپ كىتاب ئوقۇش، ئىجادىيەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، يېزىش، باشقىلار بىلەن ئىجادىيەت ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش بىلەن ئۆتۈشكە باشلى- دى.

1986 - يىلى، ئۇ زور خۇشاللىق، ئىشەنچ، غەيرەت بىلەن ئۆز ئىجادىيەت ئۈستىلىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ يىلنى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت هاياتىدىكى ئەڭ زور بۇرۇلۇش باسقۇچى، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ «ئىشلارنىڭ هەممىسى مەڭگۈلۈك ئەمەس»، «شەنبە»، «ئاق پىكاپ» قاتارلىق هېكايىلىرىنى شۇ يىللاردىكى ئىزدىنىشلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. كىتابخان ئۇنىڭ مەيلى يۇقىرىقىدەك ئەسەرلىرىدىن بولسۇن ياكى يېڭى ئەسەرلىرىدىن «پەرىدەم» («تارىم»، «غەربىي دىيار ئەدەبىيا- تى»)، «قارا بوران» («قەشقەر ئەدەبىياتى»، «غەربىي دىيار ئەدەبىياتى»)، «بىر پارچە كونا گېلەم» («مىللىي يازغۇ- چىلار»)، «ياشىسۇن تۇرمۇش» (پوۋېست، «ئىلى دەرياسى» خەنزۇچە 1987 - يىلى 4 - سان) قاتارلىقلاردىن بولسۇن زېرىكمەيدۇ. بەلكى، بۇ ئەسەرلەردىن بىر خىل ئەقىل، ئىدراك، يېڭىچە تەپەككۇرنىڭ ئۆزگىچە ئۇچقۇنىنى كۆرۈپ ئالىدۇ.

يازغۇچى غەيرەت ئاسىمنىڭ ئىجادىي هاياتى بۇ يىل 12 - يىلغا قەدەم قويدى. ئۇ، بۇ 12 يىلدا توختىماي ئىزدەندى، كۆپ ئوقۇدى، كۆپ يازدى. ئۇ هازىرغىچە 10 نەچچە پارچە شېئىر

ۋە 80 پارچىغا يېقىن ھېكايە، ئۈچ پوۋېست يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «قارا بوران» ھېكايىسى بىلەن «پەرىدەم» ھېكايىسى ھەققىدە «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 90 - يىللىق 6 - سانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش چىڭ بەيجۇڭ ئوبزور يېزىپ، «غەيرەت ئاسىمنىڭ ئىجادىيىتى بىر خىل ئاڭلىق ھالەتكە كىردى» دەپ ماختىدى.

غەيرەت ئاسىمنىڭ بۇلاردىن باشقا ئەدەبىي ئاخبارات، نەسىر، تەرجىمە، ئوبزور قاتارلىق ژانىرلار يېزىقچىلىقى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ «مۇنبەتلىك زېمىن» ماۋزۇلۇق ئەدەبىي ئاخباراتى 1989 - يىلى «ئىلى گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان ماقالە قوبۇل قىلىشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى. ئۇ، يېقىندا تۈزۈلگەن «جۇڭگو يازغۇچىلىرى» لۇغىتىگە كىرگۈزۈلدى. ھازىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

قارىغايلىق تىيانشان باغرى، گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن ئابرال ئېتىكى، كەڭرى ئېتىز - يايلاقلار، دولقۇنلار ئېقىپ تۇرغان ئىلى دەرياسى بۇلار يازغۇچىنىڭ قەلبىدە ياڭراپ كېلىۋاتقان گۈزەل، جۇشقۇن ناخشىلارنىڭ تۈگىمەس ئىلھام بۇلاقلىرىدۇر. يازغۇچى ئۆز خەلقىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى شۇ خەلق ياشاپ كېلىۋاتقان تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى سۆيۈش بىلەن يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن. يازغۇچى، سەن ئاشۇ تۇرمۇشنىڭ ئاشىقى، قۇلى ھەم خوجايىنى بولغىن. ئېھ تۇرمۇش، سەن يازغۇچىغا يەنە قانداق يېڭى ناخشىلارنى ئۆگىتىدىكەنسەنكىن؟

ياشىسۇن تۇرمۇش!

# ھېسام قۇربانىنىڭ لەقىمى نەگە كەتتى؟

ھېسام قۇربان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئەڭ
ئاتاقلىق قىزىقچىسى، خەلقىمىز ئۇ ئېيتقان چاقچاقلاردىن قانغۇ-
چە كۈلۈشىدۇ، ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتىشىدۇ، ئۇنىڭ ھازىر جا-
ۋابلىقى ۋە ئېيتىش جەھەتتىكى ئاجايىپ ماھارىتىگە خەلقىمىز
ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ!

مەن بۇ يەردە ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ كۈلكىلىكلىكى ئۈستى-
دە گەپ قىلماقچى ئەمەسمەن، پەقەت ھېسام قۇربانغا خەلقىمىز
تەرىپىدىن قويۇلغان بىر لەقەمنىڭ بارلىقىنى، بۇ لەقەمنى ساق-
لاپ قېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزاھلاپ قويۇشنى لايىق تاپتىم.

قىزىقچىلىق قىلىش ۋە چاقچاق ئېيتىش ھېسام قۇربانىنىڭ
30 — 40 ياشلىق دەۋرلىرىدىن باشلانغان. ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىشلىرىمىز تېخى روناق تاپمىغان، كىشىلەرنىڭ سەنئەتتىن
زوقلىنىش تۇيغۇلىرى بوغۇپ قويۇلۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا
كوچا - كويلاردا ۋە ئولتۇرۇش - سورۇنلاردا پەقەت ھېسامنىڭ
ئېيتقان چاقچاقلىرىلا ئەڭ زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولات-
تى. سورۇندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنى قايتا
ئېيتىپ كۈلۈشەتتى. ئويلاپ باقسام، بىز كىچىك ۋاقتلىرىمىز-
دىمۇ ئۆزىمىزدىن چوڭلارغا ھېسامنىڭ چاقچىقىدىن ئېيتىپ بەر-
گىن، دەپ تۇرىۋالاتتۇق.

يىللار ئۆتكەنسېرى ھېسامنىڭ چاقچاقلىرى تېخىمۇ كۆپە-
يىپ، تارقىلىش دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ باردى. ئاردا بەزى قى-
زىقچى - چاقچاقچىلار يېتىشكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز چاقچاقلى-
رىنى ئاساسەن ھېسامنىڭ نامى بىلەن ئېيتىپ يۈردى. ئۇندىن

باشقا ھېسام چاقچاقلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارىلىپ كۆچۈپ يۈرۈش جەريانىدا مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردىن تېخىمۇ پىششىقلاندى ھەم مۇكەممەللىشىپ باردى. نەتىجىدە، تۇرمۇشى-مىزنىڭ ھەرقايسى قاتلام - مەزمۇنلىرى ھېسام چاقچاقلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان بولدى. خەلقىمىزمۇ ئەدەپ - ئەخلاق، ئائىلە، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ھېسام چاقچاقلىرىغا سىڭدۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، مانا بۈگۈن ھېسام خەلقىمىز ئارىسىدا چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بىلىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان دانىشمەن شەخس-كە ئايلىنىپ قالدى.

بىز بۇ جەريانلارغا يەنىمۇ دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، خەلقىمىزنىڭ ئۈنى گەپ - سۆزلىرىدىن ھەرىكەتلىرىگىچە كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، بارلىقى كۈلكە بىلەن يۇغۇرۇلغان ئادەم قىياپىتىدە تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن «ھېسام دەل-دۇش» دەپ ئاتىۋالغانلىقىنى نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلالمايمىز. بۇ لەقەم نۆۋىتىدە ئاۋام خەلقنىڭ ھېسام قۇربانغا بولغان ئەڭ زور قىزىقىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئەمدى ھېسامنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، خەلققە مەنسۇپ شەخس بو-لۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەل ئارىسىدا «لەقەمنى خىزىر قويىدۇ» دەيدىغان سۆزمۇ بار. «خىزىر» خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت. خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-تىمىزنىڭ ژانىرلىرىدا ئىجابىي پېرسوناژلار قىيىن ئەھۋالدا قال-غاندا ئەنە شۇ «خىزىر» پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى ئەڭ قىيىن مۇش-كۈلاتلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان تەپسىلاتلار بار. دېمەك، لەقەم بىلەن ئاتاشنى خەلقىمىز ئەزەلدىن يامان ئىش دەپ قارىمى-غان. بەلكى خىزىرنىڭ نامى بىلەن باغلاپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن، لەقەمنىڭ مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز ئەمەس-لىكىنى، لەقەم ئوبيېكتىغــا نىسبــەتەن شۇ كىشىنىڭ ئەمەلىيە-

تىگە، سۆز ـ ھەرىكىتىگە ياكى مىجەز ـ خاراكتېرىگە باغلاپ قويۇلىدىغانلىقىنى دەلىللەش تۇسىنى ئالغان.

بىز ھەممەيلەن قازاقىستان سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان «لەقەم» ناملىق ئېپىزوتنى قىزىقىپ كۆرىمىز. دادا رولىدىكى كىشىنىڭ ئۆز دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ئۇلارنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتاۋاتقانلىقى بىزگە ھېچقانداق يامان تەسىر بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، بىز ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى شۇنچىلىك مېھرىبانلىقنى، ھۆرمەتنى، يېقىنچىلىقنى كۆرگەندەك بولىمىز. خەلقىمىزنىڭ لەقەم قويۇش ئادىتىدىن قارىساقمۇ تارىختىن بۇيان ئۆزلىرى ھۆرمەت قىلىدىغان، ياد ئېتىدىغان شەخسلەرگە لەقەم قويغانىكەن. مەسىلەن، سەلەي چاققان، موللا زەيدىن، ئېلاخۇن كۆككۆز، روزى تەمبۇر قاتارلىقلار.

مەسىلىنىڭ ئىككىنچى تەرىپىگە كەلسەك، خەلق قىزىقچىسى ھېسامنىڭ مېخىش ـ تۇرۇشىنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىپ ئاتال- غان بۇ لەقەم بۇگۈنكى كۈندە پەقەتلا تىلغا ئېلىنمايۋاتىدۇ. «ھې- سام چاقچاقلىرى» ناملىق ئون كىتاب ئۇيغۇر، خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. ئۇندىن باشقا يېقىنقى يىللاردا گېزىت ـ ژۇرنال- لاردا ھېسام تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر ئېلان قىلىنىشقا باشلى- دى. ئەمما، بۇ كىتابلار ياكى ماقالىلەرنىڭ ھېچقانداق يېرىدە «ھېسام قۇربان خەلقنىڭ ئارىسىدا ھېسام دەلدۈش دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر» دېگەن ئىبارىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. خەلق- ئارادا شەخسلەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار خېلى كۆپ. شەخسلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتتا شۇ شەخسنىڭ ياشىغان يىل، ئاي، كۈنلى- رى، ئىسىم ـ فامىلىسى، لەقىمى، تەخەللۇسى دېگەنلەر ئەڭ ئاۋۋال ئېتىبار بېرىلىدىغان، ھەل قىلىنىدىغان مەزمۇنلار سانى- لىدۇ. ئېھتىمال بەزىلەر توغرىدىن ـ توغرا «ھېسام دەلدۈش» دەپ ئاتاشنى ئەدەبسىزلىك سانايدىغاندۇ ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارايدىغاندۇ. بىراق مەن ئويلايمەن، بۈگۈنكى ھېسام

تۆنۈگۈنكى ھېسام قۇربان ئەمەس. ھازىر ھېسامنىڭ نامى خەلقى-
مىزنىڭ قەلبىدە ئەقىل - پاراسەت ۋە دانىشمەنلىكنىڭ سىمۋولى
بولۇپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ تىپىكلىشىش دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈلۈپ، بارغانچە بىر خىل ئىدىئاللىشىشقا قاراپ تەرەققىي
قىلىۋاتىدۇ. خەلقىمىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي،
ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراش، چۈشەنچىلىرىنى ئۇ-
نىڭ چاقچاقلىرىغا سىڭدۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرمەكتە. ھېسامنىڭ
چاقچاقلىرى بولسا خەلقىمىزنىڭ دانالىقى، ئەقىل - پاراستى
بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بارغانچە كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن
ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ ئاپتورى خەلق ئاممىسى بولىدۇ. بۇ چاق-
چاقلار يازما ئەدەبىياتقا ئەمەس، خەلقىمىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى
خەزىنىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ. بىز بۇ ئەمەلىيەتكە يانداشساقلا
ھېسام چاقچاقلىرىنى ھېسام دەلدۈش چاقچاقلىرى دەپ ئاتاۋېرى-
شىمىزنىڭ لازىملىقىنى، بۇ ئىشتا ھېچقانداق «يوشۇرۇپ قې-
لىش» نىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.
خەلقىمىز ھېسام قۇربانىنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەت قىلىدۇ.
ئۇنىڭدىن ئالەمچە پەخىرلىنىدۇ. بۇندىن كېيىن خەلقىمىز ئۆزلە-
رىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە غايىۋى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا
ئۇنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدۇ.
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مەڭگۇ ئۆلمەس شەخس قىلىپ ياساپ چىقى-
دۇ! ... شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈنكى ھېسامنى بىلىش، تەتقىق
قىلىشنى پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى ئەقىل - پاراس-
تى ۋە ئىدىيىسىنى بىلىش، تەتقىق قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
چۈشىنىش، ئۇنى رېئاللىقتىكى ئەينى ھېسام قۇرباننىڭ ئۆزى
قىلىپ قويماسلىق ئاقىلانىلىقتۇر، دەپ تونۇيمەن. بۈگۈنكى ھې-
سامنىڭ نامىنى خەلق قويغان لەقەم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئاتاش
ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا يەنىمۇ كۆلكە ئېلىپ كەلگۈسى! خەلق سەن-
ئىتى ئىجادىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسىگە يەنىمۇ زور ئىستىقبال بول-
غۇسى!

# «ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» فىلىمىدىن ھېس قىلغانلىرىم

ھېكايە فىلىم «ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» كەڭ تاماشىبىنلار ئارىسىدا ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. چۈنكى، فىلىمدە بىر قاتار ۋەقەلىك ھەم كۆرۈنۈشلەر ھەقىقىي، ئەھمىيەتلىك تۈس ئالغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن. بۇ فىلىم بېيجىڭدا تۇنجى قېتىم قويۇلغاندا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەد: «تەڭرىتاغ كىنو ئىستودىيىسى يېقىنقى يىللاردا ئىشلىگەن فىلىملەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى بوپتۇ» دەپ بۇ فىلىمگە يۇقىرى باھا بەردى.

تۆۋەندە، مەن فىلىمنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن مۇنداق بىر نەچچە تەرەپ ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، فىلىم نىساخان ئانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەشتىن باشلانغان. نىساخان ئانا دەل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىر كۈندە دۇنياغا كەلگەن. دېمەك، ئۇ جۇمھۇرىيىتىمىز بىلەن تەڭ ياشتا، بۇ كۈنلەردە يەنە پۈتكۈل جەمئىيەتتە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ دۇنياغا كەلگەن قۇتلۇق كۈنىنى خاتىرىلەش تەنتەنىسى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى، بازارلار ئاۋاتلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىرايىدا بايرام شادلىقى تېپىشىپ تۇراتتى. ھەممە يەردە خاتىرجەملىك، ئىتتىپاقلىق مەنزىرىسى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. دېمەك، فىلىم ئالدى بىلەن بىزگە «ئىككى ئانا» تۇيغۇسىنى بېغىشلايدۇ، ئانىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋەتەنگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قەلبلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئىخ-

تېيارسىز بىرلەشتۇرۇلىدۇ. بۇ يەردىكى «ئانا ـ ۋەتەن» مىلودى-
يىسى فىلىمدىكى باش قەھرىمان ھەسەنجان بىلەن ھۆسەنجانلار-
نىڭ ۋۇجۇدىنى تاماشىبىنلارنىڭ قەلبى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تەڭ
ياڭرايدۇ.

ئىككىنچى، فىلىمدە نىساخان ئانىنىڭ يولدىشى سادىر ئاكا
بۇندىن 25 يىل ئىلگىرى بىر قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىدە خەۋپ
ئىچىدە قالغان بىر خەنزۇ بوۋاقنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش يولىدا
قۇربان بولغان، نىساخان ئانا بۇ خەنزۇ بوۋاقنى ھۆسەنجان دەپ
ئىسىم قويۇپ، ئۇنى ئەينى چاغدا تېخى يېشىغا توشمىغان ئوغلى
ھەسەنجان بىلەن تەڭ بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. فىلىمدە بۇ ئاكا ـ
ئۇكىلارنىڭ چوڭ بولۇپ دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، خەلق ساق-
چىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە
مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان
كۆرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن. فىلىمدە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتى-
پاقلىقىنىڭ ھەم بۈگۈنكى رېئال ئاساسى، ھەم يىراق ئۆتمۈش
ئاساسى بارلىقىدەك ئەمەلىي پاكىت كىنونىڭ ئۆزىگە خاس بولغان
بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىگە قويۇلۇپ يورۇتۇپ بېرىلگەن.
بىزنىڭ بەزىبىر فىلىملىرىمىزدە ئىتتىپاقلىق تېمىسى پەقەت بۈ-
گۈننىڭ ئۆزى بىلەنلا ئىپادىلىنىپ قالاتتى. ئىتتىپاقلىققا دائىر
تەسىرلىك ئىش ـ پائالىيەتلەر قايسى رايون، قايسى ۋاقىتتا
مەيدانغا كەلگەن بولسا، ئۇنى شۇ دائىرە بىلەن باغلاپلا ئەكس
ئەتتۈرۈپ قوياتتى. بۇ، ئەلۋەتتە بىر خىل تار رامكا ئىدى.
«ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» فىلىمى بۇ جەھەتتە باشقىچە سەۋىيە
ياراتقان. فىلىمدىن ئېلىمىز مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ
يەنى تەقدىرداشلىق، ھەمنەپەسلىك، ئۆزئارا ئايرىلالماسلىقتەك
مۇناسىۋىتىنىڭ ھەم ئۆتمۈش تارىخ ئاساسىنىڭ بارلىقىنى، ھەم
بۈگۈنكى ئەمەلىي رېئاللىق ئاساسىنىڭ بارلىقىنى ھەم شۇنداقلا
كەلگۈسى مۇستەھكەم ئاساسىنىڭمۇ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قى-

لىپ يېتىمىز. فىلىمدىكى ھەسەنجان بىلەن ھۇسەنجانلارنىڭ قېرىنداشلارچە ئاكا ـ ئۇكىلىق مۇناسىۋىتى، قويۇق ئىتتىپاقلىقى سادىر ئاكا ۋە نىساخان ئانىلاردەك بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ جان كۆيدۈرۈپ يېتىشتۇرگەن ئىتتىپاقلىق گۈللىرىنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان غۇنچىلىرىدۇر. بىز يەنە شۇنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، ھەسەنجان بىلەن ھۇسەنجانلارنىڭ قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى كەلگۈسىگە قاراپ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ بارىدۇ. بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت چوقۇم ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ئىتتىپاقلىق ئېقىنىغا قوشۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئايرىلالماسلىقىدەك بۇ مۇستەھكەم ئۇلىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ!

ئۈچىنچى، ھەسەنجان ۋە ھۇسەنجانلار ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش خۇشاللىقىدا تۇرغاندا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن قاچقان تۆت جىنايەتچىنى تۇتۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ھېچنېمىگە قارىماي تېزلىك بىلەن ئاتلىنىپ، زىچ ماسلىشىپ، زېرەكلىك ۋە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، قاچقۇن جىنايەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك سۇيىقەستلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە يوقىتىدۇ. بىز بۇ يەردە، فىلىمنىڭ خەلق ساقچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەيسەر ئوبرازىنى ناھايىتى تەسىرلىك يارىتالىغىنىنى كۆرىمىز. فىلىمدە بىزنى تېخىمۇ قايىل قىلىدىغىنى، ساقچىلار بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى زىچ ماسلاشقانلىقىدۇر. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆي ـ ئۆيدىن، كوچا ـ كوچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى پاش قىلىش، تۇتۇش كۈرىشىگە قاتنىشىدۇ. مانا بۇ، بىزنىڭ بۈگۈنكى بىر ئەمەلىي رېئاللىقىمىزدۇر. فىلىمدە بۇ رېئاللىق چىنلىقى، تەبىئىيلىكى بىلەن نامايان قىلىنغان. مەسىلەن، قاچقۇن جىنايەتچىلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ نىساخان ئانىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ، ساقچىلارغا تەھدىت

سىلىنىۋاتقاندا، قوللىرىغا ئارا - گۈرجەك، كەتمەن ئالغان ئامما تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىپ، ساقچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. بۇ پەردە، ساقچىلار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەم بىر قورغان ھاسىل قىلغان. مانا مۇشۇنداق مۇستەھكەم قورغان بولغاچقىلا، قاچقۇن جىنايەتچىلەرنىڭ ھەر خىل سۇيىقەستلىرى ئوڭۇشلۇق بىتچىت قىلىپ تاشلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە فىلىمدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن قاچقان تۇرسۇننىڭ كىچىك ئوغلى دولقۇن ھەققىدىمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. دولقۇن — پارتىيىنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش روھى بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان كېيىنكى بىر ئەۋلاد ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ ۋەكىلى. فىلىمدە ئۇ قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش كۈرىشىدە خېلى چەبدەسلىك ھەم باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ. فىلىمدە دولقۇن نىساخان ئانىنىڭ ئۆيىدە تۇرغاندا، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان، ئەينى يىللىرى سادىر ئاكىغا بېرىلگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىدىكى «ئىنقىلابىي قۇربان» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان خەتلەرنى قايتا - قايتا ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى جان تىكىپ قوغداشتەك جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۇ ئېسىل خىسلىتى بۇ پەردە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگىمۇ سىڭىپ كىرىپ، مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىۋاتقانلىقىدەك تەسىرلىك جەريان ئارقىلىق قايتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» فىلىمىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىيات، كۆز قاراش جەھەتتىكى تەسىرلىرىدىن باشقا، تىل جەھەتتە «ئانا، دادا» دېگەن سۆز ئورتاق تىل سۈپىتىدە قوللىنىلغان، بۇ پەردىكى بۇ ھالەتنى ئىلگىرىكى فىلىملەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بىر خىل «يېڭىلىق» دېگەندىن كۆرە، فىلىمدە ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق تۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان، دەپ باھا بەرسەك مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن.

# «بۇ چۈش ئەمەس» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى تەنقىدىي روھ توغرىسىدا

يېقىندا يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇ چۈش ئەمەس» ناملىق ھېكايىسىگە ئاساسەن شۇناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىنىپ، فىلىم بازىرىدا «قىرلىق ئىستاكان» دىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق جانلىنىشنى پەيدا قىلدى. فىلىمنىڭ سۈرەتكە ئېلىنىش سەنئىتى ئىنتايىن يۇقىرى ھەم نەپىس بولغاندىن سىرت، پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئەمەلىي ھەم ئىنتايىن تەسىرلىك بولغان، ھەم بۇ كۆرۈنۈشلەر زىددىيەتلەرنىڭ ھەر بىر داۋالغۇش پەللىلىرىدە ئېكراندا ماس ھالدا گەۋدىلىنىپ، تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتتىن بېشارەت بېرىش رولىنى ئوينىغان.

«بۇ چۈش ئەمەس» فىلىمىدە زادى نېمە تەنقىدلەنگەن؟

1. فىلىمدە ئالدى بىلەن بېكىنمىچىلىك، ھورۇنلۇق تەنقىدلەنگەن. فىلىمدە كۆرسىتىلگەن بېكىنمىچىلىك ۋە ھورۇنلۇق ئەشۇ كىچىككىنە خىلۋەت مەھەللىگىلا خاس ئەمەس. ئۇ نۆۋەتتە تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا مەۋجۇت. بۇ ئىللەتنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپماي تۇرۇپ، مىللىتىمىزنى روھىي ساغلاملىققا باشلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، فىلىمدىكى تەنقىدىي روھ ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر.

فىلىمدىكى باش قەھرىمان توختى گەرچە گۈلشەننى ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن ئەقلىنى يوقىتىپ «يارىنى پاناھ تارتىپ ئايۋانىدا يېتىۋالىدىغان» لاردىن ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان، ئىشچانلىقى بىلەن گۈلشەننى قايىل قىلىدۇ، ئەقىللىق، زېرەك-

لىكى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى گۈللەندۈرۈپ ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە سودا قىلىپ كېلىپ، بۇ يەر-دىكى ئاممىغا تاشقى دۇنيادىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. لېكىن، دۇنيانىڭ مەركىزىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ مە-ھەللىسى دەپ قاراپ كەلگەن بۇ خەلق توختىدىكى ئۆزگىرىشلەر-نىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئازراقمۇ ئويلىنىپ باقمايدۇ. يەنىلا داۋاملى-شىپ كېلىۋاتقان توختام سۇدەك ئەشۇ ھاياتنى ئۆزگەرتمەسلىك كويىدا بولىدۇ.

توختىنىڭ ئېگىدىكى يېڭىلىق، تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىش-لەرنىڭ فىلىمدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ كۆرسىتىلىشى، بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا نىسبەتەن بىر سېلىشتۇرما قىلىنىش رولىنى ئوينىغان، فىلىمنىڭ تەنقىدلەش سالمىقىنى ئاشۇرغان دېيىشكە بولىدۇ.

2. فىلىمدە توختى بىلەن گۈلشەننىڭ مۇھەببەت تراگېدىيە-سىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كونا قاراشلار تەنقىدلەنگەن. فىلىمدە گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسى بار، بۇ ئۈچەيلەن مۇشۇ مەھەللە بويىچە ئەڭ ھورۇن، ئەڭ تەييارتاپلاردىن، بېكىنمىچىلىكمۇ مۇشۇ ئۈ-چەيلەننىڭ ۋۇجۇدىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. فى-لىمدە تراگېدىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر گەرچە كۆپ تەرەپلەردىن بولسىمۇ، ئاساسلىقى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ، ئۈچەيلەندىكى ئاتا - بوۋىسىنىڭ باي ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش قارىشى. بۇ ئۈچەيلەن سىڭلىسى گۈلشەن-نى ياتلىق قىلىشتا ئۆزلىرىدىكى قالاق ئاڭغا تارتىدۇ. ئىشچان، ئەقىللىق توختى بولسا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە يەنىلا ياقا - يۇرتلۇق بىر يېتىم سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. توختىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ھاللىق تۇرمۇشى بىلەن مەنىۋى جەھەتتىكى ئىلغارلىقلىرى ئۇلار-نىڭ ھېچقانداق دىققىتىگە سازاۋەر بولالمايلا قالماستىن، يەنە ئۇلار تەرىپىدىن قاتتىق ھاقارەت ۋە زەربىگە ئۇچرايدۇ. روھىي

جەھەتتىكى بۇ زەربىنى كۆتۈرەلمىگەن توختى ئاخىرى ئۆز ئۆيىگە ئۆزى ئوت قويۇپ، كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىپ بۇ مەھەللىدىن كېتىپ قالىدۇ.

دېمەك، فىلىمدە خەيرلىك بىلەن باشلانغان بىر ھايات ۋە مۇھەببەتنىڭ ھورۇنلۇق ۋە بېكىنمىچىلىك ئېلىپ كەلگەن تۇرمۇشتىكى نامراتلىق تۈپەيلى روھىي جەھەتتىن كاردىن چىقىشقا باشلىغان ئەشۇ ئادەملەرنىڭ قولىدا رەھىمسىزلەرچە ۋەيران قىلىنغانلىقىغا بىز تولىمۇ ئېچىنىمىز. فىلىم ئاخىرىدا توختى گەرچە ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئالغا ئىنتىلىش روھىدىن ئايرىلمىغانىدى. ئۇ مەرۇپ بوۋايدىن قالغان دۇتارنى قولتۇقلاپ ئۆز تۇرمۇشىنى باشقىدىن باشلاش ئۈچۈن قەدەم ئالىدۇ. فىلىمنىڭ مۇشۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۇتار — ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قارىشىمىزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ خىل قاراش بىزنى ئۈمىدۋار بولۇشقا، ھايات گۈزەللىكىنى سۆيۈشكە ھەر ۋاقىت ئۈندەپ تۇرىدۇ.

# «قۇتادغۇبىلىگ» دە ياشلارنىڭ جورا تاللاش مەسىلىسى

مەۋجۇت رېئاللىقنى ئەخلاقىي، مەنىۋى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىش، غايىۋى بەخت ـ سائادەتلىك جەمئىيەت يارىتىش يولىدا چوڭقۇر ئىزدەنگەن ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق شاھانە ئەسىرىدە ئۆز دەۋرى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، مۇلاھىزە قىلىش بىلەن بىرگە، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ (يۇسۇپ خاس ھاجىپ قىزنىڭ ئورنىغا خوتۇن سۆزىنى، يىگىتنىڭ ئورنىغا ئوغۇل، بەگزادە دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن) مۇھەببەتلىشىش، ئۆزلىرىگە مۇناسىپ جورا تاللاش مەسىلىسىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. ئەكسىچە، بۇ مەسىلىنى ئوخشاشلا ئۆزى تەشەببۇس قىلىۋاتقان غايىۋى «بەخت ـ سائادەت» نى ئۇزاق ۋاقىت تۇراقلاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، ساقلاپ قېلىشتىكى مۇھىم مەسىلىلەر قاتارىدا تونۇپ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىگ» دىكى ياشلارنىڭ جورا تاللاش مەسىلىسى ئۈستىدىكى بايانلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، يەنە بىر نۇقتىدىن ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئېستېتىك ئىدىئالى بىلەن تېخىچە تولۇق چوڭقۇر قېزىلىپ بولۇنمايۋاتقان ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەمىن ئېتىشتىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش.

مەلۇمكى، ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلمىي چۈشەنچىسىدىكى غايىۋى بەخت ـ سائادەتلىك جەمئىيەت يالغۇز ئادىل پادىشاھ (كۈنتۇغدى) ۋە ئۇنىڭ ئادالەتلىك قانۇنى ئۈستىگىلا

قوۋۇلغان بولماستىن، بەلكى گۈزەل ئەخلاق ۋە مەنىۋى پاكلىق (ئۆگدۈلمىش) مۇ مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدا پائالىيەتچانلىق رولغا، ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئىگە بولغان جەمئىيەت بولۇشى لازىم، ئەنە شۇ چاغدىلا غايىۋى بەخت ـ سائادەتلىك جەمئىيەت قىسقا، ۋاقىتلىق، تۇراقسىز ئەمەس، بەلكى ئۇزاققىچە داۋاملاشقان، تۇراقلاشقان، مۇقىملاشقان ھالەتتە بولالايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇلار ياراتقان «بەخت ـ سائادەت» ۋە «ئادالەت» كە ۋارىسلىق قىلىدىغان، ئۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، تۇراقلاشتۇرۇپ بارىدىغانلار ياشلار ئىدى. شۇڭا، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى كىچىكىدىن توغرا يولغا يېتەكلەش، توغرىلىق، راستچىللىق، ۋاپادارلىق، سادىقلىق، ياخشى خۇيلۇقتىن ئىبارەت ئەخلاقىي پەزىلەتلەر بىلەن تەربىيىلەش — ئېنىقكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلمىي تەسەۋۋۇر قىلىدىكى بەخت ـ سائادەتلىك جەمئىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

ياشلارنىڭ (قىز ـ يىگىتلەرنىڭ) تەربىيىلىنىش مەسىلىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى بەخت ـ سائادەتلىك جەمئىيەت قارىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشلارنىڭ تەربىيىلىنىشىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. بىرى، ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش، يەنە بىرى، ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش.

ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش ھەققىدە توختالغاندا، ياشلارنىڭ مۇھەببەتلىنىش، ئۆزلىرىگە مۇناسىپ جورا تاللاش مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇنى ياشلارنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىدىكى مۇھىم ئۆلچەم قىلىپ كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، ياشلار بالاغەتكە يېتىپ مۇھەببەتلىنىش باسقۇچىغا قە-

دەم قويغاندا، ئۆزلىرىگە مۇناسىپ جورا تاللاش ياكى تاللىيالماس-
لىق مەسىلىسى، ئەدىبنىڭ قارىشىچە شۇ ياشنىڭ ئىستىقبالىغا
تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ بى-
ۋاستە تەسىر كۆرسىتەتتى. شۇڭا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئالاھى-
دە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

4505 ئېرىخ ياخشىنى ئال ئىنىگە قىلىپ،
ئوغۇل، قىز ئۆسەر پاك ۋە ساغلام بولۇپ.

ئادەملەرگە ئەخلاقىي جەھەتتىن باھا بېرىش، ئادەملەر ئوت-
تۇرىسىدىكى تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەرنى ئەخلاقىي مىزانلار بويىچە
ئۆلچەش، جەزىم قىلىش — ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسى
تەرەققىياتىدىكى بىر مۇھىم ئەنگۈشتەردۇر. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ
ئەخلاق تېماتىكىسى ۋە ئەخلاققا دائىر ئىلمىي قاراشلارنى پەلسەپى-
ۋى ئاساسلار بىلەن شەرھلەپ، يورۇتۇپ بېرىش ئۇيغۇر كلاس-
سىكلىرىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان نۇقتىسى بولۇپ كەلدى.
ئالىم فارابى «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدا» ناملىق ئەخ-
لاقىي، پەلسەپىۋى ئەسىرى ئارقىلىق غايىۋى جەمئىيەت باراۋەر-
لىكىنى ھەم پاك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭدىن 70 —
80 يىل كېيىن ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن ئەخلا-
قىي جەھەتتىن چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى مەنىۋى
جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىپ، گۈزەل، پاك ئەخلاق ئورنىتىشنى
تەكىتلىدى. ئارىدىن 300 يىل ئۆتۈپ ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر
نەۋائىغا كەلگەندە، جەمئىيەتنى مەنىۋى ئەخلاقىي جەھەتتىن ئىس-
لاھ قىلىشقا ياندىشقان ھالدا بىر قەدەر ئىچكىرىلەپ، غايىۋى
جەمئىيەت ئەخلاقىي زوق بىلەن كۈيلەندى. مانا بۇلارنىڭ ھەممى-
سىدە جەمئىيەتكە ۋە جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك كىشىلىك مۇناسىۋەت-
لەرگە ئەخلاقىي نۇقتىدىن باھا بېرىش، خۇلاسىلاش يېتەكچى

ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.
ياشلارنىڭ مۇھەببەتلىشىش ۋە ئۆزلىرىگە مۇناسىپ جۆرە تاللىشىدا بىردىنبىر مۇھىم شەرت چىراي ئەمەس، بەلكى ئەخلاق دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپ. ئەخلاقىي جەھەتتىن پاك ۋە ساغلام بولۇش، جورا تاللاشنىڭ، ئىناق - بەختلىك ئائىلە بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. شۇڭا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ جورا تاللاشتا نەسەب، تەبىقە ئايرىمايدۇ. قىزدا (مەيلى ئۇ يۇقىرى ياكى تۆۋەن تەبىقىدىن بولسۇن) خۇي مىجەزى ياخشى، مۇلايىم، ئىبىر - ئىسىق، ھايالىق، ۋاپادار بولۇشتەك ياخشى خىسلەتلەر بولسىلا ئۇ گۈزەل بولغان بولىدۇ. ئۇنى جورا قىلىپ تاللاش دانالىقتۇر. ئەگەر قىز چىراي جەھەتتە گۈزەل بولغىنى بىلەن يۇقىرىقىدەك چىن ئەخلاقىي سۈپەتلەردىن ئىبرى بولسا، يەنى «تىلى ئۇزۇن» (ھاكاۋۇر دېمەكچى)، «سۆزى چوڭ»، قوپال، ۋاپاسىز بولسا، ئۇ يەنىلا سەتتۇر، يىگىتلەر بۇنداق قىزنى جورا قىلىپ تاللاشتا ھەزەر ئەيلىشى لازىم. چۈنكى بۇنداقلار:

ئۇ مالغا سۆيەنىپ، تىلىن ئۇزاتۇر،
ئۇنىڭ رويى سېنى ھەر كويغا سالۇر.

دېگەندەك ساپ سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ، گۈزەل ئەخلاقنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. مۇھەببەتتىن، ۋاپادارلىقتىن مال - دۇنيانى ئۈستۈن قويىدۇ. بۇ يولدا ئۆز جورىسىغا ئازاب سېلىشتىن، ئۇنىڭ ساپ ئەخلاقنى ئاياغ - ئاستى قىلىشتىن يانمايدۇ. ھەتتا ئىستىقبالىنى خاراب قىلىدۇ. شۇڭا، ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياشلار ئۇچۇن جورا تاللاشتا ئەخلاقىي ئۆلچەمنى ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىشەنچلىك «مىزان» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جورا تاللاشتا بۇ «مىزان» لارغا ئەمەل قىلماي مال - دۇنيا،

ئابرۇي، نەسەب، چىراي قوغلىشىپ جورا تاللايدىغانلار ئۇستىدە. مۇ كونكرېت، ئەتراپلىق توختىلىپ، بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ تىرەن مەزمۇنغا ئىگە قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بايان قىلىدۇ. قىز ـ يىگىتلەرنى جورا تاللاشتا بۇنداق ئەخلاقسىزلىق خاھىشلاردىن چوقۇم ساقلىنىشقا، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرىدۇ.

ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياشاپ تۇرغان رېئاللىق فېئودال-لىق ئەخلاق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىۋاتقان، فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ھەممىلا يەرنى چىرمىۋاپ كەتكەن رېئاللىق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ياخشى خۇلق، ياخشى پەرزەنتلەر داۋام قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە مال ـ دۇنياغا بېرىلىش، كۆز بويامچىلىق بىلەن يۇقىرىغا يامىشىش، ئابرۇيپەرەسلىك، ئاچكۆزلۈك، بېخىللىقمۇ داۋام قىلاتتى. بۇ ھال بەزىدە ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىغا پاس-سىپ تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارنى ئەخلاقىي قاراش، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە بولغان پوزىتسىيە جەھەتتىن ناتوغرا يوللارغا باش-لىمايمۇ قويمايتتى.

ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە ياشلارنىڭ جورا تاللاش مەسىلىسى ئۇستىدە توختالغاندا پاك ئەخلاقىي پەزىلەتنى، ئىلىم سۆيەر روھنى «مىزان» قىلىشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنە شۇنداق رېئاللىقنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىشتىنمۇ باش تارتمىغان، ئەكسىچە جىددىي پوزىتسىيە بىلەن بۇ خىل رېئاللىققا قارىتا ئۆتكۈر تەنقىدلەش ئېلىپ بارغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ كۆرسەتكەن ناتوغرا يولغا كىرىپ قال-غان ياشلار مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

4487 بىرى، باي خوتۇننى ئالماقنى ئىستەر،
ئۇ بىرسى، چىرايلىق ئۈچۈن كۆز تىكەر.

4488 يەنە بىرسى ئېسىل نەسەبلىك تىلەر،
ئۇلۇغلۇق ئېتىغا قوۋۇۋاتىپ يۈرەر.

ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق مال ـ دۇنيا، چىراي، ئىسىل نەسەب بويىچە جورا تاللاشنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئۈستىدىمۇ كونكرېت توختىلىدۇ. جورا تاللاش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان ياشلارنى بۇنداق يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ياخشى خۇي (ئەخلاق) ۋە بىلىم — ئادەمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك زىننىتى، ئادەم ماددىي بايلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە مۇھىمى ئەشۇ قىممەتلىك «زىننەت» كىمۇ ئىگە بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. ئەدىبنىڭ قارىشىچە ئادەم ياخشى، خاتىرجەم، پاراۋان، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش لازىم. ئەمما، بېيىش نىشانىغا قانداقتۇر ساختىلىق، ئاچكۆزلۈك يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە بىلىمگە ئىنتىلىش روھى ئاساسىدىكى ئالىي تىلەك يولى بىلەن يېتىش كېرەك. ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتىكى ئىلغار قاراشلىرىنى مۇنداق يىغىنچاقلايدۇ.

4499 تىلەك بايلىق بولسا، بېرورمال يىغىپ،
بېيىتقاي سېنى ئۇ قىزىل يۈز قىلىپ.

ئەدىب جورا تاللاشنى بايلىققا ئىگە بولۇشنىڭ، ئابرۇيغا ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرىدۇ. بۇنداق يولغا ماڭغان ياشلارنى تەنقىدلەيدۇ. ئەخلاقىي پەزىلەتلىك جورا تاللاشتىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ تەڭ تىرىشچانلىقى، ئورتاق مەقسەتدارلىقى بىلەن ھالال مېھنەت قىلىپ بايلىق يارىتىشنى بولسا قىزغىن قۇۋۋەتلەيدۇ.

دېمەك، ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان ياشلارنىڭ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ جورا تاللاش مەسىلىسى ئۈستىدە ئوتتۇرىغا قويغان بايانلىرى، بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ناخشا ۋە روھ

مۇشۇ كۈنلەردە «ھاياتلىق لوڭقىسى» پۇتبول ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلىمايدىغان ئادەم يوق. «ئىشەنچ بىلەن ياشنايدۇ ئىنسان، ئىشەنچ دېگەن ھايات يولى» — ئۈمىد، ئىشەنچ، كۈرەش روھىغا تولغان بۇ مىسرالار مۇسابىقە مەيدانىدىكى باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ شان - شەرەپ، غۇرۇر تۇيغۇسى بىلەن بىرلىشىپ كۆك قەھرىگە ياڭرىغاندا تۈمەنلىگەن يۈرەكلەرنى ھاياجانلاندۇردى، لەرزىگە سالدى. 1998 - يىلى، ئۈرۈمچىدە يۈسۈپ ئىمىن پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزگەن ۋاقتىمىزدا ئەسلىي پارىژ ئاسمىنىدا ياڭرىغان بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا ئۆزىمىزنىڭ تېكىستىنى بېرىپ ئورۇنداپ، كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە بىر خىل روھلۇق تۇيغۇمىزنى ئىپادىلىدۇق. دېمەك، ناخشا — ئۇ قايسى مىللەتنىڭ شەنىگە بېغىشلىنىدىكەن، ئوخشاشلا قىممەتلىك! 1998 - يىلى، ئېلىمىز تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈن ئاپىتىگە يولۇقتى. بىز بۇ كەلكۈن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق. ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشۇشچانلىق ئاساسىدا مۇستەھكەم قورغان ھاسىل قىلىپ، ھەر قانداق خېيىم - خەتەرگە باش ئەگمەسلىكتەك بىر قىممەتلىك روھنى نامايان قىلدۇق. كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش روھى بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى مۇستەھكەملەيدىغان، باتۇرلۇق، جاسارىتىمىزنى ئاشۇرىدىغان ناخشىمىزغا ئايلىنىپ، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە سىڭدى. پەلەكلەردە ياڭرىدى!

ناخشا — ھايات ھەقىقەتلىرىنى كۈيلىگۈچى سادا. يارنى سېغىنىش ياكى بولمىسا تاشلاپ كەتكەن ياردىن دادلىنىشلار ئى-

چىڭگە پېتىپ قالغان ناخشا كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك ئوزۇق بېرەلمەيدۇ. بىزدە مۇھەببەت ناخشىلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ ناخشىلار ئالدى بىلەن قۇرۇق ئىشقىۋازلىقنى ئىپادىلىگەنلىكى ياكى بولمىسا بۇلبۇلنىڭ نالىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ئەمەس بەلكى ساپ ئىنسانىي گۈزەللىكنى، ئەخلاق، ۋاپادارلىقنى، ئىشچانلىق، باتۇرلۇقنى مەدھىيىلىگەنلىكى بىلەن ئەھمىيەتلىك سانىلىدۇ. بۇ ناخشىلىرىمىزدىكى يار — ئۇ مەلۇم غايىنىڭ، ئۈمىدنىڭ، ھۆرلۈكنىڭ ئىدىئالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. «لەۋلىرىڭگە سۆيسەم دەيمەن» دېگەندەك ھاياسىز سۆزلەر بىلەن يارىيارچىلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئېنىقكى، ناخشىلىرىمىزنى تۈيۈق يولغا باشلاپ بارىدۇ! مۇشۇنداق تېتىقسىز ناخشىلارنى بۈگۈنكى كۈندە كىچىك باللار ئاڭسىز ھالدا دوراپ ئېيىتىپ يۈرۈشىۋاتىدۇ. بەزى ئارتىسلىرىمىز سەھنىدە ئۆزىنى مۇھەببەت - ئىشق دەردىدە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىۋاتقان سۈپەتتە كۆرسىتىشكە ھەۋەس قىلىشىدۇ. چەت ئەلنىڭ كىنو - ناخشىلىرىدىكى كىشىنى بىزار قىلىدىغان ھالەتلەر ئەمدى بىزنىڭ ناخشىلىرىمىزغا كۆچۈپ، مۇھەببەت ناخشىلىرىمىزنىڭ چىن گۈزەللىكىگە ئېغىر نۇقسان يەتكۈزمەكتە.

يايرىمنى كەپتۇ دېسە، يۈگرەپ چىقاي باشىم بىلەن،
يايرىم يۈرگەن كوچىلارغا سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

قاراڭ. گۈزەللىك، سېغىنىش، ھايا تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇ ناخشىغا، كۆز يېشى قىلىپ دىدارلىشىدىغان چىن تۇرمۇش بىزدە بولغانكى، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ كېتىدىغان ساختا كۆرۈنۈش بىزدە بولغان ئەمەس!

ياشلىرىمىزنىڭ، كىچىك باللىرىمىزنىڭ ۋاپادارلىق، كۆيۈمچانلىق، ئاددىي - ساددىلىق روھىيەتلىرىمىزنى ئۇنتۇپ، شۆھرەتپەرەسلىك يولىغا كىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بەزىدە مۇشۇ يار - يارچىلىق كەيپىياتىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىمىكىن

دېگۈم كېلىدۇ. ياشلىرىمىز رېستورانلاردا يار ئۈچۈن ئېيتىلىۋاتـ
قان ناخشىلارغا دۈرت ـ كەيپە بولۇپ ئايانماي پۇل خەجلىشىدۇ.
ئۆيدە گۆشسىز تاماق ئېتىپ يەپ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان ئاتا ـ
ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ
ئۈمىدى دەيدىغان بۇ ئۇلۇغ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن قانچىلىك يىراقـ
لاپ كېتىۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمەيدۇ. مەن ئۆزۈم بىر
خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن، دائىم ئۆز ئوقۇغۇچىلىـ
رىمغا جاپاكەش ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ھەممىدىن بەكرەك سۆيەيلى
دەپ تەۋسىيە قىلىپ تۇرىمەن. پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش
مەكتەپ ئىچىدە چەكلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق مەكتەپ سىرتىـ
دىكى مۇھىت ئۇنىڭ ئەكسىچە تۇرسا، بىزنىڭ تەربىيىمىزنىڭ
نېمە ئۈنۈمى بولسۇن دەيسىز. ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا دۇكان،
رېستوران ئېچىۋېلىپ، ئاشۇ قوۋۇرغىسى يوق پۇلنى خەجلەيدىـ
غان ئوقۇغۇچىلارنى چەنلەپ ئولتۇرغىنىمىزنى ئۆزىمىزچە بازار
ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمىز دەۋاتىمىز. دۇنياغا داڭـ
لىق خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرىدە
ئەمەس بوستۇن شەھىرىگە جايلاشقان. غەرب دۆلەتلىرىدە ئالىي
مەكتەپلەر، پەن ـ تېخنىكا ئورۇنلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك چوڭ
شەھەرلەرنىڭ سىرتىغا جايلىشىدىكەن. بىز غەربنىڭ ئىلغار تەرىـ
پىنى ئۆگەنگەندە مۇشۇنداق تەرىپىنىمۇ ئۆگەنسەك بولغۇدەك.
لېنىن: «ئىنسانىيەت ئەۋلادىنى تەربىيىلەش ئومۇمىي ۋە مەڭگۈـ
لۈك كاتېگورىيىدۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بىز ئوقۇغۇچىلىرىـ
مىزنى، ياشلىرىمىزنى تەربىيىلەشنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلمىسىنى
بەرپا قىلماي تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھاۋاسىنى تۈزىمەي تۇرۇپ
سىنىپلاردا ھەر قانچە سۆزلىگىنىمىز بىلەن بەرىبىر ئوخشايدۇ،
دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن.

مەن بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بېيجىڭدا بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇـ
چى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدىم. بۇ ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئىنگـ

لىمىز تىلىدا دۆلەتلىك ئىمتىھانىدا ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم بولغان سەككىزىنچى دەرىجىدىن ئۆتۈپ بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندى. «بىر تىلنى ئارتۇق بىلىش بىر ئالىي مەكتەپنى ئارتۇق پۈتتۈرگەن بىلەن باراۋەر بولىدۇ» دېگەن ئەقلىي يەكۈننى مەن ئاشۇ بالىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدىم. بىر كۈنى ئۇ بالا مېنى ئىزدەپ ياتىقىمغا كېلىپ، مەندىن پۇل قەرز سورىدى. مەن ئۆزۈمگە ئارانلا يېتىۋاتقان مائاشىمدىن قانداقمۇ ئېشىنىپ بۇ بالىغا بېرەلەرمەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ بېشىم قېتىپ، ئۇنىڭدىن قانچىلىك لازىملىقىنى تەسلىكتە سورىدىم. «ئون بەش سوم بولسا يېتەتتى، بىر مايكا بىلەن بىر خەي ئېلىپ، يازلىق تەتىلگىچە كىيىپ تۇراي دېگەنىدىم» دەپ جاۋاب بەردى ئۇ بالا. مەن بۇ بالىنىڭ قولىغا يىگىرمە سوم تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ياتىقىمدا ئۇزۇنغىچە ئويلاندىم. ئۆزۈمنىڭ كەم بولغاندا 100 سوم سورايدىغۇ، دەپ قالغان خىيالىمنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىدىن تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلدىم. شۇ كىچىككىنە ئىشتىن كېيىن مېنىڭ بۇ ئاددىي ـ ساددا، ئەمما بىلىملىك ئۇيغۇر پەرزەنتىگە بولغان ھۆرمىتىم، قايىللىقىم تاكى ھازىرغىچە قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

كىچىك ۋاقىتلىرىمدا، يېزىمىزدىكى ئۆيىمىزدە سىملىق رادىئو بولىدىغان. شۇ رادىئودا ئارىلاپ يار ھەققىدىكى ناخشىلار ئېيتىلىپ قالاتتى. بىر كۈنى رادىئودا ئاشۇنداق بىر ناخشا ئېيتىلىۋاتقاندا مەن ئاپامدىن تۇيۇقسىزلا «يار نېمە دېگەن گەپ» دەپ سورىغانىدىم. ئاپام ماڭا «ئاۋۇ دەريانىڭ يارىنى دەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئاپامنىڭ بۇ ئىزاھاتى ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. بۇ ئىشنى ھەر قېتىم ئېسىمگە ئالغىنىمدا چوڭقۇر ئويلىنىپ قالىمەن. ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىزنى ھايالىق، ئەدەپلىك، نومۇسچان قىلىپ تەربىيىلەشنى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىدۇ. بىزنىڭ پەخرى ھېسابلىنىدۇ، ئېھتىمال، بۇ

بىزنىڭ ئەخلاقلىق ئادەم بولغىنىمىز ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىلغار قىم-
مەت قارىشىمىز بولسا كېرەك. ھايالىق، نومۇسچانلىق پەزىلەت
جۈملىسىدىندۇر. ئامېرىكىلىق بىر پسىخولوگىيە ئالىمى مەخ-
سۇس نومۇسچان كىشىلەرنى تەتقىق قىلىپ «نومۇسچان كىشىلەر
غايىلىك، ۋىجدانلىق كۆرۈنىدۇ. باشقىلارغا ئىشەنچلىك كۆرۈنى-
دۇ. جەلپ قىلارلىق، دوستلۇققا سادىق بولىدۇ» دەپ يەكۈن
چىقارغان. دېمەك، بۇ جەھەتنى بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىز،
خەلقىمىز ئەزەلدىن تونۇپ يەتكەن، ناخشىلار ئارقىلىق كېيىنكى
ئەۋلادلىرىغا بىلدۈرگەندى. بىز ئۈچۈن ئەمدىكى مۇھىم ئىش
چىن ھۆرمىتىمىز ۋە ساداقىتىمىز بىلەن بۇ روھنى قوبۇل قى-
لىشتۇر.

ئۇيغۇر خەلقى بارلىقىنى شېئىرغا — ناخشىغا ئايلاندۇرۇۋەت-
كەن خەلق. دۇنيانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن تارتىپ
ھاكىمىيەت، دۆلەت باشقۇرۇش، قانۇن - تۈزۈم، ئالەم، ھايات-
لىق ھەققىدىكى قاراشلىرىغىچە بولغان بارلىق ئوي - پىكىرلىرى-
نى ئاساسەن شېئىرىي ناخشا شەكلىدە يېزىپ، ئېيتىپ قالدۇر-
غان. «قۇتادغۇبىلىگ» بۇ جەھەتتىكى ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ. ئەدە-
بىيات پېشۋاسى گوركى روس خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى
«روس خەلقىنىڭ تارىخى» دېگەنىدى. خەلقىمىزنىڭ ناخشا -
قوشاقلىرىمۇ خەلقىمىزنىڭ تارىخىدۇر. «ھارۋىكەش ناخ-
شىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «ئوما ناخشىسى»، «خامان
ناخشىسى»، «سادىر ناخشىسى»، «گۈلەمخان ناخشىسى»،
«ۋاڭخۇلۇ ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلىرىمىزدا خەلقىمىزنىڭ
ئەمگەك تۇرمۇشى، ھەر قانداق مۇشكۈللۈكلەرگە باش ئەگمەيدى-
غان قەيسەر روھى، باتۇرلۇقى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئاتاقلىق
ناخشىچىمىز مەرھۇم ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ ئاكا بۇ ناخشىلارنى
ئېيتقاندا مەشرەپ ئەھلى، ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلىرىمىز ئۆز
كەچۈرمىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆز يېشى قىلىپ

كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدۇق. ئاڭلىساق ياۋروپا خەلقلىرى بىزنىڭ ھېچقانداق بىر نوتا كىتابىغا قارىماي تۇرۇپ شۇنچە ئۇزۇن ناخشا - مۇقاملىرىمىزنى بىمالال ئورۇنلاۋاتقانلىقىمىزدىن بەكمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلىشىدىكەن.

دېمەك، ناخشىنىڭ رولى، ئۇنىڭ خاسىيىتى بەزىدە ھەر قانداق نەرسىنى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قىممەتلىك بولىدۇ.

ناخشا مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى دەپ قارالسا، بۇ مۇھەببەتنىڭ دائىرىسى زادى قانچىلىك؟ بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرىش تەس. ئەمما، قىز - يىگىتلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ناخشا ئۈچۈن ھەقىقىي تۇپراق بولالمايدۇ. بۇ ھەقىقەت! ناخشىنى قانداقتۇر «ئۆتمەكتىمىز شاد كۈلۈپ، غەم قايغۇنى ياد بىلىپ» دەيدىغان مۇقامغا چۈشۈرۈۋېلىش يارىمايدۇ. «بۇغدا ئاتا» ناخشىسىدىكى «باغرىڭدىكەن ئەجدادلىرىم قەۋرىسى؛ نە بارايمەن ئىلتىجا قىلىپ تەڭرىگە، سەندە تۇرسا بارچە تەڭرىلەر تەڭرىسى» دېگەن مىسرالار يۈرەكلىرىمىزدە لاۋۇلدىغان ئەل - يۇرت مۇھەببىتىمىزنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكتە ئېيتىلىشى - ھە! ؟ كىروران گۈزىلىنىمۇ ئالدىراپ - تېنەپ ساھىبجامال يار ئوبرازىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدۇق. بىر قىرغىز يازغۇچىسى «كىروران گۈزىلى — مېنىڭ ئانام» دەپ ئۇنى ئۇلۇغ ئانىغا ئوخشىتىپ تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. بىز شۇندىمۇ يەنىلا تۈزۈك ئويلانمىدۇق. تەپەككۇرىمىزنىڭ نەقەدەر تارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ، ئاغىنىلەر!

ئىلگىرىكىلەر بۇ ئەزىز يۇرتىمىزنى «بىر ئېرىقىدا ئالتۇن ئاقىدۇ، بىر ئېرىقىدا كۈمۈش ئاقىدۇ» دەپ تەرىپلىشەتتىكەن. بەرىكەت ۋە مەمۇرچىلىق بىلەن تولغان بۇ يۇرت ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ كەڭ باغۇ - بوستانلىقلىرى، چىمەن - يايلاقلىرى، دەريا بويلىرى... بىلەن سەيلە - مەشرەپلەر ئۈچۈن ساھىبخان بولۇپ

كەلگەن. بۇ سورۇنلاردا ياڭرىغان ناخشىلار كىشىلەرگە غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بېغىشلايتتى. ئەۋلادلىرىمىز مانا شۇنداق تەبىئىي سەنئەت مەكتەپلىرىدە — تەبىئەتنىڭ قوينىدا ساپدىل، راستچىل بولۇشنى ئۆگىنەتتى. ئەزىز يۇرتنى سۆيۈپ ئۇنى تېخىمۇ ئالتۇن - كۈمۈشكە ئورايدىغان جاسارەت، ئىرادە بىلەن يېتىلەتتى. بۇ يەردە ناخشىلىرىمىزدا ئەكس ئەتكەن غايىۋىلىك چۈشەنچىلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇمىد، ئارزۇ، تەسەۋۋۇر، ئىشەنچلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېلىدىغان بۇ غايىۋىلىك قاراشلىرىمىز بىزگە جاسارەت بەخش ئېتىدۇ. بىزنى ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ئاقكۆڭۈللۈك، ساددىلىق بىزنىڭ ناخشىلىرىمىزدىكى يەنە بىر مېلودىيە، بۇ يەردىكى ساددىلىق گۈزەل ئەخلاقىي چۈشەنچە بولۇپ، ھەرگىزمۇ كەم ئەقىللىق، دۆتلۈكنى يوشۇرغۇچى نىقاب ئەمەس. شۇڭا، بىز ساددا دېگەن سۆزىمىزنى ئاياپراق ئىشلەتسەك بولغىدەك. بىر سورۇن ئەھلىدە بىر يىگىتكە سۆز بېرىلدى. ئەمما بۇ يىگىت تولىمۇ چولتا، باش - ئايىغى يوقلا قىلىپ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. شۇ ئارىدا بىرەيلەن «خەنزۇچە ئوقۇغان باللار مۇشۇنداق ساددا بولىدۇ» دەپ قوشۇپ قويدى. مەن سەل ئەجەبلەندىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھېلىقى يىگىتكە خەنزۇچىسىغا تازا ئوبدان سۆز قىلىپ بېرىشنى ئېيتتىم. يىگىت ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆز ئانا تىلىدا ئېيتقان بايىقى گەپلىرىدىن باشقا بىر نېمە دېيەلمىدى. بىلدىمكى، ئۇنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ دېيەلمەيدىغان، نۇتۇق سەنئىتى يوق، پىكىر قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن، دۆتلىكى تەرىپىدىن بىزنىڭ ساددا دېگەن سۆزىمىز ھارام ئىستېمال قىلىنىپ كەتكەنىدى. «ئىست! خەلقىم سەندەك قوش تىللىق يىگىتلەردىن قانچىلىغان ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ - ھە! باشقا مىللەتنىڭ تىلىنى، پەن - تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ئۆز خەلقىڭ ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولغىن دەپ

ئۇقۇتساق، دۆت بولۇپ چىقىپسەنغۇ…» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزگەن بولدۇم. ناخشىلىرىمىزدا كۈيلەنگەن ساددىلىق قارىشىمىزنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقىمىزدىكى ئەينەنلىكىنى ساقلاش بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قارىشىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم بولغان ھادىسىدۇر. مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى گېزىت — ژۇرناللىرىمىزدا يارىماس ئىللەتلىرىمىز يۈرەكلىك بىلەن تەنقىدلەندى. دەۋر تەلىپى بىلەن ماسلىشالمايدىغان كونا قاراش — چۈشەنچىلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭى، ئىلغار قاراشلارنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە ياخشى تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەپسۇس، بۇ تەشەببۇسقا ئەڭ ئاۋۋال جاۋاب قايتۇرغىنى ياپونىيەلىك بىر سەيياھ بولدى. ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىمىزدىن بىر تاغار تاشلاندۇق نەرسىلەرنى تېرىپ چىقىپ سىرتقا تاشلىدى. بىزنىڭ تەبىئەتنى قوغداش، پاكىزلىق ئېڭىمىز ئەنە شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ياپونىيىدە باللارغا باشلانغۇچ مەكتەپتىلا بىزنىڭ يېرىمىز ئاز، بايلىقىمىز كەمچىل، بىز پەقەت پەن - تېخنىكا، بىلىم ئارقىلىقلا قۇدرەت تاپالايمىز، دەپ تەربىيە بېرىدىكەن. ياپونىيە خەلقى ئىشنى ھەر بىر ئادەمنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىدىن باشلىغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە زور پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇۋاتىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يۇيۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشمەكتە. سودىدا پىشقان يەھۇدىلار دۇنيادا پەقەت ياپونىيە سودىگەرلىرىگىلا يۈزدە - يۈز ئىشەنچ قىلىشىدىكەن.

بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىمۇ «ئەي ئىنسان، ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تەپەككۇر ئەيلەگىل، ھەر نەرسە ئىزدەسەڭ ئۆزەڭدىن ئىزدەگىل» دەپ خىتاب قىلغانىدى. ئۆزەڭدە بار بولغان ئالەمچە قەدىر - قىممەتنى پەقەت ئۆزەڭلا نامايان قىلالايسەن، ۋۇجۇدۇڭدا

ئاجايىپ كامالەت، شىجائەت، ئەقىل يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى
ئۆزەڭنىڭ سۆيىتىڭگە ئايلاندۇرۇش باشقا ئادەمنىڭ قولىدىن كەل-
مەيدۇ. ھەر كىشىنىڭ قابىلىيىتى ئۆزى ھېس قىلغاندىن زور
دەرىجىدە يۇقىرى بولىدۇ. ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسانلار
پەقەت ئەقلىنىڭ يۈزدىن ئۈچ پىرسەنتىنىلا ئىشلىتىپ كەپتۇ.
نيوتونلا بەش پرسەنتىنى ئىشلىتىپتۇ. ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ ئە-
سىردىكى ئەڭ زور پاجىئەسى قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش ئوتلىرى
بولماستىن، ئەكسىچە ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشلىتىشنى
بىلمىگەنلىكىدە ئىكەن. دۇنيادا تۇغما ئەقىلسىزلىق ھادىسىسى
مەۋجۇت بولمىغىنىغا ئوخشاش، تۇغما ئەقىللىق بولۇش ھادىسى-
سىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ
ئېچىشلا ئەڭ توپ سەۋەپتۇر. ئۈمىدكە ئىرادە قوشۇلسا يەڭگىلى
بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق. قىيىن ئىشلارنى قىلىش ئىنسان
ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىكتۇر. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ پاي چېكى
بازىرىدا «ئالتۇن تاغقا بارىدىغان يول دەل كىشىلەر بارمايدىغان
يەردە» دېگەن سۆز مەشھۇر ئىكەن. باشقىلار قىلىپ باقمىغان،
قىلىشنى ھەتتا ئويلاپمۇ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت
قىلىش، چوقۇمكى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار تالللىۋالىدىغان
يولدۇر! دىققەت قىلساق، بىزنىڭ ھازىرقى تىلېۋىزىيە فىلىملى-
رىمىزنىڭ كۆپى مۇشۇنداق ھەقىقەتكە بېغىشلىنىۋاتىدۇ. ناخشى-
لىرىمىزدىمۇ بۇنداق سادانى كىم يوق دەپتۇ!
قۇتلۇق 21 - ئەسىر قۇچاق ئېچىپ كەلدى. ناخشىلىرىمىز-
دىكى ئىلىم - پەن روھى بىزگە تېخىمۇ قىممەتلىك بولغۇسى!
بىز ئەمدىكى تەرەققىياتقا نەزەر سالساق، دۇنيانىڭ پەن - تېخنى-
كا، تىل ۋە يېزىقتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەرەپتىن ئورتاقلىششقا
قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس. ئىنگلىز تىلى
ۋە لاتىن يېزىقى پۈتكۈل پەن - تېخنىكىنىڭ ئالاقە قورالى سۈپى-
تىدە خىزمەت قىلماقتا. كەلگۈسىدىكى يېڭى ساۋاتسىزلار دەل

مۇشۇ خىل تىل ۋە يېزىقنى بىلمەيدىغانلار ھېسابلىنىدىكەن. ئالدىمىزدىكى 21 - ئەسىردە كىشىلەر ئاي شارىدا ھاياتلىق بەرپا قىلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. ئىلىم - پەننىڭ توسۇۋالغۇسىز كۈچىدىن قارىغاندا، بۇ ئارزۇمۇ رېئاللىققا ئايلىنىشى تۇرغان گەپ. بۇرۇن بىزدە «ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن، ئارپا - بۇغداي ئاش ئىكەن» دەيدىغان بىر ماقال بار ئىدى. بۇ بىزگە تەبىئەتتىكى تەييار مەھسۇلاتلارغا تايىنىش ھەقىقى ھاياتلىق يولى ئەمەسلىكىنى، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات يولى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن «ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن، پەن - تېخنىكا ئاش ئىكەن» دەيدىغان دەۋرلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى تەسەۋۋۇرغا ئۇيغۇن. 21 - ئەسىر ھەقىقىي پەن - تېخنىكا ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەسىرنىڭ گۈللىنىدىغان كەسىپلىرى ئىچىدە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ساھە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىكەن. دۇنيا ئىقتىسادىدا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى كاللىسىدا دەپ قارايدىكەن. ئۇلار بىلىم ۋە تىل ئۆگىنىشنى تاماقتىنمۇ ئەۋزەل كۆرىدىكەن. بىز بالىلىرىمىزغا تىل ئۆگىنىشنىڭ قىممىتىنى تونۇتايلى. باشقا ئىلغار مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگەنمىسەك ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى بولالمايسەن، دەپ تاپىلايلى. ھەممەيلەندە ئۆز ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەش تۇيغۇسى بار. بىراق، باشقا خەلقلەر تىلىدا سۆزلىشىش ھەرگىزمۇ ئۆز تىلىمىزنىڭ قەدىرىنى سۇندۇرغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

ناخشا خۇددى مۇھەببەتكە ئوخشاش. ئۇ مەڭگۈ قېرىمايدۇ. كونىرىمايدۇ. ئۇنى ھەر بىر قەلب، ھەربىر يۈرەك يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ناخشىلىرىمىزدىكى روھ تېخىمۇ شۇنداق!

# دىلبەر يۇنۇس ۋە موڭغۇل ناخشىچى تېڭگىر

دىلبەر دېگەن بۇ ئىسىم پۈتۈن ئۇيغۇرلارغىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنياغا تونۇش. كىشىلەر قە-ىزنىقان ھالدا ئۇنى «جۇڭگو بۇلبۇلى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. دېمە-سىمۇ، دىلبەرنىڭ فىنلاندىيە دۆلەتلىك ئوپېرا ئۆمىكىدىن ياڭرى-غان جاراڭلىق ھەم نازۇك، زىل ئاۋازى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سەنئەتخۇمار كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. گېرما-نىيە، شۋېتسىيە ۋە شىمالىي ياۋروپادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر دىلبەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ ئۇچۇن ناخشا كېچىلىكلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. دىلبەر ھازىرغىچە ئون نەچچە دۆلەتتە جەم-ئىي 100 نەچچە قېتىم مەخسۇس ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. بۇنداق زور نەتىجە سەنئەت ساھەسىدە كەمدىنكەم ئۇچرايدۇ.

دىلبەر ئانا يۇرتى شىنجاڭغا كېلىپ 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - ۋە 26 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانى-سىدا يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. روزا ھېيت ۋە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دىلبەرنىڭ بۇ ناخشا كېچىلىكىنى مىليونلىغان تاماشىبىنلارغا تارقاتتى. كىشىلەر دىلبەرنىڭ ناخشا ئېيتىش ماھارىتى، ئورۇن-لاش ئۇسلۇبى، ياۋروپاچە ئاھاڭلىرىدىن ئۇنىڭغا قايىل بولدى. ئۇ بۇ كېچىلىكتە جەمئىي 13 ناخشا ئورۇنلىدى. لېكىن ھېچقان-داق چارچىغاندەك، ھارغىنلىق ھېس قىلغاندەك قىلمايتتى. بۇ-نىڭدىن دىلبەرنىڭ ناخشا ئورۇنلاشتىكى قىيىنلىق دەرىجىلىرىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنلىكىنى، ناخشىلا بولىدىكەن، ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈ-

ۋالغىلى بولىدۇ.

دىلبەر دېگەن ئىسىم ئەسلىدە پارسچە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا مەھلىيا قىلغۇچى، كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە تارتقۇچى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. سەنئەتمۇ دۇنيادا كىشى كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتقۇچى ئاجا-يىپ بىر تۇر. مەيلى دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولمىسۇن، سەنئەت-نى سۆيمەيدىغان ئىنسان بولمايدۇ. ئەكسىچە، سەنئەت كىشىلەر-گە جەڭگىۋار روھ بېغىشلاپ، ئۇلارغا گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ. سەنئەت بىلەن دىلبەر ئىچكى جەھەتتە مانا شۇ دەرىجىدە يېقىنلىققا ئىگە.

ئېلىمىزدە موڭغۇل خەلقىنىڭ تېڭگىر ئىسىملىك بىر داڭ-لىق ناخشىچىسى بار. يېقىندا ئۇنىڭ «تېڭگىر» ناملىق ناخشا پىلاستىنكىسىدىن ئۇچى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى. ھازىر كىشىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تېڭگىرنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاش مودىغا ئايلاندى. جۇملىدىن مەنمۇ تېڭگىر-نىڭ ناخشىلىرىنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ بىرسى. تېڭگىر ھازىر بېيجىڭدا تۇرىدۇ. ئۇ ئۆز يۇرتىدىن — يايلاق تۇرمۇشىدىن ئاي-رىلغىلى 20 يىل بولغان. لېكىن، ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلى-سىڭىز ناخشىلارغا ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىغا، يايلاققا بول-غان سېغىنىشىنىڭ شۇنچىلىك كۈچلۈك سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

تېڭگىرنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبى دىلبەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ئانچە ئوخشىمايدۇ. دىلبەر ياۋروپا ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ شۆھرەت قازاندى. تېڭگىر موڭغۇل ناخشىلىرىنى ئېيت-تىش بىلەن داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىشتىكى سۈرئىتى ئاستا، مۇڭلۇق بولۇش بىللە كەيپىياتنى ئىپادىلىشىمۇ ئىنتايىن روشەن. سىز ئۇنىڭ خەلق ناخشىسى «يايلاق كېچىسى» (گۈزەل كۆكدالا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئېيتقاندىكى تالانتىغا قايىل بولماي قالمايسىز. دىلبەر بولسا يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشى-

چى، ئۇنىڭ ماھارىتى يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىلارنى ئورۇنلاشتا كۆپرەك گەۋدىلىنىدۇ. دىلبەرنىڭ ناخشا كېچىلىكى مەخسۇس كۆرۈنۈشىنى كۆرگەن كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ئورۇنلانغان ناخشىلار ئىچىدە «گاسسى قىزى»، «سۆيۈملۈك ئاتا»، «ئېيتمىغىن گۈزەل» قاتارلىق يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىلار ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئورۇنلاندى.

دىلبەر ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنى مۇزىكا ئىنىستىتۇتلىرىدا مەخسۇس تەربىيىلىنىش بىلەن چەت ئەل سەھنىلىرىدە ناخشا ئېيتىشقا تايىنىپ يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئۇ، 1987 ـ يىلى مەركىزىي مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا ئىلمى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ مۇزىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقاندا، يەنى 1984 ـ يىلى فىنلاندىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك مىريام ھايلىن خەلقئارا ناخشا ـ مۇزىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1987 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تەكلىپكە بىنائەن فىنلاندىيە دۆلەتلىك ئوپېرا ئۆمىكى ئوينىغان «دۆت ۋەزىر» ناملىق ئوپېرادا باش قەھرىماننىڭ رولىنى ئېلىشقا قاتناشقان. دىلبەرنىڭ فىنلاندىيىدىكى ئىككى قېتىملىق مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنى دۇنياغا تونۇتتى. دىلبەر 1993 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە گېرمانىيە بونن دۆلەتلىك ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ تەكلىپلىك ناخشىچىسى بولدى. 1997 ـ يىلى ۋە 1998 ـ يىلى دۇنياغا مەشھۇر يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى بىر گىت نىلسۇن خانىم نامىدىكى كاتتا مۇكاپات — «شۋېتسىيە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوپېرا ئارتىسى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. مانا بۇ شان ـ شەرەپلەر بىر تەرەپتىن دىلبەرنىڭ دۇنيا سەنئەت ساھەسىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى تاۋلاپ ئاجايىپ تالانت ئىگىسىگە ئايلاندۇردى.

# ئالىي مەكتەپ يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتۇشى ھەققىدە مۇھاكىمە

يېزىقچىلىق دەرسى مەيلى ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپلەردە بولسۇن ياكى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا بولسۇن مەخسۇس ئۆتۈلىدىغان ئاساسىي كەسىپ تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇ دەرس ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى يىللىقىدا ئۆتۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلىنغان چۈشەنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە، ئىجادىيەت نەزەرىيىسى ئۆگىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ يېزىقچىلىق دەرسىنى ئۆگىنىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئاساسىي نەزەرىيىۋى بىلىملىرىگە ۋە ئەمەلىي ماھارىتىگە تايىنىپلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ياكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا كىرىشىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا يولغا قويۇلىدىغان يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتۇشى جەزمەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياكى نەزەرىيە تەتقىقات قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشىگە تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل بەدىئىي ماھارەت تۈرغۇزۇشقا قارىتىلىشى لازىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلار يېزىقچىلىق دەرسىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ھېچ بولمىغاندا بىرەر ژانىردا ئەمەلىي يېزىش ماھارىتى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇ ھال شۇ ئوقۇغۇچىلاردا يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتۇشىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان قاراشنى سۇسلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە كېيىنكى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئوقۇتۇشى دەرسىگە بولغان تونۇشى ۋە

قىزىقىشىغىمۇ زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەي قويمايدۇ. بۇ
يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتۇشى ئەمەلىيىتىدە ھەرگىز سەل قاراشقا
بولمايدىغان بىر مۇھىم مەسىلە.

ئالىي مەكتەپ يېزىقچىلىق دەرسى مەزمۇن جەھەتتىن ئوتتۇ-
را مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى ئوقۇتۇشىدا ئېلىپ بېرى-
لىدىغان «نۇقتىلىق مەشق ماقالىسى يېزىش» نىڭ تەبىئىي داۋا-
مىدۇر. ئاساسىي بىلىم جەھەتتىكى باغلىنىشچانلىقنى، ئىزچىل-
لىقنى ساقلاش ئۈچۈن شۇنىڭدەك تېخىمۇ چوڭقۇر، مۇكەممەل-
رەك بىلىم ئىگىلىتىش مەقسىتىدە ھازىر بىزنىڭ ئالىي مەكتەپ-
لىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا ئۆتۈلۈۋاتقان يېزىقچىلىق
دەرسى ئومۇمەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپتە ئاساسىي جەھەت-
تىن ئۆگىنىپ بولغان بىلىملەرنى سۆزلەشتىن باشلىنىدۇ. مە-
سىلەن، بايان ماقالىسى، چۈشەندۈرۈش ماقالىسى، مۇھاكىمە
ماقالىسى، بۇلارنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكلىرى، تەلەپ، مەق-
سەت قاتارلىقلار. بۇ توغرىدا سۆزلىنىدىغان نەزەرىيىۋى چۈشەن-
چىلەرمۇ يەنىلا ھەممە ژانىر ئۈچۈن ئورتاق بولغان ماتېرىيال
يىغىش، تېما، قۇرۇلمىسىنىڭ رەتلىك، ئىخچام بولۇش -
بولماسلىقى قاتارلىقلاردۇر.

ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئەمە-
لىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا «نۇقتىلىق يېزىقچىلىق مە-
شىقى» سەھىپىسى ئېچىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ھەر بىر ژانىر،
تۈرلەر بويىچە يېزىقچىلىق بىلىملىرى ھەم ئەمەلىيىتى خېلىلا
ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلماقتا. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار
تۈرلۈك ژانىر ۋە ئۇلارنىڭ يېزىلىش ئۇسۇللىرى، ئالاھىدىلىكلى-
رى ھەققىدىكى دەسلەپكى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئوتتۇرا مەك-
تەپتىلا ئىگىلەپ بولىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرۇپ
قارىغان ۋاقتىمىزدا، بىزنىڭ ھازىر ئالىي مەكتەپ يېزىقچىلىق
دەرسى ئوقۇتۇشىمىزدىكى سۆزلىنىدىغان بەزى مەزمۇنلار تولىمۇ

ئاددىي ھەم يۈزەكىلىكى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى قانائەتلەندۈ-
رەلمەيدۇ. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلاردا «كونا
خامانني سورۇش» تەك تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، بۇ
يەردىكى مۇھىم مەسىلە ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپ يېزىقچىلىق
ئوقۇتۇشىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنىڭ ئوقۇتۇش
مەزمۇنى، نىشانى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ «نۇقتىلىق يېزىقچىلىق
مەشىقى» دەرسىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى، دەرىجىسى، ئۆزگىچە-
لىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشتۇر. بۇ ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى
تەكرارلاش مۇناسىۋىتىدە ئەمەس، بەلكى ئالدىنقىسى كېيىنكىسىد-
نى تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇناسىۋىد-
تىدە بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، بىز تەربىيىلىگەن ئوقۇ-
غۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپلەردە «نۇقتىلىق يېزىقچىلىق مەشىقى»
دەرسىنى تېخىمۇ جانلىق، ئەھمىيەتلىك، مەزمۇنلۇق ئۆتەلەيدۇ.
ئالىي مەكتەپ يېزىقچىلىق ئوقۇتۇشى ئوقۇغۇچىلارغا بولغان
ھەر قايسى ژانىرلاردىكى مەشىق خاراكتېرلىك يېزىشنى مەقسەت
قىلمايدۇ. ئۇ مەزكۇر كەسىپ بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدىغان،
ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز كەسپىدە ماھارەت، قابىلىيىتىنى جارى قىلد-
دۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچ-
لۈك بولغان ژانىر تۈرلەردە مەخسۇس ئوقۇتۇش ۋە ئەمەلىي
يېزىش ماھارىتى يېتىلدۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى نىشان قىلىدۇ.
بۇنداق ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان مەخسۇس ژا-
نىر، يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش پېداگوگىكا ئىنستى-
تۇتلىرىدىكى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئېيت-
قاندا تولىمۇ زۆرۈر. ئۇلار يېزىقچىلىق نەزەرىيىسى بىلىملىرىنى
مۇكەممەل ئۆگىنىش بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىدە بەلگىلىك ئەدە-
بىي ژانىر يېزىقچىلىقى ۋە ئەدەبىي ئوبزور يېزىقچىلىقى ماھارىتد-
نى تۇرغۇزۇش لازىم. چۈنكى، بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا - باشلانغۇچ

مەكتەپلەردە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە شېئىر، ھېكايە، نەسر قاتارلىق ژانىرلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا بۇ ژانىرلاردىن ئەمەلىي يازدۇرۇش مەشىقى ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىش بىلەن بىللە يەنە شۇ ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنى باھالاتقۇزۇش، ئۇلار ئۇستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، باھا يازدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئەمەلىي ئېھتىياج ۋە تەلەپ بولۇپمۇ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتۇشىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىققا دائىر ئومۇمىي جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى، شۇنىڭدەك ئەمەلىي يېزىقچىلىق ۋە باھالاش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلىش كېرەكلىكىنى بەلگىلىمەكتە.

ئوقۇغۇچىلاردا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئەمەلىي يېزىقچىلىق قابىلىيىتى مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ: بىرى، ئەدەبىي ژانىر يېزىقچىلىقى قابىلىيىتى، يەنە بىرى، ئەدەبىي تەنقىد (باھا) قابىلىيىتى.

ئەدەبىي ژانىر يېزىقچىلىقى قابىلىيىتى ئوقۇغۇچىلاردىن رېئال تۇرمۇشقا قارىتا بەلگىلىك كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، يېزىش، ئەدەبىي تىل ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قابىلىيەتنىڭ يېتىلىشىگە قارىتىلغان. ئەدەبىي تەنقىد (باھا) قابىلىيىتى ئوقۇغۇچىلاردا بەلگىلىك ئوقۇش قابىلىيىتى، ئانالىز - تەھلىل قابىلىيىتى، خۇلاسىلاش قابىلىيىتى ۋە ئوبزور تىلى ئىشلىتىش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىڭ يېتىلىشىگە قارىتىلغان. ئوقۇغۇچىلاردا مانا بۇ ئىككى تەرەپلىمە قابىلىيەت يېتىلگەندە ئادەتتىكى ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلەش پرىنسىپلىرىغا تايىنىپ يەتكىلى بولمىغان مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن.

ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس ژانىرلار بويىچە يېزىقچىلىققا يېتەكلەشتە سىنىپ ئىچىدە يېتەكلەش ۋە نەق مەيداندا يېتەكلەش-

تىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىنىپ ئىچىدە يېتەكلەشتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيە-تىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىي نىشان قىلىنىدۇ. نەق مەيداندا يېتەك-لەش ئۇسۇلىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش، ماھىيەت-نى ئىگىلەش، بەدىئىي چىنلىق بىلەن تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتلەردىكى قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىي نىشان قىلىنىدۇ.

دېمەك، ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس ژانىرلار بويىچە يېزىقچى-لىق قىلىشقا يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا تۆۋەندىكىدەك ئۈ-نۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ:

بىرىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىجادىيەت ئېھتىياجىغا ماسلاشقىلى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبى-يات فاكۇلتېتلىرىغا قوبۇل قىلىنىش بىلەنلا ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى-لىق، ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئارزۇ - قىزى-قىش شەكىللىنىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا ئەدە-بىي ژانىر يېزىقچىلىقىغا ئىشتىياق باغلىغان ھەم ئاز - تولا ئەدەبىي ژانىر يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئوقۇغۇ-چىلار ئەمەلىيەتتە ئۆز ئىجادىيىتىنى، ئۆزى شۇغۇللىنىپ كەلگەن ژانىرنى تېخىمۇ يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىش بىلەن بىرگە يەنە بەلگى-لىك دەرىجىدە ئەدەبىي ئوبزور يېزىقچىلىقى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تىكلەشكە تىرىشىدۇ. باشقا ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا ئۆزلىرىدە بەلگىلىك يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈپ بېرىش ئارزۇ-سىدا بولىدۇ. ئىنستىتۇتلارنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ھەر قېتىملىق ماقالە، نەسىر، شېئىر يې-زىش مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرسا ئوقۇغۇچىلار بەس - بەس بىلەن ئىنتايىن قىزغىن قاتنىشىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ يازغان ماقا-

له، شېئىر، نەسرلىرىدىن مەزمۇنىنىڭ ئاكتىۋاللىقىنىلا ئە-
مەس، بەدىئىي شەكلىنىڭمۇ ناھايىتى ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى كۆ-
رىمىز. بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئاپتونوم رايون-
ىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا شېئىر، نەسر ئېلان
قىلىپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ بار. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە
شۇكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ياكى شېئىر
يېزىشنى ياكى نەسر يېزىشنى ياكى ھېكايە يېزىشنى ۋە ياكى
ئوبزور يېزىشنى تاللىۋالغانىكەن، ئۇلاردىن شېئىر يېزىشنى
«كەسىپ» قىلىۋالغان بىرەرسىدىن «سىز نەسر يېزىڭ» دېسە-
ڭىز، ئۆزىنىڭ نەسر يېزىقچىلىقىغا ئانچە قىزىقمايدىغانلىقىنى،
ئۇنى ياخشى يازالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئەھۋال يېزىقچىلىق
ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىجادىيەت ئېھتىياجى ۋە
قىزىقىشىغا سەل قارىماسلىقنى، ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزى-
قىش ئېھتىياجى ۋە قابىلىيىتى بويىچە مەخسۇس ژانىردىكى يې-
زىقچىلىق ئەمەلىيىتىگە يېتەكلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىز دائىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ «مەملىكەت بويىچە ئالىي مەك-
تەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ لىرىك نەسرلىرىدىن تاللانما»، «ئوتتۇ-
را مەكتەپ مەشىق ماقالىلىرىدىن تاللانما»، «ئوتتۇرا مەكتەپ
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ماقالىلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق
كىتابلارنى قولىرىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ يۈرگەنلىكىنى بايقاي-
مىز. بۇ، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز قىزىقى-
شى، ئېھتىياجى، قابىلىيىتى بويىچە مەلۇم بىر خىل ژانىر
يېزىقچىلىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس «كەسىپ» قىلىۋېلىش-
تەك پسىخىك يۈنىلىشىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىغا
ئەگىشىپ دەۋرىمىز بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن پەقەت
ئومۇمىي جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەنلا

چەكلىنىپ قالماستىن يەنە ئەمەلىي ماھارەت جەھەتتىمۇ مەخسۇس-
لىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپ ئەلۋەتتە تەبىئىي پەن، سانا-
ئەت پەنلىرى كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ماس كېلىپ
قالماستىن يەنە ئىجتىمائىي پەن جۈملىدىن ئەدەبىيات كەسپىدە
ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈنمۇ ماس كېلىدۇ. ئەدەبىيات كەس-
پىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىي ئىقتىدار، ماھارەت جەھەت-
تىمۇ كەسپىلىشىشكە ئېتىبار بېرىش لازىم. ئۇلار ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىدا يېزىقچىلىق دەرسىنى ئوقۇش جەريانىدا چوقۇم ئالدى
بىلەن بىر خىل ژانىردا ئەدەبىي ئەسەر يېزىش قابىلىيىتىنى
يېتىلدۈرۈشى، ئاندىن ئەدەبىي ئوبزور يېزىقچىلىقى قابىلىيىتىنى
يېتىلدۈرۈپ ئۆزلىرىنى مەخسۇسلىشىش يولىغا باشلىشى لازىم.
ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ ئىككى خىل قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەندىلا
ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئەمەلى-
يىتىدە دۈچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلالايدۇ
ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نۇقتىلىق
يېزىقچىلىق مەشىقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلالاي-
دۇ.

يېزىقچىلىق دەرس ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى
يولداشلار ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس ژانىرلار بويىچە يېزىقچىلىققا
يېتەكلەش ئۇسۇلىغا ئانچە رازى ئەمەس. ئۇلار مەخسۇس ژانىر
يېزىقچىلىقى ئادەتتىكى ماقالە يېزىش پرىنسىپلىرىنى ئومۇملاش-
تۇرالمايدۇ، ئەگەر ئوقۇغۇچى مەخسۇس بىرلا ژانىرغا يۈزلىنىپ
قالسا ياكى بولمىسا بىر خىل ژانىردىكى يېزىقچىلىق بىلىملىرىنى
ئىگىلەشكە قىزىقىپ شۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ، ئومۇمىي ماقالە
يېزىش پرىنسىپلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىسە بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىنىڭ
بىلىم قۇرۇلمىسى تار بولۇپ قالىدۇ، دېيىشىدۇ. ھازىرقى ئەمە-
لىيەت بۇ خىل ئەندىشىنىڭ قىلچە ئىلمىي ئاساسى يوق ئىكەنلى-
كىنى ئىسپاتلىماقتا. بىز ئومۇمىي يېزىقچىلىق پرىنسىپلىرى

بىلەن كونكرېت بىر ژانىر يېزىقچىلىقى پرىنسىپلىرى ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان
بولساق، بۇ جەھەتتىكى كۆز قارىشىمىز تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.
ھەر قانداق يېزىقچىلىق پرىنسىپلىرى ۋە قائىدىلىرى ھامان
كونكرېت بىر خىل ژانىر يېزىقچىلىقىدا گەۋدىلەنگەن بولىدۇ.
ئوقۇغۇچى بىر خىل ژانىر يېزىقچىلىقى بىلىملىرىنى پۇختا ئىگە-
لەش جەريانىدا بۇ ھەقتە ئەمەلىي يېزىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرى-
دىكەن، ئۇ، تەبىئىيكى ئومۇمىي يېزىقچىلىق پرىنسىپلىرى بى-
لەنمۇ تونۇشىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسىي مەسىلە يېزىقچىلىق دەر-
سى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «ئايرىمىلىق ئارقىلىق ئومۇملۇققا يېتىش،
نۇقتا ئارقىلىق يېتەكلەش» تىن ئىبارەت ئوقۇتۇش ماھارىتىنىڭ
كۈچلۈك - ئاجىز بولۇشىدا. مەسىلەن، يېزىقچىلىق دەرسىدە
ئوقۇتقۇچى ھېكايە ژانىرىنىڭ قائىدىلىرى بولۇپمۇ ئۇ خىلدىكى
پرىنسىپال مەسىلىلەرنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا مۇقەررەركى تېما
تاللاش، پىششىقلاش، بەدىئىي چىنلىق، مۇددىئا، قۇرۇلمىنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تىل ئىشلىتىش، ئوبراز يارىتىش، تەسۋىر
قاتارلىق نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ سۆزلىمەي قويمايدۇ.
مانا بۇ ھېكايىدىن ئىبارەت بىرلا خىل ژانىرغا تەۋە مەسىلە،
ئەمما، نۆۋىتىدە يەنە ئۇ ئومۇمىي يېزىقچىلىق پرىنسىپلىرىغىمۇ
باپ كېلىدىغان ئورتاقلىقتۇر. دېمەك، مەلۇم بىر خىل ژانىرنىڭ
قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى سۆزلىگەن ۋاقىتىمىزدا، ئۇ ئەنە شۇنداق
ئومۇمىي يېزىقچىلىق (ماقالە يېزىش) پرىنسىپلىرىغىمۇ ئورتاق
بولغان نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە باغلانغان بولىدۇ. لېكىن، بۇ
ھادىسە «ئورتاق نەرسىلەرنىڭ تەكرارلىنىشى» دەپ قارالسا، ئۇ
چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچكى مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى چەتكە قاققان-
لىق بولىدۇ.

ھەر قايسى ژانىرلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆپلىگەن قائىدە -
پرىنسىپلار ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىنىڭ

كونكرېت بىر خىل ژانىر يېزىقچىلىقىدا ئاساسىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش جەريانى باشقا ژانىرلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر چوڭقۇرلىغان، ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش جەريانىدۇر.

ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس ژانىر يېزىقچىلىقىغا يېتەكلەش — يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتۇشىنىڭ ئاساسىي ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرىدىن بىرسى قىلىنغاندا بىرىنچىدىن، ئوقۇتۇش، دەرسلىك ماتېرىياللىرىغا بولغان تەلەپنى يۇقىرىراق قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان مەخسۇس ژانىر ۋە تۈر، تېمىلار بويىچە يېڭى يېزىقچىلىق ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش مۇھىم. ھازىرقى ئەمەلىيەتتىن ئېلىپ ئېيتساق ئۆز تىلىمىزدا نەشر قىلىنغان يېزىقچىلىققا دائىر ماتېرىياللار ئون نەچچە پارچىغا يېتىپ باردى. ئەمما، بۇ ماتېرىياللارنىڭ كونكرېت يېزىقچىلىققا نىسبەتەن ئەمەلىي ئىشلىتىلىشى، ئۇنۇم بېرىش قىممىتى ئىنتايىن چەكلىك بولماقتا. بەزى يېزىقچىلىق ماتېرىياللىرى كونا ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى ئاساسىي بىلىملەرنى يىغىنچاقلاپ، بەزى پۇچەك مىساللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپلا قويىدۇ. كونكرېت بىر ژانىرغا خاس بولغان ئالاھىدە مەسىلىلەر نۇقتىلىق يورۇتۇپ بېرىلمەيدۇ. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا كونكرېت ژانىر يېزىقچىلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى كۆپ سۆزلەنسىمۇ، قانداق يېزىش مەسىلىسى ۋە شۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئەمەلىي ئىجادىيەتتىكى كونكرېت باسقۇچ — ئىپادىلىرى ھەققىدە ئاز سۆزلىنىدۇ. ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئېرىشكەن ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى كۆپ سۆزلىنىدۇ - يۇ، ئەمما بۇ تەجرىبىلەرنىڭ نەزەرىيىۋىلەشكەن، سىستېمىلاشقان خۇلاسىسى ئاز سۆزلىنىدۇ. ئەدىبلەرنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە كونكرېت مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلغانلىقى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان مەزمۇن يوق دېيەرلىك. بۇ ئەھۋاللار يېزىق-

چىلىق دەرسى ئوقۇتۇشى ئۈچۈن دەرسلىك قىلىنغان ماتېرىياللارنىڭ رولىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەزگۈ، ئىدراكىنى قوزغاشقا تايىنىپ جارى قىلدۇرۇشقا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇنداق ئەھۋالدا ئوقۇغۇچىلاردا ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرىدىن ھالقىغان ھالدا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك نەزەرىيىۋى ھەم ئەمەلىي تەربىيىلىنىش ئېلىپ بېرىش تېخىمۇ قىيىنلىشىپ، بۇ، يېزىقچىلىق دەرسى ئاقتۇرالمايدىغان مۇشكۈل ۋەزىيەت بولۇپ قالماقتا. ئىككىنچىدىن، يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتقۇچىسى قوش تەرەپلىمە ماھارەتكە ئىگە بولۇشى لازىم. يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتقۇچىسىدا بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنى پىلانلىق يېتەكلەش ماھارىتى بولۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ تىل ئىشلىتىش قابىلىيىتى، قىزىقىشى، ئىجادىيەت ئىقتىدارى ھەققىدە پىششىق تونۇشۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تىل ئىشلىتىش قابىلىيىتى تۆۋەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ ئوقۇش، كۆپ پىكىر قىلىش، كۆپ يېزىپ بېرىشكە دەۋەت قىلىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇتقۇچىدا مەلۇم دەرىجىدە يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى بولۇشى لازىم. ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلەش جەريانىدا بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىسە، بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدىن ئىبارەت بۇ «سىرلىق دۇنيا»غا بولغان چۈشەنچىسى، بىلىشى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ، ئاشىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى كەڭ ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پىكىرلىشىش نەتىجىسىدە ھېس قىلىنغانلىرىم. مەقسەت كەڭ كەسىپداشلارنى بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمى ۋە تۈرلىرى توغرىسىدا

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ئاھاڭداش سۆز بولۇپ، بۇ سۆزلەر تىلىمىزدا ئۇنۇملۇك رول ئويناپ كەلمەكتە.

ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ ياكى ئۇلارنىڭ مەنىسى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بولمايدۇ. بۇنداق سۆزلەر مەيلى جۈملىدە بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئېغىز ئىپادىسىدە بولسۇن، ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم مۇستەقىل مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەنىلەرنى ئىپادىلىشىدە كونتېكست ئاساسلىق رول ئوينايدۇ.

ئاھاڭداش سۆزلەر تۇرمۇشتىكى تىل ۋە كۈندىلىك ئالاقە ئېھتىياجلىرىدا كۆپ قوللىنىپلا قالماستىن، ئەدەبىياتتىمۇ، جۈملىدىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ. شائىرلىرىمىز بۇ ئارقىلىق ئۆز شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ.

مەسىلەن:

قولۇڭدىن كەلگىنىچە چىقار ياخشى ئات،
ياخشىلىق قىل بالام، يامانلىقنى ئات.
ئەل بىلەن بىللە بول، توپتىن ئايرىلما،
يالغۇز يۈرسە چاڭ چىقىرالماس ياخشى ئات.

«ئات» سۆزى بۇ يەردە بىرىنچى مىسرادا «نام، ئاتاق» مەناسىدا، ئىككىنچى مىسرادا «تاشلا» مەنىسىدە، تۆتىنچى مىسرادا «هايۋان (ئات)» مەنىسىدە كەلگەن. «ئات» سۆزىنىڭ بۇ يەردە يېزىلىشى ۋە ئېيتىلىشى ئوخشاش، ئەمما ئاڭلاتقان مەنىسى هەر بىر كونتېكستتا باشقا ـ باشقا بولىۋاتىدۇ.
يەنە مەسىلەن:

يوق قىيان كەلگەندە ئۆرۈلمەيدىغان تىك يار، بالام،
سەن گوياكى سەل بولۇپ، ئۆتكەل ـ توساقنى يار، بالام.
بولسا يار خالىس نىيەت، مەردانىلىق خىسلەت ساڭا،
باغرىنى ئاچقاي قەلەمقاش ئاھۇ كۆزلۈك يار، بالام.

بۇ يەردىمۇ بىرىنچى مىسرادىكى «يار» سۆزى ئىسىم بولۇپ «قىيا» مەنىسىدە، ئىككىنچى مىسرادىكى «يار» سۆزى پېئىل بولۇپ «يېرىش» مەنىسىدە، ئۈچىنچى مىسرادىكى «يار» سۆزى ئىسىم بولۇپ «هەمراھ» مەنىسىدە، تۆتىنچى مىسرادىكى «يار» ئىسىم بولۇپ «دوست» مەنىسىدە كەلگەن.
ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ هازىر بىرلىككە كەلگەن تەبىر ئۆلچىمى مۇنداق: يېزىلىشى ۋە ئېيتىلىشى (تەلەپپۇز قىلىنىشى) بىر خىل بولۇپ، ئاڭلاتقان مەنىسى باشقا ـ باشقا بولغان سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر، دەپ ئاتىلىدۇ.
بۇ تەبىر ئۆلچىمىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئاھاڭداش سۆزلەر دائىرىسىگە كىرىدىغان سۆزلەر بىرىنچىدىن، يېزىلىشى هەم ئېيتىلىشى جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى، ئىككىنچىدىن، ئاڭلاتقان مەنىسى جەھەتتىن باشقا ـ باشقا بولۇشتەك تۆپ ئىككى شەرتنى هازىرلىغان بولۇشى كېرەك. بەزى ماتېرىياللاردا «ئېيتىلىشى ئوخشايدىغان، مەنىسى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر» دېگەن تەبىر بىلەن، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا بولسا

«شەكلى بىر خىل، مەنىسى ھەر خىل بولۇش» دېگەن تەبىر
بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىمىز
ھەم ئېيتىلىشى، ھەم يېزىلىشى جەھەتتىن ئوخشاش بولۇش»
دېگەننى ئۆلچەم قىلىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، بىز سۆزلەرنىڭ
يېزىلىشى ھەم ئېيتىلىشى (تەلەپپۇز قىلىنىشى) ئوخشاش دېگەن
ۋاقتىمىزدا، سۆزلەرنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار قوشۇلمى-
غان ھالەتتىكى شەكلىنى پەرقلەندۈرۈشكە سەل قارىماسلىق
لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرمەيدى-
غان سۆزلەرمۇ ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرىپ قالىدىغان خاتا
چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇ. بىز تۆۋەندە مۇنداق بىر مىسالنى
كۆرۈپ باقايلى:

يۈرەك قەلبىڭگە بەخش ئەتتىم باھاردىرلىق قېنى ئوغلۇم،
تېڭىپ يەلكەڭگە شانلىق يۈك سەپەرگە يۈر قېنى ئوغلۇم.
بىنا ئەيلە ھالال ئەجرىڭ بىلەن چۆللەردە باغ گۈلشەن،
بېرەلمەس زەررىچە لەززەت بىراۋنىڭ بال - قېنى ئوغلۇم.

مانا بۇ شېئىردىكى «قېنى» شەكلىدىكى سۆزلەر ئۈچ ئورۇن-
دا كېلىپ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل مەنىنى ئىپادى-
لىگەن. قارىماققا بۇ ئۈچ سۆز شەكىل ھەم تەلەپپۇز جەھەتتىن
تامامەن ئوخشاش بولۇپ كۆرۈنىدۇ ھەم ئاھاڭداش سۆزلەردەك
كۆرۈنىدۇ. ئەمما، بىز تازا دىققەت قىلىپ قارىساق بۇ ئۈچ
سۆزنىڭ ئاھاڭداش سۆزلەر دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلىقىنى ھېس
قىلىۋالىمىز. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا ئاھاڭداش سۆزلەرنى كۆزەت-
كەندە، ئۇلارنىڭ تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانمىغان ھالدىكى
شەكلىگە دىققەت قىلىش كېرەك دېگەنىدۇق. بۇ شېئىردىكى «قې-
نى» شەكلىدىكى سۆزلەر ئۈچ ئورۇندا كۆرۈلگەن ۋە ئۈچىلىسى

ئوخشىمىغان ئۈچ خىل مەنە ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، بىرىنچى مىسرادىكى «قېنى» سۆزى ئەسلىي «قان ـ تەر» مەنىسىدىكى «قان» سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا 3 ـ شەخس قوشۇمچىسى «ئى» قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئى» غا ئاجىزلىشىپ «قېنى» شەكلىگە كەلگەن. ئىككىنچى مىسرادىكى «قېنى» سۆزى بولسا، بىرەر ئىشقا بىراۋنى ئۈندەش مەنىسىدە كەلگەن سوراق ئالماش بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق قوشۇمچە بىلەن تۈرلەنمىگەن. تۆتىنچى مىسرادىكى «قېنى» سۆزى بولسا «قەنت ـ گېزەك» تىكى «قەنت» سۆزى بولۇپ، ئۇ ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى «ئى» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەركىبىدىكى «ئە» تاۋۇشىنىڭ «ئې» غا ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە «قېنى» شەكلىگە كەلگەن. دېمەك، «قېنى» دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ سۆزنىڭ ئەسلىي شەكىللىرى «قان، قېنى، قەنت» دىن ئىبارەت بولغان شەكلى ھەم تەلەپپۇزى (ئېيتىلىشى) بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ سۆز بولۇپ، بۇ سۆزلەر ھەرگىزمۇ ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ يەردە پەقەت شېئىرنىڭ قاپىيە ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن.

شۇنىڭغا ئوخشاش «بارماق» دېگەن سۆزنى ئالساق، «بەش بارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان «بارماق» سۆزى بولسا ئىسىم بولۇپ، ئۇ تۈپ سۆزدۇر. ئەمدى «بازارغا بارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان «بارماق» سۆزى بولسا ھەرىكەتنام بولۇپ، ئۇ «بار» غا «ماق» تىن ئىبارەت تۈرلىگۈچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان سۆزدۇر. بۇ يەردىمۇ بۇ ئىككى «بارماق» سۆزى گەرچە ئاھاڭداش بولسىمۇ، ئاھاڭداش سۆز تەركىبىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بىرسى تۈپ سۆز، بىرسى ياسالما سۆزدۇر.

دېمەك، سۆزلەر ئاھاڭداش بولۇش ئۈچۈن بىردىنبىر ئالدىنقى شەرت ئۇلار تۈرلۈك تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنمە-

گەن تۆپ ھالەتتە بولۇشى كېرەك.

ياسالما سۆز بىلەن ياسالما سۆزلەر ئۆزئارا ئوخشاپ قالسا، بۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنامدۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، مېنىڭ قارىشىم مۇنداق:

ئالدى بىلەن بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى ساقلانغان تۆپ ھالىتىنى ئايرىۋېلىش كېرەك. ئەگەر تۆپ ھالەتلىرى ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرمىسە، ئۇنداقتا، بۇ سۆزلەرنىڭ گرامماتىكىلىق شەكلىنىڭ ئوخشاپ قېلىشىنى ئۆلچەم قىلىشقا بولمايدۇ. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بازارغا بارماق مەنىسىدىكى «بارماق» سۆزى تۆپ ئىسىم ھېسابلىنىدىغان بەش بارماق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «بارماق» سۆزىگە پەقەت گرامماتىكىلىق شەكلى جەھەتتىنلا ئوخشاپ قالغان. شۇڭا، بىز بۇ ئىككى سۆزنى ئاھاڭداش سۆز دېيەلمەيمىز.

يەنە بىر مىسال ئېلىپ باقايلى:

«بېرىپ» دېگەن شەكىلدىكى ئىككى سۆزنى ئالساق، بىرسى، «بارماق، بېرىش ـ كېلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «بېرىپ» سۆزى. يەنە بىرسى، «بەرمەك، بېرىپ تۇرماق» مەنىسىدىكى «بېرىپ» سۆزىدۇر. قارىماققا بۇ ئىككى سۆز شەكىل ۋە ئېيتىلىشى جەھەتتىن ئوپمۇئوخشاش كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بۇ ئىككى سۆز ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ يەردە ئاساسلىق رول ئوينايدىغىنى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي تۆپ شەكلىنىڭ ئاھاڭداش بولماسلىقىدۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بىرىنچى خىل «بېرىپ» سۆزى ئەسلىدە «بار» سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئىپ» قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان. ئىككىنچى خىل «بېرىپ» سۆزى بولسا ئەسلىدە «بەر» سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئىپ» قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا تەركىبىدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئى»غا ئاجىزلاشقان. دېمەك، ئەسلىي تۆپ شەكىللىرى بولغان «بار» ۋە «بەر»

سۆزلىرى ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرمىگەچكە، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ، ياسالغاندىن كېيىنكى گراماتىـ كىلىق شەكىللىرىنىڭ مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە ئوخشاپ قېلىـ شىدىن قەتئىينەزەر ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ.
يولداش ئابدۇسالام ئابباس تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى» ناملىق كىتاب يۇقىرىقىدەك گراماتىكىلىق شەكىللىرى ئوخشاپ قالغان سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ ئەسلىي تۈپ ھالەتلىرى بىلەن ھېسابلاشماي ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرگۈزۈۋەتكەننىڭ سىرتىدا يەنە «بالا»، «ئاتا»، «ئا- چا»، «ياماش»، «تاماق» دېگەندەك بىر قاتار سۆزلەرنىمۇ ئا- ھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرگۈزۈۋەتكەن.
بىزنىڭچە، بۇ خىل سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ئەمەس، شەكىلداش سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ.
ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن شەكىلداش سۆزلەر يېزىلىش شەكـ لى ئوخشاش بولۇش، ئەمما ئىپادىلەيدىغان مەنىسى ئوخشىماس- لىقتەك ئورتاقلىققا ئىگە. ئاھاڭداش سۆزلەردە ئېيتىلىشىمۇ (تە- لەپپۇز قىلىنىشىمۇ) ئوخشاش بولۇشى كېرەك. شەكىلداش سۆز- لەردە ئېيتىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ. شەكىلداش سۆزلەردە سو- زۇق تاۋۇشلار ئۇزۇن ياكى قىسقا، ئۇرغۇلۇق ياكى ئۇرغۇسىز تەلەپپۇز قىلىنىش ئارقىلىق مەنە پەرقلەندۈرۈلىدۇ.
بىز مۇشۇ ئېنىقلىما بويىچە يۇقىرىقى سۆزلەرنى تەكشۈر- سەك، «بالا» سۆزى بىرىنچى بوغۇمنىڭ ئۇزۇن، ئاخىرقى بو- غۇمنىڭ قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن پەرزەنت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «بالا» سۆزى بولۇپ كەلسە، بىرىنچى بوغۇمنىڭ قىسقا، ئاخىرقى بوغۇمنىڭ ئۇزۇن تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن ئاپەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «بالا» سۆزى بولۇپ كېلىدۇ.
يۇقىرىقىغا ئوخشاش دادا مەنىسىدىكى «ئاتا» سۆزى بىلەن ئىنئام قىلىش مەنىسىدىكى «ئاتا» سۆزىنى ئالساق؛ ھەددە مەنىـ

سىدىكى «ئاچا» سۆزى بىلەن دەرەخنىڭ ئاچىسى مەنىسىدىكى «ئاچا» سۆزىنى ئالساق؛ چاپان ياماش مەنىسىدىكى «ياماش» سۆزى بىلەن تاقىقا يامىشىش مەنىسىدىكى «ياماش» سۆزىنى ئالساق، تاماق يېمەك مەنىسىدىكى «تاماق» سۆزى بىلەن ئېتىزغا تاماق سال مەنىسىدىكى «تاماق» سۆزىنى ئالساق، مانا بۇ سۆزلەر يېزىلىشى ئوخشاش بولغان بىلەن نۇتۇق ئېقىمىدا ئېيتىلىشى ئوخشاش ئەمەس. بۇ سۆزلەر بىرىنچى بوغۇمى بىلەن ئاخىرقى بوغۇملىرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا ئېيتىلىشى (تەلەپپۇز قىلىنىشى) بىلەن مەنە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

مېنىڭچە، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاهاڭداش سۆزلەر لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلۈپ قالغان ئەسلىي ئاهاڭداش بولمىغان سۆزلەر مۇنداق ئىككى تۈرلۈك:

بىرىنچىسى: ئەسلىي تۈپ هالىتى ئوخشىمايدىغان، لېكىن ياسالغان ياكى تۈرلەنگەندىن كېيىنكى گرامماتىكىلىق شەكىللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ قالغان سۆزلەر.

مەسىلەن: بېرىپ (ئەسلىي بار، بارماق + ئىپ)

بېرىپ (ئەسلى بەر، بەرمەك + ئىپ)

ئىككىنچىسى: ياسالما سۆزلەر بىلەن تۈپ سۆزلەرنىڭ ئوخشاپ قالغانلىرى.

مەسىلەن: بارماق (بار + ماق) ياسالما سۆز (هەرىكەتنام)

ئېتىزغا بارماق

مەكتەپكە بارماق

بارماق (ئىسىم) تۈپ سۆز

بەش بارماق

ئاهاڭداش سۆزلەر بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆزلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر نەچچە، هەتتا بىر نەچچە ئون مەنە تۈرلىرىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. ئاهاڭداش سۆزلەرنىڭ ئاڭلاتقان

مەنىلىرى بولسا بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ.
مەسىلەن: «قانات» دېگەن كۆپ مەنىلىك سۆزنى ئالساق، بۇ سۆزنىڭ قۇشنىڭ قانىتى، ئىشىكنىڭ قانىتى، قانات ئاستىغا ئالماق، قانات يايدۇرماق... دېگەندەك بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك كۆپ مەنىلىرى بار.
ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسى بولسا بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ. مەسىلەن:
«قات» سۆزىنىڭ مەنىلىرى:
بىر قات كىيىم؛
يوتقاننىڭ قېتى؛
دەريانىڭ ئۇ قېتى؛
«ئوت» سۆزىنىڭ مەنىلىرى:
ئوت (ئىسىم) — ئوت ـ چۆپ؛
ئوت (ئىسىم) — ئوچاقتىكى ئوت؛
بىز يۇقىرىدا ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ تەبىر ئۆلچىمى ۋە ئۇنى پەرقلەندۈرۈش جەريانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى تۆۋەندە ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.
تىلىمىزدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر بەزىلىرى بىرلا سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولسا، يەنە بىر قىسمىلىرى ئەينى بىر ۋاقىتتا بىر قانچە سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولىدۇ. بىز تىلىمىزدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇلارنى تار مەنىلىك ئاھاڭداش سۆزلەر (ياكى ئوخشاش تۈركۈملۈك ئاھاڭداشلار) ۋە كەڭ مەنىلىك ئاھاڭداش سۆزلەر (ئوخشىمايدىغان تۈركۈملۈك ئاھاڭداشلار) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىيمىز.
1. تار مەنىلىك ئاھاڭداش سۆزلەر
مەلۇم بىرلا سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان ئاھاڭداش سۆزلەر تار مەنىلىك ئاھاڭداش سۆزلەر دېيىلىدۇ.

مەسىلەن:
سىر (ئىسىم، بوياق)
سىر (ئىسىم، ئىچكى تۈيغۇ)
قاش (ئىسىم، ئادەمنىڭ قېشى)
قاش (ئىسىم، ئۈستەڭنىڭ گىرۋىكى)
تىل (ئىسىم، ئادەمنىڭ تىلى)
تىل (ئىسىم، ئالاقە قورالى)
2. كەڭ مەنىلىك ئاھاڭداش سۆزلەر
ئەينى بىر ۋاقىتتا بىر قانچە سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان ئاھاڭداش سۆزلەر كەڭ مەنىلىك ئاھاڭداش سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن:
يۈز (ئىسىم، چىراي، دىدار)
يۈز (سان، 100)
پاك (ئىسىم، گاس)
پاك (تەقلىد سۆز، ئاۋاز)
ياش (ئىسىم، ئالتە ياش)
ياش (سۈپەت، ياش يىگىت)
ئاھاڭداش سۆزلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغاچقا يەنى ئۇلار تەركىبىدىكى مورفېمالارنىڭ بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشىغا قاراپ تۈپ ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە ياسالما ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.
1. تۈپ ئاھاڭداش سۆزلەر
بىرلا مورفېمىدىن تۈزۈلگەن ئاھاڭداش سۆزلەر تۈپ ئاھاڭداش سۆزلەر، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:
قىس (كەمچىل، يېتەرسىز)
قىس (قىسماق، سىقماق)
كۆك (رەڭ، كۆك رەڭ)
كۆك (ئۆسۈملۈك كۆكى)

2. ياسالما ئاھاڭداش سۆزلەر

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مورفېمىدىن تۈزۈلگەن ئاھاڭداش سۆزلەر، ياسالما ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

سىرلىق (سىرلىق قاچا، رەڭ مەنىسىدە)

سىرلىق (سىرلىق ۋەقە)

ئايلىق (ئايلىق ژۇرنال)

ئايلىق (ئايلىق تارقاتماق)

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ تۆپ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇلارنىڭ يېزىلىش شەكلى، شۇنىڭدەك ئېيتىلىشى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئاڭلاتقان مەنىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

تىلىمىزدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرى ناھايىتى كۆپ. بەزىدە يېڭى سۆزلەرنى ياساش نەتىجىسىدە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. يەنە بەزىدە سۆزلەردە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىش نەتىجىسىدە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ تەبىر ئۆلچىمى ۋە ئاھاڭداش سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈش، تۈرلەرگە بۆلۈش ئىنتايىن مۇھىم تېما. بۇ تېمىنى ياخشى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

# شائىرنىڭ قەلىمى شائىرنىڭ قەلبىدۇر

مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ 60 ياشقا كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە خەلقىمىزنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، قەلبلەر تۆرىدىن ئورۇن ئالغان شائىرىمىز مۇھەممەتجان راشىدىن ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىدا خەلقپەرۋەرلىك ۋە يۇرت سۆيگۈسىنى باش تېما قىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كۈيلىدى. ئاكتىۋال تېمىلار ئارقىلىق خەلقىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى. نامۇۋاپىق ئىللەتلەرنى قامچىلىدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇھەممەتجان راشىدىن مۇشۇ دەۋرلەرنىڭ ئاۋانگارت شائىرى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى كىتابخانلار ئارىسىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۆز ئالدىغا بىر يول — بىر ئۇسلۇب ياراتقان ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ. خۇددى ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا ئەدەبىياتىدا شېكسپىرلىشىش، شېللىرلىشىش قاتارلىق ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ باشقا ئىجادىيەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغاندەك، ھازىر شېئىرىيىتىمىزدە مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىغا ياندىشىش ھادىسىسى شەكىللىنىپ ئومۇمىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك رول ئويناماقتا.

شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ تۇنجى ئىجادىيىتى 1958 - يىلى «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئىلى دەرياسى»ناملىق شېئىردىن باشلانغان. شائىر بۇ چاغدا 18 ياشتا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شائىر ئىجادىيەت بىلەن ئوتتەك قىز-

غىنلىق ئىچىدە شۇغۇللىنىۋاتقاندا مۇدھىش «مەدەنىيەت ئىنقىلا-
بى» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 20 يىلچە ئىجادىيەتتىن مەھ-
رۇم قىلىندى. پەقەت ئىسلاھات بىلەن تەڭ قايتىدىن ئىجاتلىققا
ئېرىشىپ قولىغا قەلەم ئالدى. ئۇ شۇندىن كېيىن ئۆزىنىڭ
بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىگە باغلانغان چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىر-
لىرى بىلەن ئىجادىيەت ئىشلىرىغا قايتىدىن كىرىشتى. شائىر
ھازىرغىچە 1000 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر يېزىپ كىتابخانلارغا
تەقدىم قىلدى. «كاككۇك گۈلى» قاتارلىق تۆت شېئىرلار توپلى-
مىنى نەشر قىلدۇردى.

1

بىز شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرىغا نەزەر
سالساق ئىپادىلىگەن تېمىلىرىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكىنى، مەزمۇ-
نىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇرلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. ئۇنىڭ
شېئىرلىرىدا خەلقىمىزنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان دېھقانلار ۋە
ئۇلارنىڭ ئەجىر - مېھنىتى مەدھىيىلەنگەن مىسرالار كۆپ:

دان سېنىڭ ھىممىتىڭ، نان سېنىڭ تۆھپەڭ،
دېھقىنىم، قەلبىڭنىڭ سۈرىتى ھەر نان.
دالىلار تەقدىرى قولۇڭدا گۈلزار،
دىللاردا يەنە بىر نامىڭ قەھرىمان.
..............................
قولۇڭدىن نان يەيمەن، قولۇڭدىن ھەر كۈن،
كۆكەرگەن مايسا مەن سەن بەرگەن سۇدا.
گەر بىراۋ قىلسىمۇ ئېنىڭدىن مەھرۇم،
ئىشەنگىن، ئىشقىڭدىن قىلالماس جۇدا!
— «دېھقانغا» دىن

شائىرنىڭ بۇ مىسرالىرىدىن بىز يەنە خەلقپەرۋەرلىكىنىڭ يارقىن سىماسىنىمۇ كۆرىمىز. شائىر بۇ يەردە ئۆزىنى خەلقى بىلەن تەقدىرداش ئورۇنغا قويۇپ ئىپادىلەۋاتىدۇ. خەلقىنى ئۆزىگە سائادەت بېغىشلىغۇچى ئۇلۇغ مەدەتكار سۈپىتىدە مەدھىيىلەۋاتىدۇ.

شائىر يەنە ئۆزىنى خەلقتىن ئايرىلغان هالدا قىياس قىلىشنىڭ مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى، خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان كۈنىنىڭ جاهالەت ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى، خەلقتىن ئۆزىنى ئايرىشقا ئۇرۇنغانلارنى ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ قاراپ ئۇلارغا نەپرەت ياغدۇرىدىغانلىقىنى:

سېنىڭدىن بەزگەندە بايلىق توختىماس،
سېنىڭدىن ئايرىلغان قەلب جاراھەت.
شۇ ماڭا دۈشمەندۇر، كىمكى قەلبىمنى،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگىگە قىلسا دالالەت.

«ئۆزۈڭ تاج، ئۆزۈڭ خەزىنەم» دېگەن مىسرالاردا يارقىن گەۋدىلەندۈرگەن. كلاسسىك شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋائى 15 ـ ئەسىردە «ئەلگە كەلسە بىر جاپا مىڭ قەتلە پەرياد ئەيلابان، ماڭا كەلسە مىڭ جاپا بىر قەتلە پەرياد ئەيلابان» دېگەن مىسرالىرىدا ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك روھىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلىگەنىدى. شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ مانا شۇنداق روھ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شائىر شېئىرلىرىدا ئۆز بەختىنى خەلقتىن تاپىدىغانلىقىنى، بارلىق شان ـ شەرەپلەرنىڭ خەلق ئارقىلىق قولغا كېلىدىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. شائىرنىڭ:

«سەن بىلەن بەختىم بار شاھلىقتىن يۈكسەك،
ئېغ خەلقىم، ئۆزۈڭ تاج، ئۆزۈڭ غەزىنەم.»

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزگەرمەس ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن تولغان ھېكمەتلىرىنىڭ ئوتلۇق پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ.

ئىجاد قىلىش روھىغا باي شائىر تۇرمىدە ياتقان مەزگىللىرىدىمۇ «كۈت»، «كۆرمىدىم»، «تەس»، «سېغىندىم سېنى»، «بۇ دۇنيا»، «بەلكى» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى ئۆزىنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى، ئانىسىنى ۋە يۇرتىغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەن.

ئەي نىگارىم، كۈت مېنى يادىڭغا ھەر يەتكەندە
كۈت،
ئۆز قولۇڭدا تىنچ ـ ئامانلىق مەكتۇبىم تەگكەندە
كۈت.
مەن بارۇرمەن قايسى مەزگىل، قايسى پەسىل مەلۇم
ئەمەس،
قوۋم ـ قېرىندىشىم جەم بولۇپ باراڭدا ياد ئەتكەندە
كۈت.

شائىر بۇ غەزىلىدە ئۆز نىگار ـ خەلققە بولغان ئوتلۇق سالىمىنى يوللاش بىلەن بىرگە شۇ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك يىللاردىكى تۈرمە ھاياتى ئىچىدە تۇرۇپمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى «مەكتۇپ، تۈنجى قارلىغاچ، باھار، ياز، كۈز، تۈنجى قار، سىنچاي، تۈندە چىققان ئاي» قاتارلىق ھاياتتىن، ياخشىلىقتىن،

گۈزەللىكتىن، خاتىرجەملىكتىن، يورۇقلۇقتىن بەھرىمان قىلىغۇچى ئوبيېكتلارغا باغلاپ تۇرۇپ يالقۇنلۇق مىسرالىرى ئارقىلىق ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

شائىر خەلق سەنئىتىنى ئۆز ئىگارىدىنمۇ ئارتۇق سۆيەتتى. چۈنكى، خەلقچىللىق روھىغا ئىگە شائىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ ھەممە نېمىسى گۆھەردىنمۇ قىممەتتۇر.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە بىزنىڭ سەنئىتىمىز ۋە سەنئەتچىلىرىمىز زور زىيانلارغا ئۇچرىدى. قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالغاندىن كېيىن، سەنئەت باغچىمىز قايتىدىن گۈللەپ، مېۋە بېرىشكە باشلىدى.

شائىر بۇ چاغدا:

ئۆرلىگىن! دەيدۇ سېنى ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپانلىرىڭ،
بىللە مەنمۇ سەن بىلەن ئۆرلەپ بارارغا سەنئىتىم.

دېيىش ئارقىلىق خەلق سەنئىتىنىڭ يېڭى باھارىغا، يېڭى دەۋرگە بولغان خۇشاللىقىنى ھاياجان ئىلكىدە ئىپادىلەيدۇ.

مەشۇقۇمسەن مەن سۆيۈپ لەززەت ئالارغا، سەنئىتىم،
قايىدۇر، ئەمما سۆيۈپ قەلبىم قاتارغا سەنئىتىم.
ئوخشىتىپ ھۆسنىڭنى مەن خۇددى ئانارغا سەنئىتىم،
ئاقىۋەت كەلدىم بۈگۈن شۇنداق قارارغا سەنئىتىم،
ئەھلى بوپ سەپنىڭ مەڭگۇ قالارغا سەنئىتىم.

مانا، سەنئەتكە بولغان مۇھەببەت، مانا، شائىردىكى قايناق ھېسسىيات، شائىر سەنئەتنى ئۆز مەشۇقى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، بارلىقىنى ئاتا قىلغان. ھەتتا ئۇنىڭغا ھەرگىز قانمايدىغانلىقىنى، سەنئەتنى كىشى كۆزىنى قاماشتۇرغۇچى قىپ-

قىزىل ئانارغا ئوخشىتىپ، ئۆزىنىڭ سەنئەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىنى ۋە ئۇنى بىر ئۆمۈر قەدىرلەپ سۆيىدى- غانلىقىنى ناھايىتى يارقىن، ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

بۈككىدە باغسەن بۈگۈن ئىبلىس - چايانلاردىن نېرى،
چۈڭكىگەن دىل ئەركىنى ئەپسۇن يامانلاردىن نېرى.
ئاسمىنىڭ ئاندىن سۈزۈك، مۇدھىش بورانلاردىن نېرى،
سەندە بار ئالتۇن ئىشىك زەنجىر - قۇلۇپلاردىن نېرى،
بۈي چىمەننىڭ ئەھلىچۈن ھەر چاغ ئاچارغا، سەنئىتىم.

دەپ ئۆزىنىڭ سەنئەت ئازادلىقىغا بولغان چەكسىز خۇشاللىقىنى شېئىر مىسرالىرىدا ئىجابىي تەرەپلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، سەلبىي تەرەپلەرنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىدى.

11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا يەرلەرنى دېھقانلارغا كۆتۈرە بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. نەچچە يىللاردىن بۇيان چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يەپ يۈرگەن، ھەر قانچە ئەمگەك قىلغىنى بىلەنمۇ تويغۇدەك تاماق، ئۈچىسىغا چىققۇدەك تۈزۈك كىيىمگە ئېرىشەلمىگەن دېھقانلار تۇرمۇشىدا، يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەمدى- لىكتە يەرگە ئىگە بولغان دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىلىپ، ھالال ئەمگىكىنىڭ بەدىلىگە تېگىشلىك ئەمگەك مېۋىسىگە ئېرىشـ تى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ياخشىلىنىپ، خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزلىـ رىنىڭ بەختىيار ھاياتقا بولغان چەكسىز خۇشاللىقلىرىنى ئىزھار قىلىپ مەدھىيە ناخشىلىرىنى ياڭراتتى. ئەينى يىللاردا خەلق بىلەن تەڭ يىغلاپ، ئۇلارنىڭ ھال - مۇڭىغا قۇلاق سالغان شائىر ئەمدى خەلقنىڭ كۆلكىسىگە جۆر بولۇپ كۈلدى. دەۋرنىڭ يېڭى

قىياپىتىنى، دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقلىرىنى:

دېھقان ئاكا مۇبارەك بەخت ساڭا بېقىپتۇ،
بەخت قۇشى بېشىڭدا ئەمدى قانات قېقىپتۇ.
ئىككى مەڭزىڭ قىپقىزىل كۈندە قىمىز ئىچكەندەك،
باياشاتلىق توقچىلىق چىرايىڭغا يېقىپتۇ.

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالىرىدا ئىپادىلەپ، دېھقانلارنىڭ جاپالىق ئەجرىنىڭ شېرىن مېۋىسىنى تېتىپ، ھەقىقىي ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ، مېھنەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھالال ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى تولدۇرۇشقا باشلاۋاتقانلىقىنى ۋە دېھقانلارغا بولغان ئۆزىنىڭ چەكسىز ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى، ئۇلارغا بولغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ناھايىتى جانلىق، روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە دەۋرنىڭ بەختىيار قىياپىتىنى ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن قىزغىن مەدھىيىلىگەن.
مۇھەممەتجان راشىدىن دېھقانلار تېمىسىدا خېلى كۆپ شېئىر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ چىن يۈرىكىدىن قايناپ چىققان ھېسسىياتنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇشىدىن بارلىققا كەلگەن شېئىرلاردۇر. مانا بۇلار شائىرنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى ھەقىقىي كۈيچىسى، تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ھەقىقەت.
دېھقان ھەقىقەتەن ئۇلۇغ، ھەقىقەتەن مۇقەددەس.
دېھقانلار بولمىسا بىزنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىمىز نەدىن كېلىدۇ؟ چۆللەرنى بوستان قىلىپ، بىر جۇپ بىلىكىگە تايىنىپ مېھنەت تەرى ئارقىلىق، جاپالىق ئەمگەك بىلەن قاپارغان قوش قوللىرىدا ماددىي نېمەتلىرىنى ئاتا قىلىۋاتقانلار؛ بىز ئازادە، سالقىن شەھەر كوچىلىرىدا، باغچىلاردا سەيلە قىلىپ يۈرگەنلىرىمىزدە پىژغىرىم ئىسسىقلاردا، چىپ - چىپ تەرلىرىنى ھەر

بىر تال مايسىسى تۇۋىگە ئاققۇزۇپ ئىشلەۋاتقانلار؛ كېچىلىرى شېرىن ئۇيقۇدا تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتقىنىمىزدا كەتمىنىنى مۈرە-سىگە دەم ئارتىپ، دەم توغان ئېچىپ ئـايدىڭ كېچىلـەردە ئېتىزلاردا سۇ تۇتۇۋاتقانلار ئاشۇ جاپاكەش دېھقانلىرىمىز ئەمەس-مۇ؟!...

## 2

ئانا ــ مەڭگۈلۈك تېما. ئانىلار ھەققىدە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان شائىرلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىز ھەقىقەتەن كۆپ. مۇ-ھەممەتجان راشىدىن بۇ تېمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يورۇتۇپ بەرگەن شائىردۇر. شائىرنىڭ ئانىلار تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدىن «سې-غىنىدىم سېنى»، «ئانا دېسـەم»، «ئوغلى يـاخشى، ئـانىسى يامان»، «باھار يەتمەس جان ئانا سېنىڭدىكى باھارغا»، «ئانا بار ئۆيلەر بېھىش»، «قانداق قىلارمەن» قاتارلىقلار بار.

ئۆزۈڭ ياققان چىراغىمەنكىم، ۋەتەن ئۈچۈن يانارمەن،
كۆچەت ئىدىم، بۈگۈن مانا، بۈك باراقسان چىنارمەن.
.......................................
«ئىڭگە» سېلىپ چۈشتۈم سەندىن ئۇنىڭ ئىسسىق باغ-رىغا،
ئەلڭ ئاداققى تىنىقىمنى يەنە شۇندا تىنارمەن.

شائىر «ئانا دېسەم» ناملىق بۇ شېئىرىدا، ئانا مۇھەببىتىنى ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلاپ، ئۆزئارا كىرىشتۇ-رۇپ ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ ئـانىغا ۋە ۋەتـەنگـە بولغان چـوڭقۇر سۆيگۈ ــ مۇھەببىتىنى نامايان قىلغان. شائىرنى دۇنياغا ئانا ئاپىرىدە قىلدى. ئۇ ۋەتەن تۇپرىقىدا خەلق ئىچىدە ياشىدى.

شۇڭا، يۈرىكى ھەر ۋاقىت ئانا ۋە ۋەتەن ئۈچۈن تىنىمسىز سوقۇۋاتقان شائىر ئۆز شېئىرىدا مانا شۇنداق قايناق ھېسسىياتنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىيەلمەي تۇرالمىدى.

دۇنيادا ئانىدىنمۇ مۇقەددەس، قەدىرلىك ئىنسان يوق، ئەلۋەتتە. بىز ئانىمىزنى ئۇلۇغلايمىز، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق تىلەيمىز. شۇڭا، ۋەتەن مۇھەببىتى كۆيلەنگەن لىرىكىلاردا ۋەتەننى ئۇلۇغلاپ ئۇنى «ئانا ۋەتەن»، «ۋەتىنىم ئانام» دېگەن تەرىپلەر بىلەن ئاتايمىز. بۇمۇ بىزنىڭ ئانىلارنى ھەممىدىن بۇيۈك ئىنسان سۈپىتىدە مەدھىيىلىگەنلىكىمىز ئەمەسمۇ؟!

شائىر يەنە ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىدا خەلق بىردەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە ئىزھار قىلىشقا ئىنتىلىۋاتقان مۇنداق بىر مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈردى.

چوڭ ھويلىدىن كۆچۈپ چىقىپسىز،
ئۆي تۇتۇپسىز ئوغچە باشقىچە.
ئەجەب ئايشەم، ئۆز ئالدىڭىزغا،
ئالدىراپسىز قازان ئاسقۇچە.
چۈنكى، قالدى يالغۇز ھويلىدا،
تەنھا يىغلاپ قېينانىڭىز.
......................
ئۇ ئۆلمىدى ئەلەم يۇتقانغا،
شۇكۇر ئاللا يۈرىدۇ ئامان.
قانداق ئىش بۇ ئېيتىڭا ئايشەم،
ئوغلى ياخشى ئانىسى يامان؟!
«ئوغلى ياخشى ئانىسى يامان» دىن.

بارلىق ئانىلار بىزنىڭ ئانىمىز، ئۇلارنى قەدىرلەش، ھۆر-

مەتلەش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچىمىز. لېكىن، بۇ بۇرچ تۇيغۇسى بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىزدە يەنىلا ھازىرلانمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ قېينانا ۋە كېلىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بۇ تەرەپ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىۋاتىدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىزدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈش ياخشى بولغان ئەخلاقىي پەزىلەت دەپ قارىلىدۇ.

يېقىرىقى مىسرالاردىن، كېلىننىڭ قېيناناغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ كەملىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەن خەلق ماقالىمىز ھەقىقەتەنمۇ مانا مۇشۇنداق ياشلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. شەيئىلەر پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. ئادەممۇ ھەرگىز ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىلا توختاپ قالمايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ھازىر كېلىن بولغانلار كەلگۈسىدە كېلىنلىك بولىدۇ. ئۇلارمۇ قېرىپ ئۆزلىرىگە يار ـ يۆلەك بولغۇچىلارنى، پاناھ بولغۇچىلارنى ئىزدەيدۇ. مانا شۇ چاغدىلا ئۇلار ئانىلارنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. شۇڭا، بىز ياشلار بارلىق ئانىلارنى ئۆز ئانىمىزدەك كۆرۈپ، ئۇلارغا يار يۆلەك بولۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىز لازىم. شائىر مانا بۇ مەزمۇنلارنى:

ئەجەب ئايشەم، ئۆز ئالدىڭىزغا،
ئالدىراپسىز قازان ئاسقۇچە.
......................
قانداق ئىش بۇ ئېيتىڭا ئايشەم،
ئوغلى ياخشى، ئانىسى يامان؟!

دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئاشۇ كېلىننىڭ ئىش ـ ھەرىكەت-

لىرىگە بولغان ئەجەبلىنىش، غەلىتىلىك ھېس قىلىش، ئۇنىڭغا بولغان سوئال نەزىرىدىكى قاراشلىرى ئارقىلىق ناھايىتى جايىدا يورۇتۇپ بەرگەن.

## 3

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا، ۋاقىتنى قەدىرلەش، بىلىم ئىگىلەش، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغانلىرىنىمۇ كۆپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلىلەر خەلقنىڭ ساپاسى، مەنپەئەتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بولغاچقا، خەلق سۆيەر شائىرنىڭ ئىپادىلىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىلىمسىزلىك خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىقتا قالدۇرىدىغان چۈشەك، مەكتەپ بىلىم بۇلىقى، مەكتەپ تالانت ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىكى فونتامېنت!

بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالىملىرىمىز كىچىكىدىنلا پەنگە ئىشتىياق باغلاپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ھېچبولمىغاندا، باشلانغۇچ سەۋىيىگە ئىگە بولغان تەقدىرىدىمۇ تەدرىجىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىرى ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

مەكتەپ دېگەن بىلىمنىڭ بۇلىقىدۇر، ئوقۇغۇچىلار،
بىلىم دېگەن ئەقىلنىڭ چىرىقىدۇر، ئوقۇغۇچىلار.
بىلىملىكلەر گوياكى تاڭ سەھەرنىڭ چولپىنى،
ئوقۇماسلىق نادانىنىڭ قىلىقىدۇر، ئوقۇغۇچىلار.

«ئوقۇغۇچىلار» دىن

بۇ مىسرالاردا شائىر ئۆزىنىڭ بىلىم ھەققىدىكى دانالارچە

قاراشلىرىنى ناھايىتى دەل جايىدا ئىپادىلىگەن.

كلاسسىكلىرىمىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەختنىڭ بىلىم ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۈيۈك داستانى «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئېنىق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەن. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تىمۇ بىلىمسىزنى يىلىكسىز سۆڭەككە، بىلىملىك كىشىنى يىلىكلىك سۆڭەككە ئوخشىتىش ئارقىلىق بىلىملىك بولۇشنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئەكسىچە بىلىمسىزلىكنىڭ كىشىلەرنى نادانلىق، خۇراپاتلىق يولىغا باشلاپ، قۇللۇقتا قالدۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

يالقۇنلۇق شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۆز شېئىرلىرىدا باللارنى ئوقۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئۇلارنى ئوقۇتماسلىقنىڭ خەلقنى نادانلىققا باشلايدىغان، قۇللۇقتا قالدۇرىدىغان يول ئىكەنلىكىنى تەسىرلىك ھەم كىنايىلىك سۆز - ئىبارىلەر ئارقىلىق جانلىق گەۋدىلەندۈرگەندى. ھەقىقەتەن خەلقىمىز بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدى. شائىر بۇنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

يىغىن ئاچساڭ سۆزلىرىڭمۇ ئۇزۇندىن ئۇزۇن،
شۇ يەردىمۇ قىلدىڭ تالاي ۋاقتىمنى بەربات.
نېمە ھەققىم ئولتۇرماسقا ئۇندا تىپچەكلەپ،
جۇپتى قازا قىلغان قۇشتەك ئۇرۇپ مىڭ پەرياد.

شائىر ئۆزىنىڭ ۋاقتقا بولغان قارىشىنى، ۋاقتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ھەممىدىن قىممەتلىك بىباھا گۆھەر ئىكەنلىكىنى، ۋاقتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش، ئىجادىيەت بېغىدا چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشنى، قۇرۇق مەجلىسۋازلىقلارغا بولغان نارازىلىقىنى، ۋاقتنى كۆپرەك قەدىرلەپ ئەمەلىي ئىش قىلىشنىڭ

زۆرۈرلىكىنى ئاددىي، چۈچۈك تىللار ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

## 4

شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ، خەلقىنىڭ شائىرى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرىنى ئۆز شېئىرلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇپ بەردى. شائىرنىڭ ساتىرا ۋە مەسەللىرىدە تۇرمۇشتىكى ھەرقايسى تەرەپلەر يۇقىرى بەدىئىي دىت، چوڭقۇر تەپەككۇر، ئۆتكۈر، راۋان تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئۆتكۈر كۆز بىلەن كۆزىتىلىپ، ئەھمىيەتلىك، مەنتىقىلىك، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان، دىللارغا ھەقىقىي ئوزۇق بېرىدىغان يەكۈن چىقىرىلغان.

شائىرنىڭ ساتىرا ۋە مەسەللىرى چوڭقۇر ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ناچار ئىشلار، بىمەنىلىكلەر، مىللىي سۇپەتكە ئىنتايىن يامان تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بولمىغۇر سۆز ـ ھەرىكەتلەر، نادانلىق، خۇراپاتلىق، پىتنىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق تەرەپلەرنى قاتتىق سۆكۈپ، كىشىلەرنى ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، روھنى ساپلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ھەقىقىي ئىنسانەدەك ياشاشقا دەۋەت قىلغان.

شائىرنىڭ «بوراندا»، «پىتنە قۇربانى» قاتارلىق مەسەللىرى ۋە «ئىنجىق»، «ۋاي ـ داد»، «ئـەللىك يـاشتا ئـاداشقانلارغا»، «ئىچكەندىن كېيىن»، «پۇلنىڭ گېپى»، «سەن مەندەك بولالامسەن»، «تامچى توغرىسىدا مۇخەممەس»، «ئوقۇپ تۇرىمىز» قاتارلىق ساتىرىلىرى يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇزاق ئۆتمەي قارا بوران جىمىقىپ،
كەلدى يەنە ئەركىن ھايات ئەسلىگە،

مەيلى ئادەم، مەيلى مىڭلاپ جانىۋار.
نەزەر سالدى دەل ـ دەرەخلەر نەسلىگە،

ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇللار شاد ئىدى،
تىنچ ـ ئامان ئۆتكىنىگە ئاپەتتىن.
قاپاق تېرەك ئەمما ئەجەل قوچقانتى،
ئاپەت ئۈچۈن قىلغان تازىم ـ تائەتتى.

بۇ مەسىلىدە، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە بىلىملىك كىشىلىرىمىزنىڭ ئادالەتسىز زامان تۈپەيلى تارتقان ئازابلىرى، بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن، شامالنىڭ چىقىشىغا بېقىپ ئىش كۆرىدىغان بىلىمسىز «قاپاق تېرەكلەر» ئۈچۈن ناھايىتى «چوڭ ئامەت» ھېسابلىنىپ، بىلىم ئىگىلىرىنى ھەدېسىلا يىقىتىشقا ئۇرۇنغانلىقى، بىراق كىشىلەرگە مېۋە بەرگەن ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ قىيىن ـ قىستاقلار ئالدىدا يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

شائىر بۇ مەسىلىدە ئىگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادىگە ئىگە مەردانە كىشىلەرنى مەدھىيىلىسە، ئىككى يۈزلىمىچى پەسكەش كىشىلەرنى ئۆتكۈر تىللىرى ئارقىلىق كۈچلۈك تەنقىد ئاستىدا قاتتىق قامچىلىدى. «ۋاي ـ داد» ناملىق ساتىرىدا، خۇراپاتلىققا بولغان شىكايىتىنى:

ئاتاقتا پېرىخون ـ باخشى، لېكىن يوق ئەسكىدىن پەرقى،
ئەمەس ھەم سودىگەر، چۈنكى، باھادا يوق ئۇنىڭ نەرقى.
«خۇدا» دەپ يۈرگىنى يالغان، تامام پۇل، ئاقچىدۇر

شەرتى،
ئالاردا قوزىمۇ، قويمۇ؟ ئۆزىنىڭ تالىلماق ئەركى،
كېتەر بولدۇم ئۇنى تويغۇزغۇچە ھەم جۇدەپ ۋاي -
داد.

دەپ دەل جايىدا بايان قىلىش بىلەن بىرگە جەمئىيىتىمىزدە كۆرۈلۈپ تۇرىۋاتقان، خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشتەك چوڭقۇر ئىدىيىنى ئالغا سۈردى.

پىرىخون - باخشىلار خەلقنىڭ ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەر خىل رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۆزلىرىنى دىندار كۆرسىتىپ، خىلمۇخىل يوللار بىلەن خەلقنى ئالداپ - سالداپ خۇرجۇننى تولدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. كونا دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرىدىن تېخى پۈتۈنلەي ئازاد بولۇپ كېتەلمىگەن ئاز ساندىكى نادان كىشىلەر ئۇلارنى مۇقەددەس بىلىپ، نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى ئاتا قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاتىرجەملىك، ئامانلىق تىلەپ، دۇئا قىلىشنى، كېسەللىرىگە «شىپالىق مەلھەملەر» نى كەلتۈرۈشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزلىرى يېمەي - ئىچمىسىمۇ، پىرىخون - باخشىلارنىڭ دېگىنىنى ھەر ۋاقىت ئورۇنداشقا تەييار تۇرىدۇ.

ساتىرىدا شائىر ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تاۋلانغان تىللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى قاتتىق تەنقىد قىلغان، خەلقنى بۇنداق خۇراپاتلىقلارغا قارشى تۇرۇپ، ساغلام روھىي كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە، تۇرلۇك خۇنۇكلۇك، رەزىللىك، ئالدامچىلىقلارغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان. ئىنسانىي خىسلەتكە يات بولغان بولمىغۇر قىلىقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ھەقىقىي ئىنساندەك قەدىر - قىممەت بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەن. خەلقىمىز ئەزەلدىن تارتىپ ئەخلاقلىق، پاك - دىيانەتلىك كىشىلەرنى ئۇلۇغلاپ ھەم مەدھىيىلەپ كەلگەن. خەلقىمىز شۇنداق قارايدۇكى، پاكلىق، ئۇ ئىن-

سان ۋۇجۇدىدا ئۇر بولۇپ چاقنايدۇ. ئۇ ھەر قانداق شارائىتتا ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. پاكلىق، ئۇ پارىخورلۇق، كاززاپ-لىق، خىيانەتچىلىك، ۋاپاسىزلىقلارغا ئوخشاش ئىنسانىي خىس-لەتلەرگە يات قىلمىشلار ئالدىدا خۇددى قامەتلىك تاغلاردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ... .

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا مانا شۇنداق پېكىرلەرگە ياندىشىپ، بۇ پېكىرلەرنى يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت، گۈزەل شېئىرىي تىل-لار بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. مەسىلەن، شائىرنىڭ «تامچى توغ-رىسىدا مۇخەممەس» ناملىق ساتىرىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

جاپادا پۈتتى ئۆي ئاخىر، لېكىن، تاملار تامام قىڭ-
غىر،
شامال چىققانغىمۇ تۇۋا، دەرەختەك تىترىشۇر دىر –
دىر.
كېسەكلەر يىغلىشۇر رەتلىك تىزىلماي داد ئېيتىپ
بىر – بىر،
شۇ ۋاقىتتا گۈل كېلۇر دەيتتىڭ، ئۇيالماي ئەكسىچە
ھېچبىر.
سالارمەن تىل ھاقارەت، گەر ئۆزۈمنى تارتمىسام ،
تامچى.

ئېگىز – پەس ئورنىتىپ كەتتىڭ يەنە توققۇز ئېرىز ەم-
نى،
ئۇنىڭ دەردى قىلىپ بىر يان، قىلۇرمەن ئۆگزىدىن
غەمنى.
پېشايۋان ئەسلىتۇر باقسام مېنىڭ ئەسكى پەرىجەمنى،
ئاڭا قەغەزچە لاي ساپىسەن، تۆكۈپ ھىيلەئى زەمزەم-
نى،

ئۆلەي شۇ تۇرقىدا بۆھتان ساڭا مەن چاپلىسام، تامچى
..........................

شائىر مانا بۇ ساتىرىسىدا تامچىدىن ئىبارەت بىر ساختىپەز تىپنى تاللىۋېلىپ، كاززاپلىق، خىيانەتچىلىككە نەپرەت ياغدۇرىدۇ. كىتابخانلاردا روشەن مۇھەببەت ـ نەپرەت تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. بەدىئىي نۇقتىدىن ئالغاندا، شائىر بۇ يەردە مۇبالىغە قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر بىر ھېسسىيات، ھەر بىر ھادىسىنى مول تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن زورايتىپ، ئاخىرىسىدا يۇكسەك پەللە قالمىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ مۇشۇنداق يۇكسەكلىكتە ئەكس ئەتكەن ساتىرلىرىدىن يەنە «بەرمىسەڭمۇ بەرمە قىزىڭنى» ، «سەن مەندەك بولالماسەن» ، «ئۇرۇمچى» ، «مەن، دېمەي دېسەم» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ساتىرلىرىمۇ بار.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىڭ شېئىرلىرى پىكىرلىرىنىڭ يېڭى ھەم چوڭقۇرلۇقى، ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تېمىلىرىنىڭ خىلمۇخىل ھەم ئەمەلىيلىكى بىلەن ئالايىتەنلىككە ئىگىدۇر. بىز شائىرنىڭ مۇشۇنداق 60 ياشقا تولغان قۇتلۇق ئۆمۈر مەنزىللىرىدە بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇساپىسىنىڭ تېخىمۇ قۇتلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

# پەلسەپىۋى ئويلىنىش ئىقتىدارى نامايان قىلىنغان ئەسەر

يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ «شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن»
ناملىق رومانى ھەققىدە

«شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن» رومانى يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ئۇزاق يىللىق ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن پەلسەپىۋى — دىداكتىكىلىق ئويلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆزىدە بىر قەدەر تولۇق نامايان قىلغان ئەسەردۇر.

رومان سۇژىت جەھەتتە ئىككى تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ بىرى، نۇسرەت ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان «ئوڭچىللارغا قارشى» ھەرىكىتىنىڭ كۈرەش ئوبيېكتى قىلىنغانلىقتىن تاكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغىچە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كۈلپەتلىرى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قايتا جەم بولۇپ شادلىققا چۆمۈشكىچە بولغان جەريانلار بولسا، يەنە بىرى، بۇ ئائىلىنىڭ ئىشچان، بىلىملىك ئوغلى ئەلىنىڭ سەيلانە بىلەن بولغان مۇھەببىتى ھەم بۇ مۇھەببەتنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشى.

رومانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچى رومانىدا ئاساسلىقى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرى بىلەن زىددىيەتلىرىنى چۆرىدەپ قەلەم تەۋرەتكەن. بۇنداق ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان خاتا ھەرىكەتنىڭ جەمئىيەت-

كە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا، ئائىلە - نىكاھ ئىشلىرىغا، ئىرادىسىگە ئېلىپ كەلگەن بۇزغۇنچىلىقلىرىنى قاتتىق سۆككەن. ھەقىقەت، ۋىجدان، ئىشەنچ، ئۈمىد - ئارزۇلارنى يېڭىلمەس مەنىۋى كۈچ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتا ئوينايدىغان رولىنى ئۇلۇغلىغان ۋە مەدھىيىلىگەن.

تۆۋەندە روماندىكى ھەقىقىي مۇلاھىزەمنى بۇ روماننىڭ ئىككى مۇھىم سۇژېت بۆلىكى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، يازغۇچى ئائىلە تراگېدىيىسى ئارقىلىق جەمئىيەت تراگېدىيىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. نۇسرەت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەم ئۆز ئالدىغا پەرقلىق بولغان ياشاش شەكلى بار. روماندىكى ئاتا - نۇسرەت يېڭى جۇڭگونىڭ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئادالەتسىزلىك، يولسىزلىققا چىداپ تۇرالمايدىغان مەردانە روھ چاقناپ تۇرىدۇ. يازغۇچى نۇسرەتنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ئېغىر زىيانكەشلىك، خورلۇق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈپ تۇرۇپمۇ، زوراۋانلىق ئالدىدا قەتئىي ئېگىلمەي، كېيىنكى تەپسىلاتلار جەريانىدا بۇنداق تراگېدىيە بارغانچە چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ ھەم بىر دەۋرنىڭ تراگېدىيىلىك ھالەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان پەللىگە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، نۇسرەت دەسلەپ «كۆل تېغى» ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا يالغۇز ئەمگەك قىلاتتى، كېيىن ئۇنىڭ «جىنايەتچى» ھەمراھلىرى كۆپىيىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، روماندىكى پېرسوناژ ۋە ۋەقەلەر ئازلىقتىن كۆپلۈككە، كىچىك دائىرىدىن چوڭ دائىرىگە كېڭىيىپ بارىدۇ. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانغاندا، نۇسرەت ئائىلىسى يىراق ناھىيىسىنىڭ چەت بىر يېزىسىغا كۆچۈرۈۋېتىلىدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى نەبى، كىچىك قىزى نادىرەلەر ئېغىر ئەمگەك تۇپەيلى ھەر خىل ئاغرىققا گىرىپتار بولىدۇ، ئىككىنچى ئوغلى ئويە بايساي دېگەن يەردە زىيالىي ياش سۈپىتىدە ئەمگەك بىلەن

چېنىقىشتا بولىدۇ. ئەلى ئىنتايىن تىرىشچان، پاراسەتلىك، بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان يىگىت ئىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئىمتىھاندىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەن تۇرۇقلۇقمۇ، «ئائىلىسىنىڭ مەسىلىسى بار» دەپ قارىلىپ شاللىنىۋېتىلىدۇ.

دېمەك، روماندا تەسۋىرلەنگەن بۇ ئائىلە ئۆز دەۋرىدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەرنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ ئەگرى - توقاي كەچۈرمىش كۆلپەتلىرى ئۆز دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈرلۈك ئىنقىلاب، كۈرەشلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن باغلانغان ھالدا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا ئوخشاش ئاشۇنداق خاتا ھەرىكەت، دەپ قارىغان. جەمئىيەتتە ئادىللىقنى، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى تۇرغۇزماي تۇرۇپ، نۇسرەت ئائىلىسىگە ئوخشاش مىڭلىغان ئائىلىلەرنى كۆلپەت - خورلۇقلاردىن قۇتقازغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسەردە مۇشۇنداق بەدىئىي ئويلىنىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

ئىككىنچى، مۇھەببەت تراگېدىيىسى ئارقىلىق راستچىللىق، توغرىلىق تەرەپتە چىڭ تۇرۇشنى كىتابخانغا ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدىن، كەچۈرمىشلىرىدىن ئىزدەتكۈزىدۇ. نۇسرەتنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى تەڭسىز دەۋرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭ بولۇشى، ئىلى گىمنازىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ مۇئەللىم بولۇشى، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا بۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ جەڭ قىلىشىدەك جەريانلار نۇسرەتنىڭ ئادالەت، توغرىلىق يولىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، تاۋلانغان جەڭچى ئىكەنلىكىنى، دۇنيانى، ھاياتنى، جەمئىيەتنى، كەلگۈسىنى ئەقلىي نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلالايدىغان، ئۇنىڭغا باھا بېرەلەيدىغان كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئاپتور نۇسرەتنى خاراكتېر جەھەتتىن ئىزچىللىققا ئىگە قىلغان، ھەرگىزمۇ ھەممىگە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئولتۇرىدىغان، تەييار-

لىقى پۇختا پېرسوناژلاردىن قىلىپ قويمىغان، دەپ باھا بېرەلەي-
مىز.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىكى «ئوڭچىللارغا قارشى كۆ-
رەش» تە، نۇسرەت شانىيازغا ئوخشاش پۇرسەتپەرەس، ساختا،
ئىككى يۈزلىمچى شەخسلەرنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن قارىلى-
نىپ، «كۆل تېغى» غا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىلىدۇ.
نۇسرەت ئائىلىسىنىڭ رېئاللىقى بىلەن كېلەچىكىگە مانا شۇنىڭ-
دىن باشلاپ دەز كېتىدۇ. نۇسرەتنىڭ بىلىم ئىگىلەش، پەن -
مائارىپقا ئۆزىنى بېغىشلاش، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش يولىدىكى
بارلىق ئارزۇ - ئىستەكلىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يوققا چىقىشقا
باشلايدۇ. روماندىكى نۇسرەت ئائىلىسىنىڭ تراگېدىيىسى شۇنىڭ-
دىن باشلىنىدۇ. مەسىلەن، بۇ دەۋردىكى قالپاق كىيگۈزۈش،
ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزگەرتىش، ئائىلىسىنى تارقاقلاشتۇرۇش،
ئائىلە مەسىلىسى بارلارنى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلماسلىق…
دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى نۇسرەت ئائىلىسىدىن تاپقىلى
بولىدۇ. نۇسرەت ئائىلىسى دۇچ كەلگەن كۈلپەت ياكى ئو-
ڭۇشسىزلىق ئۆزى مەنسۇپ بولغان جەمئىيەتنىڭ مەلۇم تەرىپىنى
مەنبە قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن. جەمئىيەت، رېئاللىق ئۆز
قانۇنىيىتىدىن ئايرىلغان، ئەمەلىيەتنىڭ ئورنىغا دوگماتىزملىق،
سۇبيېكتىپ قاراملىق دەسسىتىلگەن شارائىتتا نۇسرەتكە ئوخشاش
كىشىلەرنىڭ ئارزۇلىرى بوغۇلۇپ، قاراشلىرى چەكلىنىپ، بۇ-
رۇقتۇرمىلىق ئازاب چەكمىكى مۇقەررەر ئىدى. روماندا تەسۋىر-
لەنگەن نۇسرەت ئائىلىسىنىڭ كۈلپەتلىرىنى ھەرگىزمۇ بىرەر
يامان شەخس ياكى بىرەر گۇرۇھنىڭ قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقار-
غان ئەمەس، بەلكى بۇ ئائىلە بىلەن بۇ ئائىلە مەنسۇپ بولغان
جەمئىيەتنىڭ تراگېدىيىلىك ماھىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
شۇنىڭ ئۈچۈن روماننىڭ ئاخىرىدا جەمئىيەتنىڭ ئوڭشىلىشىغا
قاراپ يۈزلىنىشى بىلەن تەڭ نۇسرەت ئائىلىسىنىڭمۇ ئازابلىق

كۆلپەتلەردىن قۇتۇلۇشى تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق خۇلاسىدۇر.

يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەت رومانىدا تەسۋىرلەۋاتقان جەمئىيەتنىڭ تۈپ ماھىيىتى بىلەن زىددىيەتلىرىنى ناھايىتى ئېنىق تونىغان، بارلىق كۆلپەت ـ تراگېدىيىلەرنىڭ مەنبەسى ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى كۆپ تەرەپلىمە يورۇتۇپ بەرگەن. ئەلى ئويەبايساي يايلىقىدا قايتا تەربىيە ئېلىش جەريانىدا، بىللە چېنىقىشقا چۈشكەن سەيلانە ئىسىملىك قىز بىلەن مۇھەببەت باغلايدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتى سەيلانە ئائىلىسىنىڭ قوشۇلماسلىقى نەتىجىسىدە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەلى ئىنتايىن ئازاب چېكىدۇ. ئويەبايسايدىكى ئېغىر ئەمگەك جەريانىدا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، چىن ئەقىدە ۋە ۋاپادارلىقنى گۇۋاھ قىلىشىپ مۇھەببەتلەشكەن بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت ئارزۇلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ سەۋەب يەنىلا تراگېدىيىلىك ئاقىۋەت بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئاشۇ رېئاللىق — مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدۇر. مۇھەببەت تۇيغۇلىرىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ئورنىغا ئۆزىدىكى ساختىلىقلارنى تاڭغان جەمئىيەت بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئارقا تېرىكىدۇر.

دېمەك، يازغۇچى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ كىشىلىك ھاياتقا ئېلىپ كەلگەن ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلىرىنى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن دېگۈدەك ئىزدىگەن ۋە ھەر تەرەپتىن يورۇتۇپ بەرگەن، بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ نازۇك ھېسسىي تۇيغۇلىرىغا چېتىلىدىغان ئائىلە، نىكاھ، مۇھەببەت مەسىلىلىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان دەرىجىدە تەسۋىرلەپ بەرگەن.

روماننىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ بار. يازغۇچى روماننىڭ تىلىغا خېلى قويۇق يۇمۇرلۇق تۈس بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر، ئەقلىيىلىك بايانلار ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتكەن.

رومان سۇژىت ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئەسلىمە شەكلىنى ئاساس قىلغان. بۇنداق بايان ئەسەر ۋەقەلىكىنى سەكرەتمىلىككە ئىگە قىلىپ، كىتابخاننى يېڭى - يېڭى ۋەقەلىك مۇھىتى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ تۇرۇش رولىنى ئويناپ، ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغان.

روماندا كىنايە قىلىش ئۇسۇللىرى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: نۇسرەت «كۆل تېغى» ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا جىنايەتچى ھەمراھلىرى بىلەن تارىخىي دراما «ئانارخان»نى ئويناپ چىقىدۇ. بۇ درامىدا ئادالەتسىز كونا زامان ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئادالەت، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچى قەھرىمانلار بولغان ئانارخان، ھەمرالارنىڭ رولىنى نۇسرەتكە ئوخشاش «جىنايەتچى» ھېسابلانغانلار ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ پەردە نۇسرەت ۋە ئۇنىڭ جىنايەتچى دوستلىرى كۆز ئالدىمىزدا خۇددى تارىختىكى ئاشۇ ئادالەت كۈچلىرىگە ئوخشاش قىممەتلىك ھەم سۆيۈملۈك بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. يازغۇچى ئۆز رېئاللىقىدا يۈز بېرىۋاتقان تراگېدىيىلەرنى تارىخىي ۋەقەلىك ئانارخان درامىسى ئارقىلىق دارىتىملاپ، ئاچچىق مەسخىرە قىلىدۇ.

قىسقىسى، يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەت «شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن» ناملىق رومانىغا بارلىق زېھنىي كۈچى ۋە ھېسسىياتىنى سەرپ قىلغان، ھايات، رېئاللىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئوي - پىكىرلىرىنى سىڭدۈرگەن. پېرسوناژلارنىڭ ئۈمىد، ئىشەنچ، تىلەكلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن نۇرلاندۇرغان ھەم مەدھىيىلىگەن. ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، بىز بۇ روماندىن يازغۇچى قەلبىنى - يازغۇچىنىڭ جەمئىيەت، رېئاللىق، ئىنسان تۇرمۇشى جەھەتلەردىكى قاراش - مۇلاھىزىلىرىنى كۆرىمىز.

# چىنلىق ۋە تەسىرات

— «ھارام مۈشت» ھېكايىلەر توپلىمى توغرىسىدا

ئۆلپەت جېلىل ئەدەبىيات ئىجادىيەت سېپىگە ئەمدىلا قەدەم قويۇۋاتقان ياش ئاپتورلىرىمىزنىڭ بىرى. يېقىندا ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ھېكايە ـ نەسىرلىرىدىن تەركىب تاپقان «ھارام مۈشت» ناملىق ھېكايە، نەسىرلەر توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ھېكايە، نەسىرلەرنىڭ ھەربىرسىنىڭ رېئال تۇرمۇش چىنلىقى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، ئوقۇغان كىتابخانلارغا ئەينەنلىك ۋە تەبىئىيلىك ھېس قىلدۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ بالىلىق قەلب دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرىش جەھەتتىكى ئىزدىنىشى كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ.

تەسىرات ئەلۋەتتە چىنلىق ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. چىنلىق بولمايدىكەن تەسىرات ئۇ قۇرۇق ھەم ساختا بولۇپ قالىدۇ. ئاپتور ھەر بىر ئەسەر ھەققىدە ئويلىنىشتىن بۇرۇن نەزىرىنى ئاۋۋال تاشقى دۇنياغا قاراتقان. ئوبيېكتىنىڭ چىن ھالىتىنى ئىگىلەپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆز تەسىراتى بىلەن يۇغۇرۇپ بەدىئىي پىششىقلاش ئېلىپ بارغان. بەزى ھالقىلارنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن توقۇپ خۇددى «رەڭگىنىڭ ئىچىدىن رەڭ كۆرۈنىدىغان» بىر خىل گۈزەللىك دۇنياسىنى ياراتقان.

بىزگە مەلۇم، تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىرات رېئاللىقنىڭ تاشقى ھالەتلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ. ئۇ چوقۇم ئەدىبنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى قوزغىيالايدىغان تەسىرات بولۇشى

كېرەك. ئۇ ئەقەللىيسى، پىكىر ۋە تەپەككۇر بىلەن يۇغۇرىيالاي-
دىغان دەرىجىدە بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا بۇنداق تەسىرلىـ-
نىش بەدىئىي گۈزەللىك ھاسىل قىلالايدۇ.

ئۇلپەت جىلىنىڭ توپلامدىكى ھېكايە، مەسەل، نەسىرلىرى
بىزنى بۇ جەھەتتە مەمنۇن قىلىدۇ. مەسىلەن، توپلامدىكى «چۈجە
خورازنىڭ دوست تېپىشى» ناملىق مەسەللىك ھېكايە رېئاللىقتىـ-
كى چۈجە خورازنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئوپمۇئوخشاش، لېكىن
ئاپتورنىڭ بۇ كۆرۈنۈشلەردىن ئومۇملاشتۇرۇپ ھاسىل قىلغان
تەسىراتى تولىمۇ تەسىرلىك بولغان بىر مەسىلىگە مەركەزلەش-
كەن. چۈجە خوراز دەسلەپ باشقىلارنى قىلچىمۇ ئويلاپ قويماي-
دۇ، ئۇ ئەتراپىدىكى كېپەز، بۇغداي، مېۋە كۆچەتلىرى قاتارلىقلار-
نى تىلغاپ، ئېگىپ ئوينايدۇ. قىش كەلگەندە بولسا يەيدىغانغا
دان، يېپىنىدىغانغا تون، چىقىۋالىدىغانغا قونداق تاپالماي ئىنتا-
يىن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا كېپەز،
بۇغداي، كۆچەتلەر ئۇنىڭغا ئوزۇق ۋە يېپىنچا، قونداق بولۇپ
ئۇنى خاتىرجەم قىلىدۇ. چۈجە خوراز ئاچ تۆلكىگە يولۇقۇپ خەتەر
ئىچىدە قالغاندا، ئالا كۈچۈك پەيدا بولۇپ، تۆلكىنى يېڭىپ چۈجە
خورازنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. دېمەك، ئاپتور بۇ يەردە بىزگە
چۈجە خورازنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئادەملەر تۇرمۇشىدىكى بىر
قىسىم يارىماس ئىللەتلەرنى ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. راست، بىر
قىسىم كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ دوست تۇتۇشى پۈتۈنلەي
شەخسىيەتچىلىكنى چىقىش قىلغان بولىدۇ. ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ
باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدۇ.
ھېكايىدە دوستلۇقنى چۈشەنمەيدىغان بۇنداق يارىماس ئىللەتلەر
ئۆتكۈر پاش قىلىنىدۇ. چۈجە خورازنىڭ قىش كەلگەندە باش-
قىلارنىڭ دوستلارچە قىلغان مۇئامىلىسىگە ئېرىشىش ئارقى-
لىقلا خەۋپ - خەتەردىن ساقلىنىپ قالالىغاندەك كۆرۈنۈش
كىچىك دوستلارغا تېخىمۇ مۇھىم بولغان بىر مەسىلىنى ئۇقتۇرى-

دۇ. دوستلۇق - دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس بۇرچ. كىچىك
دوستلار كىچىكىدىن باشلاپلا دوستلۇق مۇناسىۋەتنى قەدىرلەيدى-
غان، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغان پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشى كې-
رەك. دوستى يوقنىڭ ئۆزىمۇ يوق بولىدۇ. ئۆزئارا ئىناقلىقنى،
كۆيۈمچانلىقنى، باراۋەرلىكنى چىقىش قىلغان دوستلۇقنى مۇس-
تەھكەملەش كېرەككى، ھەرگىزمۇ شەخسىي غەرەز ئۈچۈنلا
دوست تاللىماسلىق كېرەك.

ئاپتورنىڭ «شوخلۇقتىن نېمە چىقتى» ناملىق ھېكايىسىدىن
بىز بالىلىق دۇنياسىدىكى ئېشىپ كەتكەن كەپسىزلىك، بەخۇاش-
لىق ئادەتلىرىنىڭ ئەگەر ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە تەرەققىي قىلىپ
بالىلارنىڭ مەنىۋى ساغلاملىقىغا زىيىنى بولۇپلا قالماستىن ھەتتا
بەزىدە بالىلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ
زىيىنى بولىدىغانلىقىدەك ئەھۋالنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. ھېكا-
يىدە تولىمۇ كەپسىز، بەخۇاش چوڭ بولىۋاتقان بۇ ئۆسمۈرنىڭ
يارىماس ئىللەتلىرى ئۇنى ئاخىرىسىدا ئۆمۈرلۈك مېيىپ قىلىپ
پۈشايماندا قالدۇردى. ئۇ بەخۇاشلىقى تۈپەيلى قاتناش قائىدىسىگە
خىلاپ ھالدا ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىغا ئېسىلىپ ئويناپ ئاخىرىدا
ماشىنىنىڭ ئاستىدا قېلىپ بىر پۇتىدىن ئايرىلدى. ھېكايە ھەر-
گىزمۇ بالىلارغا شوخلۇق قىلىشنىڭ زىيىنى ئۈستىدە تەربىيە
بەرمەكچى ئەمەس، شوخلۇق، ئۆسمۈر بالىلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا
جانلىقلىق، تېتىكلىك، جۇشقۇنلۇق، كۆتۈرەڭگۈلۈكنىڭ ئىپادى-
سى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ناھايىتى قەدىرلىك
بولغان بىرخىل پسىخىك ھالەتتۇر. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى بالىلار-
دىكى بۇ خىل نورمال پسىخىكىنىڭ نورمالسىز ھالەتلەرگە ئۆزگە-
رىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ساغلام ئۆسۈپ
يېتىلىش يولىغا باشلىشىمىزدا ياخشى تەرەپكە قاراپ يېتەكلەنمە-
گەن شوخلۇق، ئۇ بالىلاردىكى بەخۇاشلىق، كەپسىزلىك تۈسىنى
ئېلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ - دە، ئاخىرىدا بەزى ئېچىنىش-

لىق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.
ھېكايە بۇ جەھەتتە شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىر ياخشى
دەرسلىكتۇر.

«ھارام مۇشت» توپلامىدىكى يەنە بىر ياخشى ھېكايە. ئاپتور
بۇ ھېكايىسىدە ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى-
گە جەڭ ئېلان قىلغان. ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئاساسى بولغان
ئادالەت ھەم ھەققانىيەت ئېڭىنىڭ تەۋرەنمەس مېلودىيىسىنى ياڭ-
راتقان.

ھېكايىدە «مەن» ئاپتوبۇستا بىرەيلەننىڭ بىر قىزچاقنىڭ
سومكىسىغا قول سېلىپ پۇل ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
قالىدۇ ـ دە، ئۇنى بۇ ئىشتىن توسىدۇ. ھېلىقى ئوغرى بولسا
ئەلپازىنى بۇزۇپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا «مەن» نى كېلىشتۈرۈپ
بىرنى سېلىپ بولۇپ، بىخارامان ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كېتىدۇ.
ئەتراپتىكىلەر بۇ ئىشقا قىلچىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ھەممىسى ئۆز
ئىشى بىلەن بولىدۇ. ھېلىقى قىزچاق بولسا بۇ ئىشنى قىززىق
بىلىپ ئاغزىنى تۇتقىنىچە كۈلۈپ تۇرىدۇ. ھېكايىنىڭ تېخىمۇ
كۈچلۈك تەسىرچانلىقى شۇ يەردىكى «مەن» نىڭ شۇنچە خورلۇق
تارتىشى ئۇنى ھەققانىيەت ئۈچۈن، يامانلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارىدى-
غان كۆرەش ئىرادىسىدىن ياندۇرالمايدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق يامان-
لىقنى كۆرگەندە قىلچە ئىككىلەنمەي ئورنىدىن دەس تۇردى. بىز
ھېكايىنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسىدىن تولىمۇ روھلىنىمىز، ئۆزىمىز-
نى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە ھېس قىلىمىز.

ئومۇمەن، ئاپتور ئۇلپەت جېلىلنىڭ «ھارام مۇشت» ناملىق
ھېكايىلەر توپلىمىدىكى ئەسەرلەر ھەم ئۆزگىچە بەدىئىي چىنلىق-
قا، ھەم ئۆزگىچە ھېسسىيات ھاسىلاتلىرىغا ئىگە ئەسەرلەردۇر.

# «بىرلىك» ناملىق شېئىرنىڭ تاڭجارىق ئىجادىيىتىدە تۇتىدىغان ئورنى توغرىسىدا

تاڭجارىق جولدى باي ئوغلى — ھازىرقى زامان شىنجاڭ دېموكراتىك قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى شائىردۇر. ئۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەيسەر ئوغلانى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ھۆرمەتلىك ئادەم. بۈگۈن دۇنياغا كەلگەن «تاڭجارىق ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى» ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلق قەلبىدە تىكلەنگەن ئەڭ ئېسىل ئابىدە ھەم مۇنار.

شائىر تاڭجارىق 29 يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا جەمئىي 300 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ قالدۇردى. بىز بۈگۈنكى كۈندە بۇ مەنىۋى مىراسلارنى تەتقىق قىلساق ئۆتمۈش ئۈچۈنمۇ، بۈگۈن ئۈچۈنمۇ، شۇنداقلا كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىلغار ئىدىيە خەزىنىسىگە ئىگە بولالايمىز.

تاڭجارىقنىڭ ئىدىيە خەزىنىسىدە ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ تەرەپ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ:

بىرىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك. شائىر ئۆزىنىڭ «تۇغۇلغان يەرگە» دېگەندەك بىر قاتار شېئىرلىرى ئارقىلىق ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر ساداقىتىنى ۋە مېھرى - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

ئىككىنچى، خەلقپەرۋەرلىك. شائىر «گومىنداڭغا»، «شىڭ شىسەي سۈرىتىگە» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە زۇلۇم سېلىۋاتقان ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك خەلقپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۆچىنچى، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق. تاگجارىقنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىدىيىسى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر خىسلىتىگە قوشۇ- لۇپ، ئۇنى بىزگە ئاگلىق دېموكراتىزملىق ئىنقىلابچى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردىكى بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق چۈ- شەنچىسى بىر تەرەپتىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە قارشى جەڭ مەيدانلىرىغا تەڭ ئات سېلىشنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيە جەھەت- تىن ئويغۇنۇپ ماركسىزم تەشەببۇسچىلىرى بىلەن بىرلىشىشنى كۆرسەتتى.

شائىر تاگجارىقنىڭ مانا بۇ خىل ئوي — كۆز قاراشلىرى ئۇنىڭ «بىرلىك» ناملىق شېئىرىدا مەركەزلىك، سىستېمىلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇگا، بىز تاگجارىقنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر چۈشىنىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە سىڭدۇرۇلگەن ئىدىيىنىڭ يار- قىن گەۋدىلىنىشى بولغان «بىرلىك» ناملىق شېئىرىنىمۇ ئوبدان تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈر.

تاگجارىقنىڭ «بىرلىك» ناملىق شېئىرىنى مۇنداق ئۈچ بۆ- لەك بويىچە تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە مۇنداق مىسرالار بار:

چۈشىنىپ سۆزۈمنى ئوبدان ئويلىنىپ،
باشقىدىن ئىناق بولۇپ، زىچ ئۇيۇشۇپ.

تاگجارىق شىنجاگدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئادالەتسىزلىك- كە، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ يورۇقلۇققا، ئەركىنلىككە رىغبەتلەندۈرۈپلا قالماستىن، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىتتىپاق، ئىناق بولۇشقا چاقىرىدۇ. خەلق ئاممىسىغا «بىر يەگدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ» بىرلىكتە ئاتلانغاندىلا

يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ» بىرلىكتە ئاتلانغاندىلا
ھەقىقىي ئازادلىق غەلىبىسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تەش-
ۋىق قىلىدۇ. تاڭجارىقنىڭ بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان بىرلىك چۈ-
شەنچىسى ئۆزئارا كۆيىنىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا يول
قويۇش ئاساسىدىكى بىرلىك - ئىتتىپاقلىق قاراشلىرىدىن ئاللى-
قاچان ھالقىغان. ھالبۇكى، ئۆزئارا سەبداشلىق، ئۆزئارا تەقدىر-
داشلىق ھايات - ماماتتىكى بىرلىك مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان
بىرلىك چۈشەنچىسى ئىدى. بۇ تاڭجارىقنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاق-
لىق چۈشەنچىسىنىڭ بىرىنچى پەللىسىدۇر.

تاڭجارىق، ئۆز ھالاكىتىگە تەن بەرمەي، غالجىرلىشىۋاتقان
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانى بولغان شېڭ شىسەي
خەلققە ھەددى ھېسابسىز زۇلۇم ۋە خورلۇق سېلىۋاتقان بىر
دەۋردە ياشىدى. بۇ ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەت ئىلغار
زىيالىيلىرىنى تۇتقۇن قىلىش، تۈرمىگە سولاش، ئۇلارغا زىيان-
كەشلىك قىلىش يولى بىلەن ئۆزلىرىگە قارشى دېموكراتىك كۈچ-
لەرنى ھەدەپ باستۇرۇشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر مىل-
لەت خەلقى ئارىسىغا قەستەن تۇرلۇك زىددىيەت، نىزا ئۇرۇقلى-
رىنى چېچىپ، خەلق ئاممىسىنى پارچىلاش، قايمۇقتۇرۇش،
ئۇلارنىڭ سەلدەك كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش سۈيىقەستىدە يول
تۇتىۋاتاتتى. ئىدىيە جەھەتتە سۇن جۇڭشەننىڭ «ئۈچ مەسلەك»
كۆز قارىشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ
ئىلغار دېموكراتىك ئىنقىلاب نەزەرىيىلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەل-
قى ئارىسىغا تارقىلىشىنى جېنىنىڭ بېرىچە توسىۋاتقانىدى. ئۇ-
نىڭ ئەكسىچە بولسا تۇرلۇك تەتۇر، يالغانچىلىقلار بىلەن قارىنى
ئاق، ئاقنى قارا قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ ئاممىنى ئۆزلىرى-
گە تارتماقچى بولىۋاتاتتى. دېمەك، شېڭ شىسەينىڭ بۇ خىل
رەزىل قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېنىق چۈشىنىپ كۆرۈپ يەت-

كەن تاڭجارىق دېموكراتىك ئىنقىلاب مەيدانىدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىنقىلابىي جەڭچى بولۇشتەك بۈيۈك خىسلەتنە ئوتتۇرىغا چىقتى. خەلقنى گومىنداڭ ھىيلە - مىكىرلىرىگە ئالدانماسلىققا، ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار كۈچلەر بىلەن بولغان بىرلىك يولىغا دادىل مېڭىشقا چاقىرىق قىلدى. مەسىلەن، «بىرلىك» شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

بىرلىكنىڭ يوق بولسا ئاندا دۈشمىنىڭ
قولىدا كۈل بولىسەن شامدەك كۆيۈپ.

سابىق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچى قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، تاڭجارىقنىڭ يېقىن سىرداش سەپدىشى مەرھۇم يولداش ئەزىزۇپ قاسىمنىڭ «تاڭجارىقنى ئەسلىگەندە» ناملىق ماقالىسىدا «تاڭجارىق ئاتاغلىق شائىرلا ئەمەس، بەلكى ئىلغار ئىنقىلابچى ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ماۋزېدۇڭ ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى گەپلەرنى پات - پاتلا ئاڭلاپ قالاتتىم» دەپ يازغان. مانا بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە تاڭجارىقنىڭ جاللات شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ زۇلۇمىغا قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىشىدا، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىلغار دېموكراتىزم كۆز قاراشلىرى بىلەن بولغان بىرلىككە قورقماي، قىلچە ئىككىلەنمەي دەۋەت قىلىشى، چاقىرىشىدا ئىدىيە جەھەتتىن ماركسىزملىق توغرا جەمئىيەت قارىشىغا ئىگە بولۇشتەك مۇستەھكەم مەنىۋى ئاساس ھەم تۈۋرۈككە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇڭا، شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى تاڭجارىقنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقلىق ئوي - قاراشلىرىنىڭ يىلتىزى ھەقىقەتەن چوڭقۇر، ئۇنىڭغا يەنە پارتىيىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش، كەڭ ئىنقىلابىي بىرلىك سەپ تەشكىل قىلىشتەك دانا چاقىرىقلىرىنىڭ تەسىرىمۇ

سىڭگەن دېيىشكە بولىدۇ. مانا بۇ تاڭجارىقنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق ئوي ـ چۈشەنچىلىرىنىڭ ئىككىنچى پەللىسىدۇر.

تاڭجارىق بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقنى ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ تۆپ كاپالىتى دەپ قارىغان ۋاقىتتا، ناۋادا بىرلىك بولمىسا قانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن، يەنى «ياتىسەن مايسىز ئىلىك سۆڭەك كەبى، ئاي دالىدا ئىت ۋە قوزغۇنلار چوقۇپ» دەيدۇ.

بۇنداق كەسكىن، ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش ئەينى دەۋر شارائىتىدا ۋەزىيەتنى تېخىمۇ تولۇق چۈشىنىپ ئۆلگۈرەلمىگەن، ئىدىيىدە تىڭىرقاپ قېلىۋاتقان بىر قىسىم خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ خۇددى بىر نۇرلۇق يول كۆرسەتكۈچلۈك رول ئوينىغاندى.

تاڭجارىقنىڭ «بىرلىكسىزلىك ـ ھالاكەت» دەيدىغان دانا خۇلاسىغا كېلىشىدە يەنە مۇنداق بىر مۇھىم سەۋەب بار: تاڭجارىق 1922 ـ يىللىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەخسۇس ئېچىلغان «شۆتاڭ» ( 学堂 ) دېگەن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئۇ يەردە بىر نەچچە يىل تۇرۇپ ئىلىم ئۆگەنگەن، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئىنقىلاب چۈشەنچىلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. تاڭجارىق ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشتىكى مۇددىئاسىنى ئوچۇق قىلىپ «يېڭى دۇنيانى كۆرىمەن دەپ كەلدىم» دېگەن. ئۇ نەتىجىدە دۇنيادىكى ئۆز خەلقىگە ئوخشاش ئېزىلگەن ئەللەرنىڭ ھۆرلىكىنى، غەلىبىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئەمەلىيىتى بىلەن كۈرەش تەجرىبىلىرىنى پىششىق ئىگىلىدى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىلغار ۋەكىللىرىدىن چېن تيەنچۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇلارنىڭ دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب نەزەرىيىلىرىنىڭ تەسىرىنى تېزلا قوبۇل قىلىشقا، ئۇنى دەسلەپكى ئاساس بولدى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلى-

يەت جەھەتتىكى ئۆتۈق، تەشەببۇس جەھەتتىكى ئىلغارلىقلار تاڭ-جارىقنىڭ ئىدىيە ـ كۆز قاراشلىرىنى ئۆزلۈكسىز يېڭىلاپ ئىلگى-رىكى بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق تەسەۋۋۇرلىرىغا يېڭى ۋە چوڭقۇر مەنالارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنى مۇستەھكەم، توغرا بولغان مارك-سىزملىق كۆز قاراشقا يانداشتۇردى. شۇڭا، تاڭجارىق «بىر-لىك» شېئىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قەتئىي ئىشەنچ بىلەن بىرلىك چۈشەنچىسىنى ئۇلۇغلاپ مۇنداق يازىدۇ:

قايتىلاپ ئېيتاي، ئەگەر بىرلەشمىسەڭ،
كېتىسەن دۈشمەنگە تەييار يەم بولۇپ.
ئىگىسىز ماللارغا ئوخشاپ قالىسەن،
ئىشلىتەر ياۋ مەيلىچە ئۇرۇپ ـ سوقۇپ.

ئومۇمەن ئاتاغلىق شائىر، ئىنقىلابچى تاڭجارىقنىڭ «بىر-لىك» ناملىق شېئىرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت مىراسلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ شېئىردىن بىز تاڭجارىقنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق چۈشەنچىلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىلغار دېموكراتىزملىق ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئالىمىز. تېخىمۇ مۇھىمى، تاڭجارىقنىڭ ئېزىلگۈچى خەلقلەر ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىگە ماركسىزملىق يۈكسەكلىكتىن قارىيالايدىغان سەۋىيىدىكى شائىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئالالاي-مىز.

# «ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى»
# توغرىسىدا چۈشەنچە

ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى — ئومۇمەن ئەسەر ئىجاد قىلغۇچىنىڭ ئاپتورلۇق هوقۇق ـ مەنپەئىتىنىڭ قانۇنىي جەھەتتىن قوغدىلىشى ھەم كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزدە ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى 1991 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ قانۇننىڭ 1 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدا ئېنىق قىلىپ «جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ، ئىدارە ـ ئورۇن ياكى غەيرىي ئورۇنلار (قانۇنىي سالاهىيەت هازىرلىمىغان ئورۇنلار) نىڭ ئەسەرلىرى مەيلى ئېلان قىلىنغان ياكى ئېلان قىلىنمىغان بولسۇن، ئوخشاشلا مۇشۇ قانۇن بويىچە ئاپتورلۇق هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئاۋۋال دۆلىتىمىز ئىچىدە ئېلان قىلىنغان بولسا، مۇشۇ قانۇن بويىچە ئاپتورلۇق هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ دۆلىتىمىز سىرتىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى ئۆزى تەۋە بولغان دۆلەت بىلەن دۆلىتىمىز تۈزگەن كېلىشىملەردىكى ياكى بولمىسا ئىككى تەرەپ ئورتاق قاتناشقان خەلقئارالىق شەرتنامىلەردىكى ئىگە بولغان ئاپتورلۇق هوقۇقىغا ئاساسەن مۇشۇ قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

دېمەك، ئاپتورلۇق هوقۇقى شۇ ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن تەڭ شەكىللەنگەن بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كونكرېت بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئىجاد قىلىنغان ۋاقتى ئاپتورغا نىسبەتەن ئېيتقاندا شۇ ئەسەرگە قانۇنىي جەھەتتىن ئىگىدارچىلىق قىلىش

ھوقۇقى شەكىللەنگەن ۋاقتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرەر پارچە ئەسەر قانداق ئورۇندا، قانداق ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت ئېلىمىز پۇقراسى ۋە ياكى ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرىغا قاتنىشالايدىغان سالاھىيەتتىكى ئورۇن - تەشكىلات تەرىپىدىن يارىتىلىدىكەن، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى قوغدايدۇ.

ئاپتورلۇق ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ئېلان قىلىش ھوقۇقى، ئىمزاسىنى قويۇش ھوقۇقى، ئۆزگەرتىش ھوقۇقى، ئۆز ئەسىرىنى قوغداش ھوقۇقى (بۇ ئەسىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بۇرمىلىنىشى ياكى ناتوغرا مەنە بېرىلىشىگە نىسبەتەن ئاپتورنىڭ قوغداش ھوقۇقى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ)، پايدىلىنىش ۋە مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ھوقۇقى (پايدىلىنىش ھوقۇقى ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىنى قايتا بېسىش، ئورۇنلاش، ئاڭلىتىش، كۆرگەزمە قىلىش، تارقىتىش، كىنو - تېلېۋىزىيە، سىنئالغۇ فىلىمى قىلىپ ئىشلەش؛ ئۆزگەرتىش، تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش، تەھرىرلەش قاتارلىق شەكىللەردە ئۆز ئەسىرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ). ئەگەر باشقىلار يۇقىرىقى شەكىللەرنىڭ ھەرقانداق بىرسىدىن پايدىلانماقچى بولسا چوقۇم ئاپتورنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتورنىڭ مەنپەئەتدارلىقىغا ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن قارشى تەرەپ ئاپتورنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش مۇددىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنلىرىدا ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ھەر خىل چەكلەر بېكىتىلگەن. ئېلىمىزدە ئاپتورلۇق ھوقۇقى بولسا ئاپتورنىڭ سالاھىيەت ھوقۇقى ۋە مال - مۈلۈك (مۈلۈكدارلىق) ھوقۇقى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. سالاھىيەت (نام) ھوقۇقى كۆپىنچە دۆلەتلەر-

دىمۇ ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدىغان، ئاپتور ئالەمدىن ئۆتۈپ يۈز يىلدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان قىلىپ بېكىتىلگەن. ئېلىمىزنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ 3 ـ ماددا 20 ـ تارمىقىدا «ئاپتورنىڭ سالاھىيەت (نام) ھوقۇقى، ئۆزگەرتىش ھوقۇقى، ئۆز ئەسىرىنى قوغداش ھوقۇقى چەكلىمىلىككە ئۇچرىمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ناۋادا ئاپتور ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ نام سالاھىيىتى تەسىرگە ئۇچرىسا، ئاپتورنىڭ ھوقۇقلۇق ۋارىسلىرى قوغدىلىدىغان ئادەم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەسلىي سالاھىيىتى بىلەن ئەرز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

ئەمدى ئاپتورنىڭ مال ـ مۈلۈك (مەنپەئەتدارلىق) ھوقۇقىغا كەلسەك، ئېلىمىزنىڭ «ئاپتورلۇق ھـوقۇقى قـانۇنـى» نىڭ 3 ـ ماددا 21 ـ تارمىقىدا «پۈقرالارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېلان قىلىش، ئىشلىتىش، مەنپەئەتدارلىقتا ئىگە بولۇش ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىش مۇددىتى ئاپتور ئۇچۇن ئۆمۈرلۈك بولغاننىڭ سىرتىدا، ئاپتور ئالەمدىن ئۆتۈپ 50 يىلغىچە بولىدۇ. 50 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بۇ مۇددەت ئەمەلدىن قالىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئاپتور دېگەن بۇ ئۇقۇم شەخس ۋە ئورۇندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەر يەككە بىر شەخس تەرىپىدىن يارىتىلغاندا ئۇنىڭ ئاپتورى شەخس بولىدۇ ـ دە، بۇ يەردىكى ئاپتورلۇق ھوقۇقىدىن پەقەت شۇ شەخس بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ئۆزى ئالەمدىن ئۆتۈپ 50 يىلغىچە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئاپتور 1989 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋاپات بولغان بولسا، ئۇنىڭ سالاھىيەت ھوقۇقى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ئەمما، مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقى بولسا 2039 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەر مەلۇم ئورۇن، كوللېكتىپ، ئىدارىلەر

تەرىپىدىن يارىتىلىدىغان ئەھۋاللار بىزگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەسەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى شۇ ئورۇنغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئەمما، ئەسەر ئاپىرىدە قىلغۇچى ئورۇن چوقۇم مۇستەقىل ھەق ـ تەلەپ ئىشلىرىغا قاتنىشالايدىغان قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئەگەر ئەسەر پۈتۈپ بولغان، لېكىن شۇندىن كېيىنكى 50 يىل ئىچىدە ئېلان قىلىنمىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ خىل ئەسەرنىڭ مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقى كاپالەتلەندۇرۇلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ ئېلان قىلىشىغا، ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ كۆپلىگەن كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى سالاھىيەت (نام) ھوقۇقىغا ئىگە بولسىمۇ، مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى. چۈنكى، قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە قارىغاندا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىش مۇددىتى ئاللىقاچان توشۇپ بولغان. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئەسەرلەر بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش، رەتلەش، پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ھەر بىر ئادەم ھوقۇقلۇقتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، يېزىق ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەقلىي مۈلۈك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. ھەر قانداق بىر شەخس ياكى ئورۇن بىر ئەسەرنى ئىشلەتمەكچى ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تىجارەت خاراكتېرلىك پائالىيەت ئېلىپ بارماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن چوقۇم مەزكۇر ئەسەر ئاپتورىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى ياكى ئاپتورنى تېگىشلىك مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئاپتورنىڭ چەكلەش، توسۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

«ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى» نىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئىنتايىن كۆپ. بۇ قانۇن ئەسەر ئىجاد قىلغۇچىنى قوغداش بىلەن بىللە بۇ ئەسەردىن پايدىلىنىپ تىجارەت خاراكتېرلىك پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىمۇ قانۇنىي هوقۇقتا ئىگە قىلىدۇ. هازىر تېلېۋىزىيە، سەھنىلىرىمىزدە، ئۈنئالغۇلىرىمىزدا نۇرغۇن شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىغا ئىشلەنگەن ناخشىلار كۆپلەپ ئېيتىلىۋاتىدۇ. هېچقايسىسى ئاپتورنىڭ مەنپەئەتدارلىق هوقۇقى بارلىقىدنى، ئۆزلىرى سەھنىمۇ سەھنە يۈرۈپ، ناخشا ئېيتىپ تاپقان پۇللىرىدا كىمنىڭ قانداق قانۇنىي هەققى بارلىقىنى خىيالىغا كىرگۈزمەيۋاتىدۇ. بۇ تەرەپكە يالغۇز ئاپتورلارلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماستىن، تەييار ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىۋاتقان سەنئەت تىجارەتچىلىرىمىزمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر. ئەسەرلەردىن تىجارەت خاراكتېرلىك پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئەسلىي ئاپتوردا ئېلان قىلىش هوقۇقى، ئىشلىتىش هوقۇقى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىنىش هوقۇقى قاتارلىق ئۈچ خىل هوقۇقىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، بۇ هوقۇقلارنىڭ ئاپتور ۋاپات بولۇپ كەتكەن كۈندىن هېسابلاپ يەنە 50 يىل قانۇن تەرىپىدىن مۇتلەق قوغدىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

# «ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى» نىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى

ئەقلىي مەھسۇلاتلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىشى ئاخىر «ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى» دىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە قانۇننى 1709 ـ يىلى ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلتۈردى. بۇ قانۇن دۇنيا بويىچە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ياراتقان ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلىشنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرىدىغان بىر-دىنبىر نىزام ئىدى. 1709 ـ يىلى، ئەنگلىيە پارلامېنتى ئەقلىي ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىش، ئاپتور ۋە ئەسلىي نۇسخىسىنى ساتقۇ-چىلارنى بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە مەخسۇس كۆپەيتىپ بېسىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، بىر قانۇن لايىھىسى ما-قۇللىغان ھەم 1710 ـ يىلىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلغان. مانا بۇ قانۇندا، ئاپتور تۇنجى قېتىم ئەسەرنىڭ قانۇنىي مەنپەئەت-دار ئىگىسى قىلىپ بېكىتىلگەن.

شۇندىن كېيىن، دۇنيادا مۇشۇ قانۇن ئاساسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

ئىككىنچى بولۇپ ئامېرىكا مۇستەقىل بولۇپلا 1790 ـ يىلى دۆلەت مەجلىسى فېدېراتسىيە نەشر هوقۇقى قانۇنىنى ماقۇللىدى ۋە يولغا قويدى. ئامېرىكا بۇ قانۇننى تاكى 1909 ـ يىلىغىچە ھېچقانداق ئۆزگەرتمەي يولغا قويۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى قىسقىغىنە 80 يىلدا تۆت قېتىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. فرانسىيىدە 1719 ـ يىلى «ئورۇنداش پەرمانى» ئېلان قىلىندى. فرانسىيىنىڭ ئەنئە-

نۆۋى تىياتىرچىلىق ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ چىقىرىلغان بۇ پەرماندىمۇ يەنىلا ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنىنىڭ مەزمۇنلىرى شەرھلەنگەنىدى. فرانسىيە بۇ پەرمانغا 1793 ـ، 1957 ـ، 1985 ـ يىللىرى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ يولغا قويۇپ كەلمەكتە. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاپتورلـۇق ھـوقـۇقى قانۇنى 1925ـ يىل 1ـ ئاينىڭ 30ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان. 1928 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ قانۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا بىر لا ۋاقىتتا «سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپتورلۇق ھوقۇقى نىزامى» ئېلان قىلىنغان ھەم يولغا قويۇلغان. ياپونىيىدە 1971 ـ يىلى، ئىتالىيىدە 1925 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان.

نۆۋەتتە مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەردە ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلماقتا. پەقەت ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىكى، چاۋشيەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەتتە تېخى بۇ قانۇن تۈرغۇزۇلۇپ يولغا قويۇلمىدى.

«ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىدىن بىزگە شۇ نەرسە روشەنكى، بىرىنچىدىن، ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇ داۋاملىق مۇكەممەللىشىپ «ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ» بارىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش بىر خىل تەرەققىيات يۈلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ شۇ دۆلەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ئىجادىيىتىنىڭ رولىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ سانالماقتا.

## تۇنجى خەلقئارالىق ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇ- نى — «بېرن ئەھدىنامىسى» توغرىسىدا

18 - ئەسىر ۋە 19 - ئەسىر ئارىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىزملىق ئىنقىلابلارنىڭ تەسىرىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت - سەنئەت ئالاقىلىرى زور دەرىجى- دە كۈچىيىپ باردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈۋېلىش، ئوغرىلىقچە ئىشلىتىش ھەم تارقى- تىش ھادىسىلىرى كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى. بۇنداق ئەھۋاللارنى توسۇش ئۈچۈن، گەرچە خېلى كۆپ ئەللەر ئۆز ئالدىغا نەشر ھوقۇقى قانۇنلىرىنى تۈزگەن بول- سىمۇ، لېكىن بۇ قانۇنلار ئاساسەن ئۆز مەنپەئەتىنىلا چىقىش قىلغانلىقتىن قارشى تەرەپ يەنىلا دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراۋەردى.

يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، دۆ- لەتلەر بىلەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا قارشى تەرەپ پۇقرالى- رىنىڭ نەشر ھوقۇقىنىمۇ قوغدىيالايدىغان كېلىشىملەرنىڭ تۈزۈ- لۈشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن «ئەدە- بىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ خەلقئارالىق جەمئىيىتى» بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينىدى. بۇ جەمئىيەت 1882 - يىلى ھەر قايسى دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ نەشر ھوقۇقىنى ئورتاق كاپالەت- لەندۈرۈشنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىدىغان بىر خەلقئارالىق يى- غىن ئۇيۇشتۇردى ھەم بۇ ھەقتىكى بىر خەلقئارالىق ئەھدىنامى- نىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. 1886 - يىلىغا كەلگەندە شۋېت- سارىيىنىڭ پايتەختى بېرىندا بۇ لايىھە ھەرقايسى ئەللەر تەرىپىدىن

ئېتىراپ قىلىنىپ تەستىقلاندى ۋە «بېرن ئەھدىنامىسى» دەپ ئاتالدى.

«بېرن ئەھدىنامىسى» نىڭ تولۇق ئاتىلىشى «ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنى قوغداش بېرن ئەھدىنامىسى». بۇ ئەھدىنامە تۈزۈلۈپ بۈگۈنگىچە بولغان يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئىككى قېتىم تولۇقلاندى، تۆت قېتىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. ھازىرقىسى 1971 ـ يىلى پارىژ يىغىنىدا تولۇقلانغان نۇسخىسى. بۇ ئەھدىنامىگە ھازىرغىچە جەمئىي 84 دۆلەت ئەزا بولدى.

«بېرن ئەھدىنامىسى» نىڭ مەزمۇنى مول، ئۇ ئەڭ دەسلەپكى نەشر ھوقۇقىنى خەلقئارالىق قوغداش ساھەسىدىكى بىردىنبىر دۇنيا خاراكتېرلىك كۆپ تەرەپلىمە ئەھدىنامە بولۇش سۈپىتى بىلەن نەشر ھوقۇقىغا ئالاقىدار بولغان بارلىق چېگىش ھەم نازۇك مەسىلىلەرگە قارىتا تۇنجى قېتىم ئېنىق، تەپسىلىي جاۋاب بەرگەن. ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆز ئالدىغا ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنلىرىنى تۈزگەندە يەنىلا مۇشۇ ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئاساس قىلىشتى ياكى ئۇنىڭغا ياندىشتى. 1952 ـ يىلى، جەنۋەدە مەيدانغا كەلگەن «دۇنيا نەشر ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» مۇ مۇنداقچە ئېيتقاندا «بېرن ئەھدىنامىسى» نى مەزمۇن ۋە دائىرە جەھەتتىن تېخىمۇ تولۇقلاپ ھەم كېڭەيتىپ، ئۇنى يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەشپىيات دۇنياسى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «بېرن ئەھدىنامىسى» نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئەقلىي مۈلۈك ھاسىلاتلىرىغىچە تەدبىقلاشتۇرۇلۇشىنىڭ يېڭىچە ئىپادىسى ئىدى.

# «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى»دا ئەسەر ھەققىدە تەكىتلەنگەن مەزمۇنلار

ئەسەر «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى»دا ھەممىنىڭ مەركىزىدە تۇرىدۇ. شۇڭا، شۇ ئەسەرنىڭ تۈرى، ژانىرى، مەزمۇنىغا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» دا ناھايىتى ئىنچىكە، تەپسىلىي چۈشەنچىلەر بېرىلگەن. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى مۇھىم مەزمۇنلار ئۈستىدە توختىلىمىز:

**بىرىنچى، ئەسەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر**

(1) ئەسەر چوقۇم ئەدەبىيات - سەنئەت ياكى باشقا بارلىق ئىلىمگە ئائىت مەزمۇنغا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈشىنىكسىز، قالايمىقان يېزىپ قويۇلغان نەرسىلەر «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ قوغدىشىدىكى ئەسەر بولالمايدۇ.

(2) ئەسەر چوقۇم ئىجادىيلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئېلىمىزنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ 1 - ماددا 3 - تارمىقىدا «مەزكۇر قانۇندا كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەر ئەدەبىيات - سەنئەت، تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن، بىناكارلىق تېخنىكىسى قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلەردە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ ئېنىق چۈشەنچە بېرىلگەن.

(3) چوقۇم مۇقىم ماددىي شەكىلگە ئىگە بولۇشى شەرت. مەسىلەن، يازما ئەسەر، رەسىم، فوتو سۈرەت، ئۈنئالغۇ قاتارلىقلار.

## ئىككىنچى، ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى

«ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» دا ئەسەرلەر ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تۈر، گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى مۇنۇلار: (1) ئەسەرنى ئىجاد قىلغۇچىلارغا قاراپ ئايرىش. بۇنىڭدا ئەسەر ئېلىمىز پۇقرالىرى (شەخسلەر) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولسا، بۇنداق ئەسەر تەبىئىي شەخس ئەسىرى، دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر مەلۇم قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە ئىدارە، كوللېكتىپ تەرىپىدىن يارىتىلغان بولسا بۇنداق ئەسەر ئىدارە - كوللېكتىپنىڭ ئەسىرى، دەپ قارىلىدۇ.

(2) ئىجاد قىلغۇچىلارنىڭ سانىغا قاراپ ئەسەرلەر شەخس تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئەسەر ۋە بىرلىكتە ئىجاد قىلىنغان ئەسەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

(3) ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنىش شەكلىگە قاراپ، ئەسلىي ئەسەر ۋە قايتا ئىجاد قىلىنغان ئەسەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئەسلى ئەسەر دېگىنىمىز، بىرىنچى قېتىم ئىجاد قىلىنغان ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇ بىرىنچى قېتىم ئىجاد قىلىنغان ئەسەر ئاساسىدا ئۆزگەرتىلىپ، تولۇقلىنىپ ئىجاد قىلىنىپ بارسا، كېيىنكىلىرى قايتا ئىجاد قىلىنغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر ھېكايىنى كىنو سېنارىيىسىگە ئۆزگەرتسە، ئاندىن سېنارىيە ئاساسىدا كىنو فىلىمى قىلىپ ئىشلىسە، ئاندىن ئۇنى يەنە كارتون فىلىم ياكى سۈرەتلىك كىتابچە قىلىپ ئىشلىسە.

(4) ئەسەرنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىدىغان - ئېرىشمەيدىغانلىقىغا قاراپ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىدىغان ئەسەر ياكى ئېرىشمەيدىغان ئەسەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، قانۇن تەرىپىدىن بېسىش، تارقىتىش چەك-

لەنگەن ئەسەرلەر ياكى قانۇن تەرىپىدىن بېسىش، تارقىتىش چەكلەنمىگەن ئەسەرلەر، «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ قوغداش مۇددىتى توشقان، توشمىغان ئەسەرلەر... دېگەندەك تۈرلەرمۇ بار.

### ئۈچىنچى، شەخسلەرنىڭ دائىرىسى

ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» دا ئەسەرلەرنى ئۆزئارا پېقىنلىقى بويىچە مەلۇم دائىرىگە يىغىنچاقلىغان. ئېلىمىزنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» دا ئەسەرلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەنلەر، بىناكارلىق، تېخنىكا پەنلىرى دېگەن تۈرلەرگە يىغىنچاقلانغان. بۇلار مۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) يازما ئەسەرلەر. مەسىلەن، خەنزۇ يېزىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقى، ئەمالار يېزىقى، چەت ئەل يېزىقىدىكى ئەسەرلەر، (2) ئېغىز ئەسەرلىرى. مەسىلەن، ئېغىزدا بايان قىلىنىدىغان ئەسەرلەر بولۇپ، خەلق ھېكايىلىرى، رىۋايەتلەر، خەلق ناخشىلىرى، ماقال - تەمسىللەر، يەنە دەرسخانىدا سۆزلەنگەن دەرس، سۆزلەنگەن نۇتۇق قاتارلىقلار. (3) مۇزىكا، تىياتىر، ئەلنەغمە، ئۇسسۇل ئەسەرلىرى. (4) گۈزەل - سەنئەت، فوتو سۈرەتلەر. (5) كىنو - تېلېۋىزىيە، سىنئالغۇ ئەسەرلىرى. (6) قۇرۇلۇش لايىھىسى، مەھسۇلات لايىھىسى، سىخېمىسى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى. (7) يەر شەكلى خەرىتىسى، بىرەر مۇھىم ئورۇننىڭ كونكرېت خەرىتىسى. (8) ھېسابلاش ماشىنىسى يۇمشاق دېتاللىرى. (9) قانۇن، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردا بېكىتىلگەن باشقا ئەسەرلەر.

# ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشنىڭ شەكىللىرى ۋە تۈرلىرى

ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئاپتور ۋە باشقا ئاپتورلۇق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان تەرەپلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي مۈلكىگە قارىتا بەھرىمەن بولىدىغان مەخسۇس پايدا - مەنپەئەت ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش شەكىللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. (1) ئاپتور ياكى ئاپتورلۇق ھوقۇقى بولغان تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ شۇلارغا تەۋە ئەسەرنى ئېلان قىلىش. (2) ئۆزى ئەسەر ئىجادىيىتىگە قاتناشمىغان تۇرۇقلۇق ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن باشقىلارنىڭ ئەسىرىگە ئۆز ئىسىم - فامىلىسىنى يېزىش. (3) مەزكۇر ئورۇن ياكى ئۆزى بىلەن ھەمكارلاشقان تەرەپلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، شۇ ئورۇن، كوللېكتىپ ياراتقان ئەسەرنى ياكى باشقىلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ياراتقان ئەسەرنى يالغۇز ئۆزىنىڭلا نامىدا ئېلان قىلىۋېلىش. (4) نورمال بولمىغان ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ باشقىلار ئىجاد قىلغان ئەسەرلەرگە ئۆز ئىمزاسىنى قويۇۋېلىش ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىش، ئەسلىي ئاپتورنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى قەستەن يوشۇرۇش. (5) ئەسلىي ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇن، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسلۇبلىرىغا چېتىلىدىغان دائىرىدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش، باشقىلارنىڭ ئەسىرىگە خاتا مەنە بېرىش ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىش. (6) ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى تارقىتىشنى توختىتىشنى بۇيرىغان، تەلەپ قىلغان ئەھۋالدا تارقاتقۇچى باشقا يوللار بىلەن داۋاملىق تارقىتىش. (7) ئاپتورلۇق ھوقۇقى بار بولغان

تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئەسەرنى نەشر قىلىش،
كۆپەيتىش، ئۇنىئالغۇ لىنتىسىغا ئېلىش، ئورۇنلاش، ئاڭلىـ
ـتىش، كۆرگەزمە قىلىش، تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش ۋە
كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئىشلەش. (8) باشقىلارنىڭ
ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش يولى بىلەن
كۆپەيتىلگەن ئەسەرلەرنى ئىمپورت قىلىش ۋە تارقىتىش. (9)
ئەسەرنى ئىشلەتكەندە، ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇندىكى بەلگىلىمە
بويىچە ئەسلىي ئاپتور ياكى ئاپتورلۇق ھوقۇقى بار بولغان تەرەپـ
ـنىڭ مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى رەت قىلىش.
ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشلىـ
ـرى ئىچىدە خەلقئارادا ئەڭ كۆپ سادىر بولۇپ تۇرىدىغىنى باشقىـ
ـلارنىڭ ئەسىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ياكى كۆچۈرۈۋېلىش قىلىـ
ـمىشىدۇر. بۇ ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ پەقەت
ئاپتورنىڭ مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىغىلا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈپ
قالماستىن، يەنە ئاپتورنىڭ نام ـ سالاھىيىتىگىمۇ دەخلى ـ
تەرۇز يەتكۈزىدۇ. ئەسەر ئىشلىتىشنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا
دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەن ـ يەتكۈزمىگەنلىكى ئاساسلىقى ئەسەر
نى ئىشلىتىش شەكلىگە، مەقسىتىگە، ئىشلىتىش نۇقتىسىغا قا
راپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، سىز بىر پارچە كىتابنى سېتىـ
ـۋالغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن، مەزكۇر
كىتابنى كۆپەيتىپ باسسىڭىز، مەزمۇنىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىپ ئامـ
ـمىۋى سورۇنلاردا ئاڭلاتسىڭىز ياكى باشقا تىجارەت خاراكتېرلىك
پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ئاپتورلـۇق
ھـوقـۇقىغـا دەخلى ـ تەرۇز قىلمىشى شەكىللەندۈرگەن بولىـ
ـسىز. ئادەتتە بىر كۆپلىېت شېئىرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئاپتور
لۇق ھـوقـۇقىغـا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشى شەكلىگـ
ـە قـاراپ بىۋاستـە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش ۋە ۋاستىلىق
دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىز

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن توققۇز تۈرلۈك ئىپادىلىنىش شەكلى ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا بىۋاسىتە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئېلىمىزنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ 5 - ماددىسىنىڭ 45 - تارمىقىدا «بۇنداق قىلمىشلار دەخلى - تەرۇز قىلىشنى دەرھال توختىتىش، تەسىرىنى تۈگىتىش، ئوچۇق - ئاشكارا ئەپۇ سوراش، زىيانىنى تۆلەپ بېرىش قاتارلىق خەلق ئىشلىرىغا دائىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىنىڭ سىرتىدا، ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى تەرىپىدىن يەنە مەمۇرىي جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

# ئەسەرنى «يوللۇق ئىشلىتىش» قانداق بولىدۇ؟

ئاپتورلۇق هوقۇقى بىر پارچە ئەسەرگە نىسبەتەن بۇ ئەسەرنى پۈتۈنلەي مونوپول قىلىۋېلىشنى كۆرسەتمەيدۇ. ئاپتورلۇق هوقۇقىنىڭمۇ مەلۇم چېكى بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەسەرنى ئوقۇپ تەربىيىلىنىشى، بىلىم ئېلىشى، هۇزۇرلىنىشى شۇنىڭدەك مۇۋاپىق ئېهتىياجىنى قاندۇرۇشقا يول قويىدۇ. شۇڭا، ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنىنىڭ رولى ئاپتور ۋە ئاپتورلۇق هوقۇقى بار بولغان تەرەپ بىلەن ئەسەر ئىشلەتكۈچى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ كېلىشتۈرۈشنى، شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر ئالاهىدە ئېهتىياج ۋە ئەهۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، هەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنىدا، دائىرىسى گەرچە پەرقلىنىسىمۇ «يوللۇق ئىشلىتىش» دېگەن بىر خىل ئۇقۇم ئالاهىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئادەتتە ئەركىن پايدىلىنىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لېكىن، بۇ خىل پايدىلىنىشنىڭمۇ تۈرلۈك شەرتلىرى بار. ئېلىمىزنىڭ «ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى» نىڭ 4 ـ ماددىسىنىڭ 22 ـ تارمىقىدا ئەسەرنى يوللۇق ئىشلىتىش شەرتلىرىنى مۇنداق كۆرسەتكەن: «تۆۋەندىكىدەك ئەهۋالدا ئەسەر ئىشلەتكەندە، ئاپتورلۇق هوقۇقىغا ئىگە تەرەپنىڭ رۇخسىتىنى ئالمىسىمۇ، مەنپەئەتدارلىق هوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرمىسىمۇ بولىدۇ. بىراق ئاپتورنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى ۋە ئەسەر نامىنى ئەسكەرتىش كېرەك: (1) باشقىلارنىڭ ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەندە. (2) مەلۇم بىر ئەسەرنى تونۇشتۇرۇش، باهالاش ياكى مەلۇم مەسىلىنى چۈ-

شەندۇرۇش ئۇچۇن باشقىلارنىڭ ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلى-
رىدىن پارچە ئېلىپ ئىشلەتكەندە. (3) ۋەزىيەت، ئىقتىساد-
لىقلىرى خەۋەرلىرىنى خەۋەر قىلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن گې-
زىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدا ياكى ئاخبارات
ھۆججەتلىك فىلىملىرىدە باشقىلارنىڭ ئېلان قىلىنىپ بولغان
ئەسەرلىرىنى ئىشلەتكەندە. (4) گېزىت - ژۇرنال، رادىئو -
تېلېۋىزىيىلەردە ئېلان قىلىنىپ بولغان ماقالىلەرنى باسقان ياكى
ئاڭلاتقاندا (ئاپتور بېسىشقا، ئاڭلىتىشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلى-
رى بۇنىڭ سىرتىدا). (5) مەكتەپلەردە دەرسخانا ئوقۇتۇشى
ياكى پەن - تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئېلان قىلى-
نىپ بولغان ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا ياكى ئاز مىقداردا
كۆپەيتكەندە (بۇنىڭدىكى شەرت ئوقۇتقۇچى ياكى پەن - تەتقىقات
خادىملىرىنىڭ ئۆزىلا ئىشلىتىشى، نەشر قىلىپ تارقاتماسلىقى
كېرەك). (6) دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت خىزمىتىنى يولغا
قويۇش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرىنى
ئىشلىتىشى. (7) كۇتۇپخانا، ئارخىپ ئورۇنلىرى، خاتىرە سا-
رايلىرى، مۇزېي، گۈزەل - سەنئەت سارايلىرى قاتارلىقلار ئى-
زىپ قويۇش ياكى باسما نۇسخىسىنى ساقلاپ قويۇش ئېھتىياجى
ئۈچۈن ئۆزلىرى ساقلاۋاتقان ئەسەرلەرنى كۆپەيتكەندە. (8) ئې-
لان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرىنى ھەقسىز ئورۇندىغاندا. (9)
ئاممىۋى سورۇنلارغا تىزىپ قويۇلغان سەنئەت ئەسەرلىرىنى سى-
زىۋېلىش، سۈرەتكە تارتىۋېلىش، سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىش پائالى-
يەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغاندا. (10) ئېلان قىلىنىپ بولغان
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىغا تەر-
جىمە قىلىپ دۆلىتىمىز ئىچىدە نەشر قىلىپ تارقاتماقچى بولغان-
دا. (11) ئېلان قىلىپ بولغان ئەسەرلەرنى ئەمالار يېزىقىغا
ئۆزگەرتىپ نەشر قىلماقچى بولغاندا» . دېمەك، يۇقىرىقى شەرت-
لەرگە ئۇيغۇن بولغان ھالدىكى نەشر قىلىش، ئورۇنداش، ئۇن-

ئالغۇ، سىنئالغۇلارغا ئېلىش، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىش، رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا ئاڭلىتىش ۋە كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى ئەسەرگە نىسبەتەن يوللۇق ئىشلىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق يوللۇق ئىشلىتىشنى «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» قوغدايدۇ.

# خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە «ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى»

خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ «ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى» نىڭ قوغداش دائىرىسىگە كىرىش ـ كىرمەسلىكىگە سەۋەب بولۇۋاتقان تەرەپلەر كۆپ خىل. هازىر ئاساسلىق كۆز قاراش ئۇنىڭ ئاپتورسىزلىقى بىلەن ئۆزگىرىشچانلىقى ئۈستىگە مەركەزلىشىۋاتىدۇ. لېكىن، ئېنىق بىرلىككە كەلگەن قاراش تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بەزى دۆلەتلەر «ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى» نى ماسلاشتۇرۇپ قوغداپمۇ باقتى. يەنە بەزى دۆلەتلەر ئايرىم بەلگىلىمە تۈزۈش يولى بىلەن قوغدىماقچى بولۇشتى. ئەمما، هېچقايسىسى مۇۋاپىق بىر ئۇسۇلنى تاپالمىدى.

1980 ـ يىللارغا كەلگەندە، ب د ت نىڭ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتى بىلەن دۇنيا ئەقلىي مۈلۈك هوقۇقى تەشكىلاتى بىرلىكتە خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى قوغداش، ئادالەتسىز پايدىلىنىش ۋە باشقا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش هەرىكەتلىرىنى چەكلەيدىغان دۆلەت ئىچكى قانۇنلىرىنىڭ «ئۈلگە قانۇن ـ نىزامى» نى تۈزۈپ تارقاتتى. بۇ «ئۈلگە قانۇن ـ نىزام» نىڭ 2 ـ ماددىسىدا: «خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ئەنئەنىۋى سەنئەتتىن مىراس قالغان ئالاھىدە ئامىللاردىن تەشكىللەنگەن» دەپ كۆرسىتىلگەن هەمدە بۇ خىل ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلگەن: (1) ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان شەكىل. مەسىلەن، خەلق هېكايە، چۆچەك، قوشاقلىرى، ماقال ـ تەمسىللەر. (2) مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدى-

غان شەكىل. مەسىلەن، خەلق ناخشىلىرى، چالغۇ كۈيلىرى. (3) ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلىنىدىغان شەكىل. مەسىلەن، خەلق ئۇسسۇللىرى، خەلق ئويۇنلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك شەكىللەردىكى خەلق سەنئەت نومۇرلىرى. (4) مەلۇم شەكىللىك ئىپادىلىنىش شەكلى. مەسىلەن، ھۆسنخەت، ھەيكەلتىراشلىق، ئويمىچىلىق، ياغاچ ئويما، قاشتاش زىننەت بۇيۇملىرى، توقۇلما بۇيۇملار، گىلەم، مىللىيچە كىيىم - كېچەك شەكىللىرى، مىللىي مۇزىكا ئەسۋابلىرى، بىناكارلىق سەنئەت شەكىللىرى.

دېمەك، ب د ت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بۇ «ئۈلگە قانۇن - نىزام» دا خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى (شەخس) بولمىسىمۇ، لېكىن تەۋەلىك ھوقۇقى بولىدىغانلىقى، يۇقىرىقىدەك شەكىللەردە بۇ خىل تەۋەلىك ھوقۇقى قوغدىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تەۋەلىك ھوقۇقى ۋە مال - مۈلۈك ھوقۇقى ئۇنى ئىجاد قىلغان، ساقلاپ كەلگەن، راۋاجلاندۇرۇپ بېيىتىپ كەلگەن ئىجتىمائىي توپقا ياكى مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. بۇ خىل تەۋەلىك ھوقۇقى ۋاقىت جەھەتتىن چەكلىمىلىككە ئۇچرىمايدۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك بولىدۇ. مال - مۈلۈك ھوقۇقىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىزدە ئادەتتە ئەنئەنە ياكى بىر خىل ئادەتلىنىش تۈپەيلىدىن باشقا ئىجتىمائىي توپ ياكى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىختىيارىي ئورۇنداش، ئىشلىتىش ھادىسىلىرى خېلى قويۇق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا بىزمۇ ئەلۋەتتە بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەۋەلىك ھوقۇقى مەنسۇپ بولغان تەرەپلەردىن ئىجازەت ئېلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، دەپ قارايمىز. بۇ مەلۇم نۇقتىدىن ئالدىنقى مەزمۇنلاردىكى «يوللۇق ئىشلىتىش» كىمۇ كىرىدۇ. ناۋادا پايدا - مەنپەئەت قوغلىشىپ، ئادەتتىكى ئادەت دائىرىسىدىن ھالقىپ بىرەر توپ ياكى مىللەتنىڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرىنى ئىشلەتمەكچى

بولسا، چوقۇم ئاشۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى باشقۇرغۇ-
چى تارماقتا ياكى مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي توپقا مەلۇم قىلىپ
رۇخسىتىنى ئېلىش كېرەك. مەسىلەن، چەت ئەلدە بېسىلغان شۇ
دۆلەتنىڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ قايتا بېسىل-
غان نۇسخىسىنى ياكى تەرجىمە نۇسخىسىنى ئۆزگەرتىلگەن، تو-
لۇقلانغان نۇسخىلىرىنى شۇ دۆلەتتىكى خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئەسەرلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل تارماقلارنىڭ رۇخسىتىدىن
ئۆتمەي تۇرۇپ ئىمپورت قىلىشقا ياكى دۆلەت ئىچىدە تارقىتىشقا
بولمايدۇ.

ئېلىمىزدە خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن
«ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە بەزىلەر،
بۇ خىل ئەسەرلەر دەۋرلەردىن بۇيان كېلىۋاتقان، شەكلى ئۆزگى-
رىپ تۇرىدىغان، ئاپتورىنىمۇ بېكىتكىلى بولمايدىغان ئەسەرلەر-
دۇر. شۇڭا «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نى بۇنداق ئەسەرلەرگە
تەدبىقلىغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە، بەزى كلاسسىك
نادىر ئەسەرلىرىمىز ئەسلىدە خەلق ھېكايە، رىۋايەتلىرىنى ئېلىپ-
مېنت قىلغان. يەنە بەزى كىنو ـ فىلىملىرىمىزدە خەلق
ناخشا ـ مۇزىكىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان تەرەپلەر كۆپ.
مانا بۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بىر تەرەپتىن، بىھۇدە ئاۋارىچى-
لىق كۆپىيىشى مۇمكىن. تېخىمۇ مۇھىمى، يازما ئەدەبىياتنىڭ
تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئېلىمىز
مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى مۇشۇنداق پاسسىپ ئەھۋاللارنىڭ كې-
لىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە 1984 ـ يىلى «كى-
تاب ـ ژۇرنال نەشر ھوقۇقىنى قوغداشنى سىناق تەرىقىسىدە
يولغا قويۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. «چارە» نىڭ 10 ـ
ماددىسىدا «خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە باشقا خەلق ئەنئەنىۋى
ئەسەرلىرىنىڭ رەتلىنىش، نەشر قىلىنىش ھوقۇقى ئەسلىدىكى
رەتلىگۈچىدە بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان ۋاقىتتا،

ئۆزىنى ئاساسلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىنى ئەسكەرتىشى،
شۇنداقلا تەمىنلىگۈچىگە ئەمگىكىگە قاراپ مۇۋاپىق ھەق بېرىشى
كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردە قوغدى-
لىۋاتقىنى ئاشۇ ئەسەرلەرنى رەتلىگۈچى ھەم ماتېرىيال بىلەن
تەمىن ئەتكۈچىلەردۇر. ھەرگىز مەلۇم شەخس ياكى كوللېكتىپ
ئەمەس. ئىككىنچى خىلدىكى قاراشتىكىلەر بولسا، ئېلىمىزنىڭ
خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىنتايىن مول ئىكەنلى-
كىنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭمۇ مول ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات -
سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلق
ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىگىمۇ ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى يولغا
قويۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق قاراشنىڭمۇ
ئورۇنلۇق تەرەپلىرى بار. ئېلىمىزنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇ-
نى» نىڭ 6 - ماددىسىدا «خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى-
نىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى قوغداش چارىسى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن
ئايرىم بېكىتىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇ-
كى، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى مەخسۇس باشقۇر-
غۇچى تارماقلار ھازىرچە مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملار بويىچە
ئۆز ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ تۇرۇشقا بولىدۇ. ئەگەر باشقىلار
ئۇنىڭدىن تىجارەت خاراكتېرلىك، پايدا خاراكتېرلىك يول بىلەن
پايدىلانماقچى، تارقاتماقچى بولىدىكەن، خەلق ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئەسەرلىرىنى باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى
لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىرى:  مۇختار مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى:  مۇنىرە مۇساجان
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:  ئەكبەر سالىھ

# ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېڭىلىقلار

ئاپتورى:  ئەكبەر قادىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق نازارىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.75 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2001 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3.000
ISBN7—228—06755—X/I.2471
باھاسى:  15.00 يۈەن